سىدىقھاجى روزى

# ئۇيغۇرنىڭ ئورنى نەدە؟

(3)

ئۇيغۇر باھارى نەشرىياتى

سىدىقھاجى روزى ئەسەرلىرى

# ئۇيغۇرنىڭ ئورنى نەدە؟

# (3)

ئۇيغۇر باھارى
Uyghur Bahari

ئاپتورى: سىدىقھاجى روزى

تۈزىتىپ تەھرىرلىگۈچى: سىدىقھاجى روزى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: تۇرغۇنجان ئابدۇلئەھەد

مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: مەمەتنىياز بۇلاق

بەتچىك: ئۇيغۇر سەۋداسى

2017-يىلى 4-ئاي

www.uyghurbahari.org

Email: info@uyghurbahari.org

ئۇيغۇر باھارى نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى



رابىيە خانىم ئامېرىكا سابىق رەئىسى بۇش بىلەن ***26/06/2006***



رابىيە خانىم ئامېرىكا سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى رايس خانىم
بىلەن بىللە

THE WHITE HOUSE
WASHINGTON

March 4, 2002

Dear Mr. Rouzi:

Thank you, on behalf of President Bush, for your letter of January 23 concerning the unjust imprisonment of your wife, Rebiya Kadeer, in China.

During his Febuary 21-22 visit to Beijing, the President reiterated to China's leadership that the Administration remains firmly committed to the defense of human rights and democracy in China. Members of the President's party expressed our concern about your wife's plight with Chinese authorities, urging that she be freed immediately. The United States Government in Beijing and Washington has repeatedly urged Chinese authorities to end this injustice, and we will continue to do so until Rebiya Kadeer is free.

Sincerely,

Condoleezza Rice
Assistant to the President
for National Security Affairs

Mr. Sidik Rouzi
619 North Pottenger
Shawnee, Oklahoma 74801

ئاق ساراي (ئامېرىكا ۋاشىنگتون) دىن سىدىقھاجى روزىغا يېزىلغان خەت

**(تەرجىمىسى)**

ۋاشىنگتون ئاق ساراي

**2002**-يىلى **3**-ئاينىڭ **4**-كۈنى

قەدىرلىك روزى ئەپەندىم:

رەپىقىڭىز رابىيە قادىرنىڭ خىتايدا ناھەق تۈرمىگە سولانغانلىقى توغرىسىدىكى **23**-يانۋار يوللىغان تەلەپ خېتىڭىزگە ئامېرىكا پرېزىدېنتى "بۇش" نامىدىن رەھمەت.

پرېزىدېنت **2**-ئاينىڭ **21-22**-كۈنلىرىدىكى زىيارىتىدە جۇڭگونىڭ باشلىقىغا جۇڭگونىڭ ئىنسان ھەقلىرى ۋە دېموكراتىيىسىنى نوقتىلىق ئوتتۇرىغا قويدى. بىزنىڭ تەلىپىمىزنى پرېزىدېنت ئەزالىرى رەپىقىڭىزنىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان قىيىنچىلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق، رەپىقىڭىزنى قويۇپ بېرىشكە قىستىدى. بېيجىڭدىكى ۋە ۋاشىنگتوندىكى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى ھەقسىزلىكنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى تەكىتلىدى، بىز تاكى رابىيە قادىر ئەركىنلىككە ئېرىشكۈچە داۋاملاشتۇرىمىز.

ھۆرمەت بىلەن

**(ئىمزا)**


***Condoleezza Rice***

دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسى پرېزىدېنت كاتىپى

سىدىق روزى (ئادرىس)



ئوڭدا: سىدىقھاجى روزى



سولدا: سىدىقھاجى روزى رەپىقىسى رابىيە خانىم توغرىسىدا سۆز قىلماقتا



رابىيە خانىم يولدىشى سىدىق ھاجى روزى بىلەن

شىۋىتسىيەنىڭ پايتەختى جەنۋەدە ***14/11/2005***




رابىيە خانىم خىتاي تۈرمىسىدىن چىقىپ ۋاشىنگتونغا كەلگەن ۋاقتى

***2005***-يىلى ***17***-مارت

## سىدىقھاجى روزى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى بىلەن بىرگە









ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە قادىرغا بېغىشلايمەن

مەن ئۆمرۈم بويى  خىتايغا قارشى كۈرەش قىلدىم، لېكىن بەزى ئۇيغۇر تىللىق ئادەملەر ماڭا قارشى كۈرەش قىلدى.

بەزىلەر ماڭا سىياسەت ئۆگەتمەكچى بولۇشتى، ئەپسۇسكى، مېنى دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغان كۈندىن باشلاپ ئاللاھ ماڭا سىياسەت ئۆگىتىپ بولغان ئىدى.

ئىنسانغا ئېغىر كېلىدىغان بىر ئىش، جەمئىيەت داشقاللىرىنىڭ ئەقىل ئۆگىتىشى، دانىشمەنلەرنىڭ جىم تۇرۇۋېلىشىدۇر.

**مۇندەرىجە**


سىدىقھاجى روزى تەرجىمىھالى.......................................... 1
رابىيە قادىرنىڭ تەرجىمىھالى........................................... 26
كۆزەتكۈچى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى 1.......................... 36
كىشىنى مەسخىرە قىلىدىغان بىر ھادىسە.................................. 39
رابىيە قادىر................................................................ 42
كۆزەتكۈچى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى.............................. 46
ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدە ..................................................... 47
قەدىمقى ۋە ھازىرقى دەۋرلەردە............................................. 52
رابىيە قادىر................................................................ 58
تىبەت راھىپى -گىمابا ..................................................... 60
ئىسلاھات ................................................................... 63
پىرىزدېنت بىل كىلىنتون .................................................. 67
ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى سىنەتورى ۋېلىيام روز ئەپەندىنىڭ قارارى
................................................................................ 68
تەيۋەننىڭ بىخەتەرلىكىنى كۈچەيتىش قانۇن لاھىيسى ............................ 71
رابىيە قادىر ................................................................ 72
روسىيە، خىتاي مۇناسىۋىتى .................................................. 73
رابىيە قادىر................................................................ 75
رابىيە قادىر................................................................ 78
ئامېرىكا ۋە تەيۋەن......................................................... 83
رابىيە قادىر................................................................ 87
نورمال سودا مۇناسىۋىتى ئورنى............................................. 90
ئامېرىكا..................................................................... 92
رابىيە قادىر................................................................ 97

رابىيە قادىرنىڭ سىياسى پاجىئەسى.......... 100

"رابىيە قادىر ۋە "خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى.......... 101

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ كېڭەش پالاتاسى.......... 103

شۇ ئارىلىقتا ئۈرۈمچىدە .......... 104

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى.......... 106

ئاۋام پالاتاسى ۋە كېڭەش پالاتاسى بىرلىكتە قانۇن لايىھە ماقۇللىدى.......... 106

گومىنداڭ خىتايلىرى.......... 110

ئوكلوخوما - شانى.......... 113

مۇخپىر جون ئەپەندى.......... 115

ياۋرۇپا پارلامېنتى.......... 116

يىللىق كەچلىك زىياپەت.......... 117

رابىيە قادىر ئۆمۈرلۈكۈم نەدە سەن؟.......... 123

ب د ت كىشىلىك ھوقۇق مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى.......... 130

ئالاھىدە بىر كۈن.......... 131

بۈگۈن.......... 133

ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ.......... 135

مەن.......... 137

سەنەتور ۋېلستۇن.......... 138

ئۈرۈمچىدىن تېلېفون كەلدى.......... 140

گۇۋاھلىق ئېلىش ۋە گۇۋاھلىق بىرىش يىغىنى.......... 140

شۇ كۈنى .......... 143

تەيۋەن بوغىزىدا.......... 146

رابىيە قادىر.......... 148

ياساۋۇللار بېگى جىياڭ زېمىن .......... 150

رابىيە قادىرنىڭ سىياسى مەسىلىسى.......... 152

ۋاشىنگتون ۋاقىت گېزىتى.......... 153

رابىيە قادىر سودا سارىيى........................................ 154
ھەپتىلىك ئوبزور........................................ 155
رابىيە قادىر سودا-تىجارەت سارىيى........................................ 158
لوندوندىن تېلېفون كەلدى........................................ 159
لوندوندىن يەنە تېلېفون كەلدى........................................ 160
قىزىم ئەقىدەم........................................ 163
ئۈرۈمچى ۋە پېنتاگان........................................ 164
ئوغلىمىز قاھارنىڭ ئۆيىگە ھوجۇم قىلىشتى........................................ 166
ئادالەت كېڭىيىشى لازىم........................................ 171
بېيجىڭ........................................ 174
جۇڭنەنخەينىڭ خىتاي بەگلىرى نېمە قىلىۋاتىدۇ ........................................ 177
ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى........................................ 179
نېۋيورك ۋاقىت گېزىتى........................................ 182
بىراق، شۇ نەرسە چۈشىنىشلىككى........................................ 183
سابىق پرېزىدېنت كلىنتون........................................ 184
پرېزىدېنت بۇشنىڭ شاڭخەي زىيارىتى........................................ 186
تايمىس گېزىتى........................................ 188
ئاتقان ئوق قايتىپ كەلمەيدۇ........................................ 190
يىللىق خۇلاسە........................................ 192
11-سىنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن........................................ 195
ۋاشىنگتۇن پوچتىسى گېزىتى ........................................ 198
ئۇيغۇر ئوغلى رەھمەتلىك ئەكبەر مىجىت........................................ 200
ۋاشىنگتۇن پوچتىسى گېزىتى........................................ 202
ۋاشىنگتۇن پوچتىسى گېزىتى........................................ 204
دەينېل پىرول........................................ 208

## سىدىقھاجى روزى ۋە رابىيە قادىرنىڭ تەرجىمھالى

### سىدىقھاجى روزى

يېقىندا" ئازادلىق" تور بېتىگە بىر نەپەر يېڭى كىشى ئىنكاس يېزىپ مېنىڭ يەنى سىدىقھاجى روزىنىڭ سالاھىيىتى نېمە دەپ سوراپتۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن تۆۋەندە سالاھىيىتىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى شۇ كىشىگە سۆزلەپ بەر گۈچە ئوقۇرمەنلەرنىڭمۇ مېنىڭ سالاھىيىتىمگە نەزەر ئاغدۇرۇپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. قارىغاندا مېنىڭ سالاھىيىتىمنى سورىغان بۇ كىشى، ھازىرغىچە 32 ھەرپىنىمۇ ئۆگەنمىگەن كىشى ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم.

بىلەلمىدىم. بۇ كىشىگە قانداق سالاھىيەت كېرەك، ئىكىنە؟ مېنىڭ سالاھىيىتىمنى سورايدىغان بۇ كىشىنىڭ ئەسلى سالاھىيىتى نېمە ئىكىنە؟! بۇ كىشىنىڭ مېنىڭ سالاھىيىتىمنى سوراپ يازغان ئىنكاسىغا تولۇق جاۋاب قايتۇرۇشتىن ئاۋۋال يۇقىرىدا ئىككى كەلىمە كەلتۈرۈپ قويىدۇم.

1

سىدىقھاجى رۇزى 1944- يىلى 6- ئاينىڭ 15- كۈنى ئاتۇش ناھىيە- ئازاق يېزا -مەيى كەنتىدە قارى قۇرئان، ئىقتىسادى ھاللىق بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ختاي مۇستەملىكىچىلىرى 1949-يىلى 10- ئايدا ئۇيغۇرستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ھەرخىل ۋەھشىيانە سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ، 1952- يىلدىن باشلاپ يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى تەركىبلەرگە ئايرىش ئارقىلىق مىللەتنىڭ جامائە بۇلۇپ ئۇيۇشۇش كۈچىنى پارچىلاپ قارشىلىق كۆرستەلمەيدىغان ھالغا كەلتۈردى .ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىشت بىلەن ئىشتىنىڭ ياكى ئىشت بىلەن بۆرىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدى.

دادىسى رۇزى قاري1952 -يىلى پومېشچىك تەركىبكە ئايرىلدى . ئائىلىۋى مال -بىسات، ئىسكىلات-قازناق، ئېغىلدىكى ئات-ئۇلاقلارنى مۇسادىرە قىلىشقا باشلىدى .سىدىقھاجى رۇزى كىچىك ئىدى.ئانىسىنى بىر

تەرەپكە، دادىسىنى بىر تەرەپكە تۈرغۇزۇپ قويىدى زامان زورىۋانلىرى".قەلەندەرلەر "ئىسكىلاتتىن بۇغداي قاچىلىغان تاغارنى ژۇدۇپ مېڭىشاتتى، ئېغىلدىن ئات-كالىنى يېتىلەپ چىقىپ كېتىشتى . مۇسادىرە قىلىش خىزمەت گۇرۇپپىسىغا باشلىق بولۇپ كەلگەن خىتاي ھىڭگاڭ چىشلىرىنى چىقىرىپ تاماكا شوراپ چەتتە قاراپ تۇراتتى، ئۇيغۇر -ئۇيغۇرنى بۇلاۋاتاتتى .دادام قولۇمنى تۇتۇپ ئالغان ئىدى دەيدۇ، سىدىقھاجى رۇزى -قورقۇشتىنمۇ ياكى غەزەپتىنمۇ دادامنىڭ قولى تىترەيتتى1952 .-يىلىنىڭ ئاخىرىدا دادىسى رۇزى قارىغا زومگەر پومېشچىك قالپىقى كەيدۈرۈلۈپ تۈرمىگە تاشلاندى .1955-يىلى11 - ئايدا خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ يەرلىك ھاكىمىيتى سىدىقھاجى رۇزى ئائىلىسىگە دادىسى رۇزى قارىنىڭ جەسىتىنى تاپشۇرۇپ بەردى.
سىدىقھاجى رۇزى1961 -يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى ئاتۇش شەھرىدە تولۇق پۈتتۈرۈپ، شۇ يىلى9 -ئايدا ئۈرۈمچىگە كېلىپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات پاكولتېتىغا ئوقۇشقا كىردى1966 .-يىلى9 - ئايدا ئالىي مەكتەپنى تاماملىشى كېرەك ئىدى .بىراق،شۇ يىلى5 -ئايدا خىتاينىڭ ئاتالمىش مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى باشلاندى .دەسلەپ قىلىپ ئۇقۇغۇچىلار ئىچىدىن مەكتەپ بۇيىچە ئىككى نەپەر ئوقۇغۇچى - ئىسمايىل ئابدۇراخمان، سىدىقھاجى رۇزى ئەكسىيەتچى،مىللەتچى ئۇقۇغۇچىلار دېيىلىپ، تارتىپ چىقىرىپ كۈرەش قىلىندى .كېيىن تامغا چاپلانغان" چوڭ خەتلىك گېزىت "نى يىرتىپ تاشلىغانلىقى ئۈچۈن رەھمەتلىك ئىسمايىل ئابدۇراخمان ساقچىنىڭ تۈرمىسىگە 6 ئاي قامالدى .سىدىقھاجى رۇزى مەكتەپتە تۆت يېرىم قەۋەتلىك ئۇقۇغۇچىلار ياتىقىغا نەزەربەنت قىلىندى .ئىبراھىم سۇلايمان ] قازاق[،ئالىمبېك ]قازاق[، نىزامەت قاتارلىق ساۋاقداشلىرى ئىككى سائەتتىن ئالمىشىپ سىدىقھاجى روزىنى نازارەت قىلاتتى .تاماقنى ئەكىلىپ بېرەتتى، تەرەتخانىغا نازارەت ئاستىدا چىقىپ كىرەتتى.

1966-يىلى11 -ئايغا كەلگەندە" ئوقۇغۇچىلارغا زەربە بېرىش"، "ئوقۇغۇچىلارنى تارتىپ چىقىرىش"،" ئەكسىيەتچىل سىياسى يول " دېيىلىپ تەنقىدلىنىپ سىدىقھاجى رۇزى نەزەربەنتتىن بو شۇتۇلدى .تارتىپ چىقىرىلغان باشقا ئو قۇغۇچىلار ھەم ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى 1966 .-يىلى11-ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتىتىدا "قىزىل3 - باتالىيۇن " مىللى ئۇقۇغۇچىلار تەشكىلاتى قۇرۇلدى. بۇ تەشكىلاتنى ئاۋۋال قۇرغان كىشى كىم؟ سىقھاجى رۇزىنىڭ قازاق ساۋاقدىشى ئالىمبېك ئىدى.[بۇ چاغدا ماۋزېدۇڭ ئوقۇغۇچىلارغا "4چوڭ ئەركىنلىك" بېرىۋەتكەن، ئۇقۇغۇچىلار نېمە تەشكىلات قۇرىمەن دېسە ئەركىن ئىدى]. ساۋاقدىشى ئالىمبېك بىلەن سىدىقھاجى رۇزى ئوتتۇرىسىدا دېئالوگ مۇنداق باشلاندى :

- مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى سىنىپى كۆرەش بىلەن باشلاندى، شۇنداقمۇ؟

-شۇنداق.

-كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار تارتىپ چىقىرىلدى، شۇنداقمۇ؟

- ئەلۋەتتە شۇنداق.

- بۇ ھوقۇقدارلار ماۋزېدۇڭ بەلگىلەپ بەرگەن سىياسەتلەرگە قارشى يول تۇتقان ئىكەن، ئەجىبا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا ۋاڭ ئېنماۋ قاتارلىقلار، ماۋزېدوڭ ئاساسى قانۇن ئارقىلىق بەلگىلەپ بەرگەن مىللى سىياسەتنى توغرا ئىجرا قىلغانمۇ؟

-بۇ، ئويلىنىشقا تېگىشلىك بىر ئىش ئىكەنغۇ؟

- " ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋزېدۇڭ"، "مىللى كۆرەش تېگى- تەكتىدىن ئالغاندا سىنىپى كۈرەش مەسىلىسى"، دېگەن ئىدىغۇ؟

- راست شۇنداق دېگەن. بۈگۈن بۇ سۆز "ئەڭ ئالى يوليۇرۇق " بولۇپ قالدى.

- مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ئۇيغۇر ئاپتونۇم رايوندا سىنىپى كۈرەشنى تۇتقا قىلىۋاتىدۇ، نېمىشقا مىللى مەسىلىنى تىلغا ئالمايدۇ. ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سېكرېتار خىتايلىرى چوڭ-چوڭ سىياسەتلەردە خاتالىق سادىر قىلىپ، مىللى سىياسەتتە پەقەت خاتالىق ئۆتكۈزمىگەنمۇ؟

نېمە قىلىمىز، دېمەكچىسەن؟
-قېنى ساۋاقدىشىم ئالىمبېك، نېمە قىلىشىمىز كىرەك؟- مەن ئەكسىيەتچى، مىللەتچى ئوقۇغۇچى ئايرىلدىم. ئاشكارە ئوتتۇرىغا چىقىپ تەشكىلات قۇرالمايمەن، سەن تەشكىلات قۇرۇپ چىق. مەن ئارقاڭدا تۇرۇپ ساڭا ياردەم قىلىمەن دېدىم.
"قىزىل 3-لىيەن" مىللى ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتى ئەنە شۇنداق ئەھۋالدا 1966-يىلى11-ئايدا قۇرۇلۇپ چىقتى. دەسلەپتە بۇ تەشكىلاتقا ساۋاقداشلاردىن 9نەپەر كىشى قاتناشتى. 1968-يىلى بۇ تەشكىلاتقا قاتناشقان كىشىلەرنىڭ سانى 2مىڭدىن ئېشىپ كەتتى.ئايتان رەئىس بولدى.
"قىزىل3 -باتالىيۇن " ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتى بىر يىل دېگۈدەك ئۈرۈمچىدە ئانسامبىلنىڭ تېمىغا " چوڭ خەتلىك گېزىت "چاپلاپ، ۋاڭ ئېنماۋنىڭ مىللى سىياسەتتە ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرىنى پاش قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەمتىمىن ئىمىنوپ يازغان "مېنىڭ باياناتىم"، ماۋزۇلۇق بىر پارچە ماقالە" چوڭ خەتلىك گېزىت"كە ئوقۇغۇچىلارنىڭ قولى ئارقىلىق كۆچۈرۈلۈپ، ئانسامبىلنىڭ تېمىغا چاپلانغاندا ئۈرۈمچىدە كاتتا غۇلغۇلا باشلاندى .مەمتىمىن ئىمىنوپ 1967-يىلىنىڭ ئاخىرىدا " ئىسيان" كۆتۈرۈپ،" قىزىل3 -باتالىيۇن " مىللى ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتىنى قوللاپ، شىنجاڭ ئۇنىۋىرسىتتىغا كېلىپ كادىرلار ياتىقىدا يالغۇز ياتاقتا يېتىپ قوپاتتى. مىللى ئۇقۇغۇچىلار نۆۋەت بىلەن كېچىسى ھەمرا بولۇپ قوغدايتتى. رەھمەتلىك مەمتىمىن ئىمىنوپ يازغان ماقالىسىدا 1962-يىلى باي ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن، 20مىڭ ئادەم ئاچلىقتىن ئۆلگەن، خىتاي ھاكىم خەيرۇي پەيدا قىلغان ئاچارچىلىق ۋەقەسىنى پاش قىلغان ئىدى.
مۇشۇ يەردە قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كېتەي. 1966-يىلى 9-ئايدا ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە تېگىشلىك ئوقۇغۇچىلارغا خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى

هاكىمىيتى 1967-يىلى 10- ئايدىن باشلاپ ئاساسلىق مائاشىنى 60 يۈەندىن بېكىتىپ مۇئاش تارقاتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ قولى پۇل كۆردى. بۇ چاغدا بىر كىلوگىرام گۆشنىڭ پۇلى 7- 8 تەڭگە ئىدى، بىر قاپ تاماكىنىڭ پۇلى بىر تەڭگە ياكى ئىككى موچەن، ئاچارچىلىق ئۆتۈپ كەتكەن چاغلار ئىدى.

مەن بويتاق ئوقۇتقۇچىلار بىناسىغا مېھمان چاقىردىم. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى رەھمەتىللا مەتىمىن ئىمىنوپ، ئۇيغۇرنىڭ مۇزىكانتى رەھمە تىللا زىكرى ئەلپەتتا، يازغۇچى رەھمە تىللا ئەرشىدىن تاتلىق، تىلشۇناس مىر سۇلتان ئوسمانوپ ( ھازىر ھايات. لىيۇداۋەن تۈرمىسىدە 7يىل ياتقان، سىياسى مەھبۇس، مىنىڭ ئوقۇتقۇچۇم ئىدى، مىر سۇلتان ئەپەندى" ئۇيغۇرنامە"نىڭ ئاپتورى سابىت ئۇيغۇرىنىڭ تەشكىلاتىغا قاتناشقان ئىكەن.) يەنە ئىككى نەپەر ساۋاقدىشىم مىنىڭ مېھمانلىرىم ئىدى.

مۇئاۋىن رەئىس رەھمەتىللا مەتىمىن ئىمىنوپ بىر ئوھ تارتىپ :

- -زىكرى، چالساڭچۇ! فېبىئۇنېر ۋاخلىرىڭدا چالغان ناخشىلارغا ( فېبىئۇنېر ۋاخلىرىڭ دېگىنى قاپاقنىڭ بويىنىغا قىزىل لاتا باغلاپ دۇكانغا ئېسىپ قويۇپ ساتىراشلىق قىلىدىغان دۇكانلاردا چالغان ناخشا- مۇزىكىلارغا چالساڭچۇ دېگىنى ئىكەن.بۇ بىر خىل ئۆز ئارا قىلىشىدىغان چاقچاقلىرى بولسا كېرەك) چال ! زىكرى ئەلپەتتا رەھمەتىللا دۇتارنى قولىغا ئېلىپ شۇنداق چالدىكى، مەتىمىن ئىمىنوپ كۆزىنى ژۇمدى ئىككى تامچە ياش ئىككى مەڭزىگە ساقىپ چۈشتى. ھەممىمىز مىشىلداپ كەتتۇق. ئىمىنوپ: -چال، زىكرى چال! ئۆستەڭ ناخشىلىرىغا چال! چال! ئەرشىدىن تاتلىق رەھمەتىللا بىر مەيدان ئاخىرلاشقىچە يىغلاپ توختىمىدى...

2

"قىزىل 3- باتالىيۇن " مىللى ئۇقۇغۇچىلار تەشكىلاتى ئوقۇغۇچىلىرى، "چوڭ خەتلىك گېزىت"كە ماقالە يېزىپ ئانسامبىلنىڭ تېمىغا چاپلاپ تۇراتتى. " بىڭتۇەننىڭ ئاپشاركىلىرى 80 يۈەندىن پۇل

خەجلىگەندە،ئالتايدا قازاقلارنىڭ ئىرىمچىككە قوسۇغى تويمىدى"، " ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ،جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسى قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسى قەيەردىن- قەيەرگىچە"،" ئۇيغۇرلا ر كۆچمەنلەرنى بېقىپ كېتەلمەيدۇ"،"شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرغاق، تاغلىق،چۆللۈك رايون،سۇ مەنبەسى كەمچىل ئارتۇق كۆچمەن قۇبۇل قىلالمايدۇ"،"ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا ۋاڭ ئېنماۋ سېكرېتار بۇلىشى كېرەكمۇ ياكى ئۇيغۇر سېكرېتار بۇلىشى كېرەكمۇ؟"،،، خىلمۇ خىل پىكىرلەر "چوڭ خەتلىك گېزىــت" ئارقىلىق ئانسامبىلنىڭ تېمىغا چاپلىنىپ تۇراتتى. خەلق ئاممىسى بۇ تامنى كېچە- كۈندۈز ئاڭلىق ياكى ستىخىيلىك ھالدا قوغدايتتى، "چوڭ خەتلىك گېزىت" نىڭ ئۈستىگە "قىزىل 3- باتالىيۇن " ئوقۇغۇچىلىرىدىن باشقا كىشىلەرنىڭ قەغەز چاپلىشىغا يول قويۇلمايتى. بۇلۇپمۇ ئۇرۇمچى شەھەرلىك ئاكىمىز تۆمۈر ئەپەندى، ئاپشاركا ئىشتىنى يېتىلەپ كىلىپ. "چوڭ خەتلىك گېزىت"چاپلانغان تامنى قوغدايتتى.[ رەھمەتلىكنىڭ ياتار جايى جەننەت بولسۇن]

سىياسى نەزەرىيىلەرگە ۋە ماركىسزمغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلەن، ماركىسنىڭ مىللەت توغرىسىدىكى نەزەرىيىلىرى ياكى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ بۇ نەزەرىيىلەرنى مىللەتلەر مەسىلىسىگە قانداق تەتبىق قىلغانلىقى توغرىسىدا يېزىلغان سىلىشتۇرما ئۇقۇملۇقلاشقان ماقالىلارنى رەھمەتلىك ئەرشىدىن تاتلىق بىلەن يازغۇچى ئۆمەر غازى(قازاق) قاتارلىق زىيالىيلار يېزىپ بېرەتتى.ئۇقۇغۇچىلار بۇ سەۋىيىلىك يېزىلىدىغان ماقالىلارنى يازالىغۇدەك سەۋىيىگە تېخى يەتمىگەن.ھەر شەنبە ياكى يەكشەنبە كۈندە ئىككى سائەت بەزىدە 4 سائەت ۋاقىت چىقىرىپ مەخپى يىغىن ئاچاتتۇق، شۇ ھەپتىلىك قىلىدىغان ئىشلىرىمىزنى بەلگىلەيتۇق، يىغىنغا رەھمەتلىك ساۋاقدىشىم ئايتان ئوسمانوپ، ئوسمانجان ساۋۇت ( يېقىندا ۋاپات بولغانلىقى ئۇچۇن ئىسمىنى ئاشكارە ئاتاشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر.... دوستۇممۇ رىياسەتچىلىك قىلاتتى.( بۇكىشى ھازىر ۋەتەندە ئىسمىنى ئاشكارىيالمايمەن) يەنە بىر ساۋاقدىشىممۇ...... (بۇ

كىشى ھەم ۋەتەندە ئىسمىنى ئاتىيالمايمەن ) شۇ دەرىجىدە يەنى ئايتان دەرىجىلىك رىياسەتچىلىك قىلاتتى. ساۋاقداشلار ئۇيۇلتاشتەك ئىناق ئىدۇق. بىر -بىرىمىزدىن نام ئاتاق، شان-شەرەپ تالاشمايتۇق، لىدىرلىك، رەئىسلىك تالاشمايتۇق. ئۇ بەشكىرەملىك بۇ قورغاسلىق، ئۇ تارانچى، بۇ قاراقچى، دەپ يۇرتۋازلىق قىلىشمايتۇق.ئەسلىدە يۇرتۋازلىق ئىپتدايى ئايۋاننىڭ شەرتلىك رىپلىكىس ئارقىلىق رول ئوينايدىغان ئىپتدائى قىزغانچۇقلىقىدىن پەيدا بولىدىغان، ئادەملەردە بولسا تۇغما ھەسەتخورلۇق بىلەن ئىپادىلىنىدىغان بىر خىل يىپلىنجاپ تۇرىدىغان رەشىك ئوتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. بۇنداق رەشىك ئوتى ساۋاتسىز، قارا قورساق، ئىلىم- بىلىمسىز ئادەملەردە تېخىمۇ ئۆتكۈر بولاتتى. لېكىن يەنە بۇ يەردە باشقا بىر ساۋاقدىشىمىنىڭ ئىسمىنىمۇ ئاشكارىلىيالمايمەن.( بۇ كىشى ھازىر ئوتتۇرا ئاسىيادا مەلۇم دۆلەتتە ئىستىقامەت قىلىۋاتىدۇ)

1968-يىلى 5-ئاينىڭ 16-كۈنى ياكى بۇ كۈندىن باشقا بىر كۈنى بولسا كېرەك، ئېسىمدە قالماپتۇ. لېكىن 5-ئاي ئىكەنلىكىگە سۆز كەتمەيدۇ. 2000 دىن كۆپرەك، شىنجاڭ ئۇنۋېرستىتىنىڭ ئۇيغۇر -قازاق ئوقۇغۇچىلىرى دەرۋازىدىن نامايىش قىلىپ چىقىپ، ئۆرۈمچى شەھەر ئىتتىپاق تىياتىرىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا توپلاندى.(1962 -يىلى يۈز بەرگەن 29-ماي ۋەقەسىنى خاتىرلەش نامايىش قىلغۇچىلارنىڭ مەقستى ئىدى.) بۇ كۈنى بۇ جىددى يىغىنغا بىر مىليۇندىن ئارتۇق ئۈرۈمچى خەلقى، ھەتتا20 مىليون ئۇيغۇرستان خەلقى ئارىلاشتى، قاتناشتى دېسەك، ھەرگىز مۇبالىغە بولمايدۇ. (بۇ يىللاردا ئاپتۇنوم رايون دېگەن يەردە ھۆكۈمەت يوق، پۈتۈن ئۇيغۇرنىڭ كۆزى3" - باتالىيون " ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتى"غا قارىتىلغان. كىمدۇ بىرسى تور بېتىگە خەتچەك يېزىپ، بىردەم 2000 دەيدۇ، بىر دەم 15000 دەيدۇ، قايسى راست ؟دەپتۇ. ھەممىسى راست. چۈنكى، بۇ نامايىشنى تەشكىللىگەن، ئۇيۇشتۇرغان ۋە بۇ نامايىش ئۈچۈن بەدەل تۆلەپ تۈرمىدە ياتقان ئادەملەر ئۈچۈن بۇ ئىش راست ئىش، بۇ تارىخ ئۇلار ئۈچۈن ئۆزى ياراتقان

راست تارىخ ھېسابلىنىدۇ. بۈگۈنكى قويمىچى، قورساق باقتىلار ئۈچۈن ئېتىقاندا بۇ ئەلۋەتتە يالغان بولىدۇ. چۈنكى خىتايغا قارشى نامايىشتىن ئۇلارغا ھېچ قانداق نەپ پايدا تەگمەيدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ جان بېقىش پەلسەپسىگە ئاساسلانغاندا "ئىشسىزلار نامايىش قىلىدۇ، ئىشى بارلار نامايىش قىلمايدۇ.)

تەشكىلاتنىڭ رەئىسى ئايتان ئوسمانوپ نوتۇق سۆزلىدى:

"- مىللەتلەر باراۋەرلىكى، مىللەت تەڭلىكىنىڭ سىياسەت ساھەسىدە ئۇقۇملاشقان مەنىسى نېمە ۋە بۇ نە زەرىيىنىڭ ئىجرائىيەتتىكى ئەمەلىيىتى، مەسىلەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دېگەن بۇ مەمۇرىي بىرلىكنىڭ ھوقۇق شەكىللىرى نېمە؟،،،، "ئۇ كۈنى ساۋاقدىشىمىز ئايتاننىڭ سۆزلىگەن نۇتقى بەك دەبدەبىلىك، بەك جۇشقۇن،مەزمۇنلۇق، بىۋاستە قاراتمىلىقتا ئىگە بولغان نوتۇق ئىدى. ئەتراپقا توپلانغان بىر نەچچە مىڭ ئامما قۇلاق بېرىپ ئاڭلاپ تۇراتتى، كۆز يېشى قىلاتتى.ھېسداشلىق قىلغۇچىلار، ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى قوللىغۇچىلار، ئەگىشىپ يولنىڭ چېتىدە ماڭغۇچىلار، نامايىشقا ئۇزۇتۇپ قويۇپ مەكتەپ دارۋازىسىنىڭ ئىچىدە قالغۇچىلار، ئۇرۇمچى شەھەر ئاھالىسى، شۇ قاتاردا ئۇرۇمچى شەھەرلىك تولۇق، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، "ئىنقىلابى ئالاقە باغلاش" ئۈچۈن ئۇيغۇرستاننىڭ جاي-جايلىرىدىن ئۇرۇمچىگە يىتىپ كەلگەن تولۇق، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ تەخمىنەن 15مىڭ20 مىڭدىن ئارتۇق كىشى شۇ كۈنى ئۇرۇمچىدە "تاماشا" كۆرۈۋاتاتتى ياكى شۇ كۈنكى نامايىشقا ھەر خىل يوللار بىلەن ئىشتىراك قىلغان ئىدى.شۇئار توۋلايتتى، ئارزۇلىرىنى ھەرىكەت ۋە شۇئار ئارقىلىق ئىپادە قىلاتتى. ھەقىقى ئىنقىلاب قانداق ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ؟ ھېسداشلىق قىلغۇچىلارمۇ سەپكە قوشۇلغاندا، قورقۇنچاقلارمۇ سەپكە قوشۇلغاندا،يول ياقىلاپ ئەگىشىپ ماڭغانلارمۇ نامايىشچىلار قاتارىغا قوشۇلغاندا ئاندىن ھەقىقى ئىنقىلاب ئوتتورىغا

چىقاتتى.( قانداق قىلىمىز زاماندىشلىرىم،ئۇيغۇر خەلقى ئوقۇنمۇ چالا ئاتىدىغان، نامايىشنىمۇ چالا قىلىدىغان بىر خەلق ئىكەن.)
شۇ كۈنى ئوقۇغۇچى ساۋاقداشلىرىم ئىتتىپاق تىياتىرىنىڭ ئالدىدىن جەنۇبى قوۋۇق ئايلانمىسىغىچە نامايىش قىلىپ بىرىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىتتىپاق تىياتىرىنىڭ ئالدىدا يەنە يىغىن تەشكىللىدى.بۇنداق قىلىش - ھەرىكەت ئارقىلىق جامائەت پىكرى توپلاشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى ئىدى.
مەن ئانسامبىلىنىڭ ئۇدۇلىدا يەنى يولنىڭ شەرىق تەرىپىدە قىردا ئولتۇرۇپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ نامايىشىغا رەھبەرلىك قىلدىم. ئايتان بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا ساۋاقداشىم (ئەمەت...) ئالاقىچىلىك قىلاتتى.مېنىڭ قولۇمدا بىر جىگدەك خام گۆش بار ئىدى، قەيەردىن ئالدىم بىلمەيمەن، ياكى بىرسى مېنىڭ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدىمۇ بىلمەيمەن ياكى بىر خىل نىقاپلىنىشىمۇ بىلمەيمەن.نامايىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاپ قورقۇپ كېتىپ بىر ھەرىكەت قىلىپ -گۆش سېتىپ ئېلىپ ھەرىكەت قىلىش ئارقىلىق جىددىيلىكنى پەسەيتمەكچى بولدۇممۇ بىلمەيمەن. ( كىچىرىڭلار ۋەتەنداشلىرىم! مەن شۇ چاغدا 22 ياشلىق بالا، نامايىشقا قاتناشقان ساۋاقداشلىرىممۇ 20-22 ياشلىق باللار ئىدى.)
ئەمەت... يۈگۈرۈپ كەلدى،- مەركەزدىن جۇئېنلەي تېلېفون قىلىپتۇ...(تېلېفون "ئۈچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ" ناملىق خىتاي ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتىنىڭ ئىشخانىسىغا كەلگەن)
-نېمە گەپ ئىكەن؟
-ئايتاننىڭ ياكى باشقا بىرسىنىڭ مەكتەپكە بېرىپ تېلېفون ئېلىشىنى تەلەپ قىلىدىكەن.
-ئايتان بارالمايدۇ، نامايىشقا رەھبەرلىك قىلىدۇ، باشقا بىرسىنى ئەۋەتىڭلار. دوستۇم ھەم ساۋاقدىشىم ئوسمانجان ساۋۇت تېلېفون ئېلىشقا يۈرۈپ كەتتى. جۇئېنلەي:
-ساۋاقداشلىرىم !ھەر قانداق گېپىڭلار بولسا،شىنجاڭ ھەربى رايونى ئارقىلىق ماڭا يەتكۈزۈڭلار، مەن سىلەرنىڭ گېپىڭلارنى ئاڭلايمەن،-

نامايىش قىلىپ سوۋېت رېسپۇبلىكىلىرىنىڭ ئالدىدا مېنىڭ يۈزۈمگە قارا سۈركىمەڭلار! سىلەرگە ئىشىنىمەن،ئۆزۈم ئالدىراش، كاتىبىم گو كاتىپنى تېلېفوننىڭ ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويدۇم، گېپىڭلار بولسا گو كاتىپقا يەتكۈزۈڭلار!

جۇئېنلەينىڭ تېلېفون ئارقىلىق قىلغان باياناتى نامايىشچى ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزۈلدى، جىددىيلىك پەسەيدى، (ئەسلىدە جۇئېنلەينىڭ دېگەنلىرى ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزۈلمەيدىغان ئىش ئىدى. باللىق قىلدۇق.) ئوقۇغۇچىلار تارقىلىشقا باشلىدى.(شۇ چاغدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېنىدا كىيىم-كېچەكنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇۋالغان قوراللىرى بار ئىدى دەپ كېيىن ئاڭلىدىم.لېكىن ئۆزۈم ئىسپاتلاپ بېرەلمەيمەن) ئىتتىپاق تىياتىرىنىڭ ئالدىدىكى يولنىڭ شەرىق تەرەپ قىرغىقىدىكى رېستۇران ۋە پوچتا خانىنىڭ ئۆگزىلىرىگە چىقىپ ئالغان ئاپتونوم رايونلۇق ساقچى نازارىتىنىڭ ساقچىلىرى بىر تەرەپتىن سۈرەتكە تارتىپ تۇراتتى بىر تەرەپتىن فىلىمۇتنى بەتلەپ نامايىش مەيدانىغا قارىتىپ قويغان ئىدى...

3

ئو قۇغۇچىلار مەكتەپكە قايتىپ كەتتى. شۇ كۈنى كەچتە خىتاينىڭ هەربى رايونى كىچىدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتىتىغا ئەسكەر ئەۋەتىپ، خىتاي ئو قۇغۇچىلار تەشكىلاتى" ئۇچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ" تەشكىلاتىنىڭ رەهبەرلىرىنى ياردەمگە چاقىرىپ، مىللى مۇناپىق تۇردى ئابدىرېھىمنى (يەنە بىر ئىسمى تۇردى شىڭلى) ئالدىغا سېلىپ، ئۇخلاۋاتقان ياتاقتا باستۇرۇپ كىرىپ، مەمتىمىن ئىمىنوپنى قوغداپ ياتاقتا بىللە ياتقان ساۋقدىشىمىز غوپۇر قادىرنى ئۇرۇپ زەخىملەندۈرۈپ،ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەمتىمىن ئىمىنوپنى قولغا ئېلىپ كەتتى. ئەتىسى بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولغان ئۇيغۇر، قازاق ئوقۇغۇچىلار يەنە نامايىشقا تەييارلانغاندا،"شىنجاڭ "ئۇنىۋېرسىتېتى ئاللىقاچان هەربى رايوننىڭ نازارىتى ئاستىغا ئېلىنغان. هەربى رايوننىڭ مۇئاۋىن قوماندانى ئولاتايىپ بىر باتالىيون ئەسكەر باشلاپ كېلىپ،مەكتەپ ئىچىدە ئىشخانا قورۇشقىمۇ

ئۆلگۈرگەن. (كېيىن كېسەلگە باھانداپ رەھمەتلىك ئىمنوپنى باجياخۇ تۈرمىسىدىن ئېلىپ چىقىپ ئاپتونوم رايونلۇق 2- دوختۇر خانىغا ئېلىپ كىلىپ قان قاتۇرۇش ھوكۇلى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ،1970-يىلى 5-ئاينىڭ 29- كۈنى ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن 9 نەپەر ئۇيغۇرنىڭ قاتارىدا تاغ بۇلاق جازا مەيدانىغا دەپنى قىلىنغان. قان قاتۇرۇش ھۇكۇلى ئۇرۇپ مەمتىمىن ئىمنوپنى ئۆلتۈرگەن ئۇيغۇر دۇختۇر ھازىر ھايات، شۇ كۈندىن باشلاپ بىر دوختۇر خانىغا باشلىق بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ..... (بۇ ھېكايىلار مەن تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئاڭلىغان ھېكايىلاردۇر)
ئوقۇش پۈتتۈرگەن، لېكىن مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى تۈپەيلى خىزمەتكە تەقسىم قىلىنمىغان ئوقۇغۇچىلارنى 1968-يىلىنىڭ ئاخىرىدا جاي- جايلارغا تەقسىم قىلىشقا باشلىدى.مەن شۇ چاغدىكى ئايالىم بىلەن بىللە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىنگە تەقسىم قىلىندىم. شۇ يىلى 12-ئايدا قېچىش توغرۇلۇق تېلېگراممىا تاپشۇرۇپ ئالدىم. بۇ تېلېگراممىنى ماڭا كىمنىڭ ئەۋەتكەنلىكىنى ھازىرغىچە بىلمەيمەن... ھەم ئەسلىيەلمەيمەن.1969-يىلى 1-ئاينىڭ 17-كۈنى بۆرتالا -ئۈتەيدە قولغا ئېلىندىم. ئاۋۋال ئوبلاستلىق تۈرمىگە كېيىن بىڭتۇەننىڭ تۈرمىسىگە 15كۈن قاماپ قويدى.2-ئاينىڭ 15-كۈنى ئەتىراپىدا ئۈرۈمچى- لىيۇ داۋەن تۈرمىسىگە يۆتكەپ كەلدى.شۇ يىلى 3-ئاينىڭ 24-كۈنى ئايتان باشلىق 9 نەپەر ئىنقىلابچى ساۋاقدىشىم، بىر نەپەر قازاق چارۋىچىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق بۆرتالا ئارشاڭ ئارقىلىق قېچىپ ھازىرقى قازاقىستانغا ئۆتۈپ كەتتى.( بۇ ھېكايىلارنىڭ بىر قىسمىنى تۈرمىنىڭ ئىچىدە،بىر قىسمىنى تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئاڭلىدىم)
1969-يىلى 6-ئاينىڭ 19-كۈنى دوستۇم ساۋاقدېشىم ئېركى- ئەركىن، ( موڭغۇل)، رەھمەتلىك ساۋاقدېشىم ئابىت، ئالتاي تاغلىرى ئارقىلىق ھازىرقى قازاقىستاندىن ئۇيغۇرىستان ۋەتىنىگە كىرىپ كەلدى. تۇيۇپ قالغان خىتاينىڭ رازۋېت ئورگانلىرى شۇ كۈنى 6-ئاينىڭ 19-كۈنى پۈتۈن

"شنجاڭ" مقياسدا هەربى هالەت ئېلان قلىپ، ئاختۇرۇشقا، تنتىشقا باشلىدى. بۇ يىگىتلەرنى مەقسۇس بىر ئاپتۇ بۇسنى ئىشلىتىپ، ئۇرۇمچىدە رىمۇنت قىلدۇرىمەن دەپ، باھانە تېپىپ ئالتايدىن ئۇرۇمچىگە ئېلىپ كەلگەن شوپۇر ئىسمايىل ئەپەندى، ئاپتۇ بۇسنى يىقىلغان تاشتا توختىتىپ، ئىككى ساۋاقدېشىمنى شەھەرگە ئۇرۇمچىگە كىرگۈزۈۋەتكەن. ئۇلار تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە بويىچە سايىۋاغ رايونلۇق ئەدلىيە باشلىقى باقى ئەپەندى بىلەن كۆرۈشكەن. تنتىش، ئاختۇرۇش تېخىمۇ ئەۋجىگە چىققان.ھەتتا ختاينىڭ كاماندوروپكىغا چىققان ھەربىلىرىنىمۇ تۇتۇپ كەتكەن، ئۇرۇمچىدە پۈتۈن مەكتەپلەر تۈرمىگە ئايلاندۇرۇلغان.ئىككى نەپەر ساۋاقدېشىم ئىشنى تاماملاپ قېچىپ يېزا ئىگىلىك ئۇنۋېرستېتىغا يېتىپ كەلگەندە ئۇيەردە كـۈتـۈپ تۇرغان ساۋاقداشلىرىمىز، بۇ ئىككىسىنى سوۋېتلەر سالغان بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋەت بالىكونىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىشكىنى كىرىست شەكىللىك مىخلاپ بولۇقنى ئەمدى يو شۇرۇپ تۇرۇشىغا ختاينىڭ ئەسكەرلىرى باستۇرۇپ كىرگەن. بالىكوندا ئەسكى كىگىزنىڭ ئاستىدا ئىككى كۆن ياتقان بۇ ئەزىمەتلەر،ئۇچۈنچى كۆنى يىقىلغان تاشقا يەتكۈزۈلۈپ، ئىسمايىل ئەپەندىنىڭ قولىغا تا پشۇرۇپ بېرىلگەن.قازاقىستانغا قايتىش سەپىرىدە چېگرا رايوندا قوغداشنى كۆچەيتكەن بىگتۇۋەننىڭ قورالىق كۆچۈكلىرى ئىككى ئەزىمەتنى بايقاپ قالغاندا، قىزىقى شۇ يەردىكى ئۇلار ئاللىقاچان ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى بېتەرەپ رايونغا كىرىپ بولغان. ختايلار ئۆز تەۋەلىكىدە ئاسمانغا قارىتىپ ئوق چىقارغانۇ، لېكىن بىتەرەپ رايۇنغا قارىتىپ ئوق چىقىرالمىغان. ساۋاقدېشىم ئېرىكى ھەزىل قىلىپ...ئاتە-ئاتە،ئاتىدىغان يەرگە ئاتمىسەن دېگەن. رەھمەتلىك باقى ئەپەندى ئۇرۇمچىدە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن 9نەپەر كىشىنىڭ قاتارىدا، رەھمەتلىك ئىسمايىل ئەپەندىلەر ئالتايدا، 1970 - يىلى 5-ئايدا ختاينىڭ باستۇرۇشى ئارقىلىق ۋاپات بولغان.

بۇ ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەرگەن ۋە بۇ ئىشلارغا ئارىلاشقان دوستۇم.....ھازىر ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر دۆلەتتە ياشاۋاتىدۇ. دوستۇم ئېركى بۇ ھېكايىنى قانداق سۆزلەيدۇ، تېخى ئۇنىڭ بىلەن بۇ توغرىدا ئەھۋاللاشمىدىم.

4

1977 - يىلى 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى خىتاي ھۆكۈمىتى مېنى ئۈرۈمچى لىيۇ داۋان تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىپ،ئاپتۇبۇسقا سېلىپ، ئۈرۈمچىدىن چىقىپ توقسۇننىڭ تۈرمىسىدە، قارا شەھەرنىڭ تۈرمىسىدە، كۇچانىڭ تۈرمىسىدە تۈنىتىپ، قوندۇرۇپ ساقچىلار يالاپ ئاقسۇغا ئېلىپ بېرىپ، ئەركىن سىدىقنىڭ چوڭ دادىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى مەمەت سەلەينىڭ باشقۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇردى. مەمەت سەلەي مېنى ئاپىرىپ يەنە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تۈرمىگە قاماپ قويدى. بۇ نېمە ئىش ؟ مەن ئۈرۈمچى تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىلگەن ئادەمغۇ ؟! مەن، توپ توغرا 3ئاي ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تۈرمىدە ياتتىم،1977 -يىلى10 -ئاينىڭ ئاخىرىدا تۈرمىدىن چىقىپ 1978-يىلى 7-ئاينىڭ 31-كۈنى خېنىم رابىيە قادىر بىلەن توي قىلدىم. 1980-يىلى 4-ئايدا ئاقسۇدا رابىيە خېنىم ئىككىمىز تەسادىپ بىر ئەھۋالدا نامايىش تەييارلىدۇق، (يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ 80 -يىللىرى زامان كەڭرىپ كەتكەن، تۆت كىشىلىك گۇرۇھ سوت قىلىنىۋاتقان، ماۋزېدۇڭنىڭ ئايالى جياڭ چىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ئىككى يىل كىچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش ھۆكۈم قىلىنغان يىللار ئىدى) نامايىش تەييارلاشقا ئاساس تەييارلاپ بەرگەن ئۆلۈم ۋەقەسى، يەنى خىتاي ساقچى ئۆلتۈرۈۋەتكەن 17 ياشلىق يولۋاس دېگەن يىگىت ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تۈرمىدە مەن بىلەن بىر كامېردا ياتقان كىشى ئىدى.... شۇ كۈندىن باشلاپ، 1982-يىلى 7-ئاينىڭ 2-كۈنى شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات پاكولتىتىغا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئورۇنلاشقىچە،

شائخەي، گۇۋاڭجۇ قاتارلىق خىتاي شەھەرلىرىدە رابىيە خېنىم بىلەن ئىككىمىز بىللە يۈرۈپ سودا- تىجارەت قىلدۇق.
1989-يىلى 12ئاينىڭ 25-كۈنى كىچىك قىزىم قەقنۇس تۇغۇلدى. خىتاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە قارشى چىققان ئوخشايمىز.تىجارەتچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئايالىم رابىيە قادىرغا 50مىڭ يۈەن جەرىمانە قويدى.ماڭا 2مىڭ يۈەن جەرىمانە قويدى ۋە دوتسېنتلىققا يوللىغان تەرجىمىھال، ماتېرىيالىمنى بىكار قىلىپ ئۈنۋان ئېلىش سالاھىيىتىمنى ئېلىپ تاشلىدى. 1993-يىلى9 -ئايدا توختام بىلەن مەكتەپتىن چېكىنىپ چىقىپ رابىيە قادىرنىڭ تەرەققى قىلىۋاتقان سودا -تىجارىتىگە قورغاس چېگرا ئېغىزىدا تۇرۇپ ياردەملەشتىم.
1994-يىلى جەمئىيەتتە بىر غۇلغۇلا-" ھەربى رايوننىڭ مۇزىكانتى ۋاڭ لوبىڭ خىتاي- ئۇيغۇر- قازاقنىڭ ناخشا- مۇزىكىلىرىنى مەن ئىجات قىلدىم دەپ، ئۆزىنىڭ قىلىۋاپتۇ"، دەيدىغان پىكىرلەر ئېقىپ يۈرەتتى.يەنە بىر فىلىم ئۇيغۇر بىلەن قازاق مىللەتلىرى ئوتتۇرىسىغا زىددىيەت سالىدىغان "فىڭ خانىم" ماۋزۇلۇق تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى خىتاي يازغۇچىلار ئېكرانغا چىقىرىپ، "قازاقلار تارىختا ئۇيغۇرلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان "دەيدىغان سەپسەتىۋى جامائەت پىكرىنى تەييارلاشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن سەل بۇرۇن قازاق زىيالىي قېرىندىشىمىز تەلەۋقان خىتاي تىللىق" شىنجاڭ گېزىتى"دە " شىنجاڭ يالغۇز ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنى ئەمەس" ماۋزۇلۇق ماقالە يېزىپ ئوتقۇيرۇقلۇق قىلىشقا باشلىدى. تۆۋە، ئاتالمىش" شىنجاڭ "، ئەمەلىيەتتىكى ئۇيغۇرستان كىمنىڭ زېمىنى ئىدى؟ ئۇيغۇر نىڭ زېمىنى بولماي كىمنىڭ زېمىنى بولىشى كېرەك ئىدى، قازاغىم ؟ بۇ ئىش بىلەن سىزنىڭ ۋە خىتاينىڭ نېمە ئالاقىسى بار؟ نېمىشقا قازاقنى ئۇيغۇرغا،ئۇيغۇرنى قازاققا كۈشكۈرتمەكچى بولدىڭىز ؟ زىددىيەت سېلىش، قېرىنداش مىللەتلەر ئوتتۇرىسىغا زىددىيەت سېلىش، ئەسلى گومىنداڭ خىتايلىرىغا ئادەت بولغان ئۇسۇل-چارە ئەمدىلىكتە، نەسلى كوممۇنىست ئەسلى خىتايلارغا مىراس قالغان بولمامدۇ؟ كىچىكتۇرۈشكە بولمايتى.

شۇڭا مەن، "نەپسىڭنى يىغىۋال! ناخشا ئوغرىسى ۋاڭ لوبىڭ"، " فىڭ خانىم ۋە ئاپتورلارنىڭ تارىخ قارىشىغا باھا" ماۋزۇلۇق ماقالىلارنى يېزىپ "ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى"دە ئېلان قىلىپ يۇقىرقى كىشلەرنى تەنقىد قىلدىم، خىتاي يازغۇچىلارنىڭ تارىخ قاراشلىرىغا رەددىيە بەردىم. بۇ ماقالىلار ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتىدە ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلىندى. ئويلاپتىمەن،ناخشا -مۇزىكا ئۇيغۇرنىڭ ئىدى، خىتاي ۋاڭ لوبىڭ ئۆزىنىڭ قىلىۋاپتۇ، مەن بۇ خىتاينى تەنقىد قىلدىم...ئۇيغۇرلار قوزغۇلۇپ نامايىشقا چىقسا، قاتارنىڭ ئالدىدا ماڭىمەن دەپ، ئويلاپتىمەن.نەدىكىنى؟ ھازىرغىچە ئۆزۈمنىڭ ياكى ئەقىللىق ياكى ئەقىلسىز ئادەملىكىمگە باھا بېرەلمەي كەلدىم. مۇستەملىكە مىللەتنىڭ غۇرۇرى مۇستەملىكە قىلغۇچى مىللەتنىڭ چەكتىن ئالقىغان ھاقارىتىگە ئۇچرىغاندا، كىشلەر سەكرەپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، مىللى غۇرۇرنى قوغدىشى، نۇمۇس-كۈچنى ئاقلىشى كېرەكمۇ ياكى جان بېقىشنىڭ كوچىسىدا لاي- پاتقاققا مىلىنىپ يۈرۈشى كېرەكمۇ؟ ئاۋۋالقىسى توغرا بۇلۇپ، كېيىنكىسى خاتا بولسا، مەن" ئەقىللىق "ئادەم ئىدىم، مۇبادا ئاۋۋالقىسى خاتا بۇلۇپ،كېيىنكىسى توغرا بولسا مەن "دۆت "ئادەم ئىدىم. بۈگۈنكى كۈندە ۋەتەن ئىچىدىكى ئۇيغۇرلار قالتىس يۈرەكلىك. لېكىن " مەن ئەقىللىق" ئادەم بۇلۇش بىلەن "دۆت " ئادەم بولۇشنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھازىرغىچە قايمۇقۇپ كەلدىم. لېكىن باشقا" ئەقىللىق "ئادەملەرچۇ ؟ ئۇلار "جان بېقىشنىڭ تەڭلىمىسى"نى ئىجات قىلىشىپ يۈرۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۈرۈمچىدە يازغان ماقالىلىرىم خىتايغا ئېغىر كەلدى. بۇلۇپمۇ دوستۇم شائىر ئوسمانجان ساۋۇت بىلەن بىرلىشىپ " رەقىبلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار" ماۋزۇلۇق كىتابنى تەرجىمە قىلغانلىقىم خىتايغا ھەددىدىن زىيادە ئېغىر كەلدى.چۈنكى، بۇ كىتابنىڭ ئامېرىكىلىق ئاپتورى جون گارۋېر ئەپەندى "يالتا شەرتنامىسى"نى ئىمزالاشنىڭ،"موسكۋا شەرتنامىسى"نى ئىمزالاشنىڭ تارىخى جەريانىنى 60% ئەتراپىدا پاش قىلىۋەتكەن. بىز

كىتابنى خىتاي تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدۇق.خىتاي بۇنداق بولۇشنى خالارمىدى؟
1995-يىلى 12-ئايدا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى يىغىنىدا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ سابىق باشلىقى فىلىڭ داجىن، مەن يېزىپ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ماقالىلىرىمنىڭ مەزمۇنىغا ھۇجۇم قىلىپ:" مىللەتچى، شوۋىنىست، تارىخنى بىلەمدىكىن؟"دىدى.شۇ قېتىمقى تەتقىقات يىغىنىدىن خۇلاسە چىقارغاندا،"شىنجاڭ گېزىتى" گە ماقالە يېزىپ فىلىڭ داجىن مېنىڭ ئىسمىمنى ئاتىماي تۇرۇپ تەنقىد قىلدى.فىلىڭ داجىن كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات يىغىنىدا مېنى تەنقىدلەشكە باشلىغاندا، شۇ يىغىنغا قاتناشقان ماينۇر قاسىم، ھەتتا ساۋدانوپ ئەپەندىلەر:
ن- نېمە دەيسەن، ناخشا - مۇزىكا ئۇيغۇرنىڭ ناخشا - مۇزىكىسى، سىقھاجى رۇزى ئۇيغۇر ئەدەبىيات ساھەسىدە تەنقىدچى، ئۇنىڭ تەنقىدلەش ھوقۇقى بارمۇ ياكى سەن ئۇنىڭ ھوقۇقىنى تارتىپ ئالدىڭمۇ، دېيىشتى. قارىغاندا ئۇنىڭ مۇڭگۈزىگە ئۇرسا تۇۋىقى سىرقىرايدۇ دېگەن ئۇيغۇر ماقال - تەمسىللىرى توغرا ئېيتىلغان ئىكەن. ئۇيغۇر ناخشىلىرىنى «مەن ئىجاد قىلدىم»، مېنىڭ ناخشام دەپ مۇتىھەملىك قىلغان خىتاي ۋاڭ لوبىڭنى ماينۇر قاسىممۇ، ساۋدانوپمۇ ئەيىپلىمەكچى بولغان ئىدى.
فىلىڭ داجىن سىگنال بەردى، قولغا ئېلىش... ئۇ «شىنجاڭ» مائارىپ ئىنىستىتۇتى رەھبەرلىرىگە تېلېفون بېرىپ: سىدىقھاجى رۇزىغا سىلەر چېقىلماڭلار، بىز ئۆزىمىز بىر تەرەپ قىلىمىز، دىدى. قانداق بىر تەرەپ قىلماقچى؟! ئايالىم رابىيە قادىر:
- قاچ، سىدىق قاچمىساڭ بولمايدۇ، قۇرداشلىرىڭ ۋە دوسلىرىڭنىڭ ھالى شۇ. بىز ئەمدى دەۋانى چەت ئەلدە قىلىمىز، قاچمىساڭ بولمايدۇ.
نەگە ؟
-ئوھوي...!
-نەگە؟

-ئوتتۇرا ئاسياغا...
- ۋەتىنىم گەرچە مۇستەملىكە بولسىمۇ، مەن ئۇچۇن ئايۋان- سارايغا بەرگۈسىزدۇر. ئايۋان- سارايدىن ئايرىلىپ ئېغىلغا قاچامدىم... قاچسام ئامېرىكىغا قاچىمەن...
1996 - يىلى 2 - ئايدا مەركەزدىن ئۇرۇمچىگە «7- نومۇرلۇق ھۆججەت» چۈشۈرۈلگەن ئىمىش. 1996-يىلى 4-ئاينىڭ 26-كۈنى شاڭخەيدە روسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى قاتناشقان "شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى" قۇرۇلماقچى بولدى، دېگەن خەۋەرلەر گېزىتلەرنى قاپلاپ كەتتى. دېمەك، روسىيە باشچىلىقىدا ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى خىتاي بىلەن بىرلىشىپ شاڭخەيدە يىغىن ئېچىپ، خىتاي مۇستە ملىكىچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى قاتتىق باستۇرۇشىغا يېشىل چىراق يېقىپ بەرمەكچى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن فىڭ داجىنىنىڭ سىگنالىمۇ، يەنە باشقا ھەممە، ھەممە ئىش ئايدىڭ بولدى. قەيەردە سەن دېموكراتىك دۆلەت ئامېرىكا! قەيەردە سەن، قىزىل كىرىمىل ئىمپېرىيىسىنى پارچىلاپ 15 دۆلەتكە بۆلۈۋەتكەن دېمۇكراتىك دۇنيا ؟!
1996-يىلى 2-ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى رابىيە قادىر ئەر-ئايال ئىككىمىز،[، ئىككىمىزنى" كۆزىتىپ" بىللە كەلگەن يەنە بىر كىشى بار ]بېيجىڭغا كېلىپ،ئامېرىكىنىڭ باش ئەلچىخانىسىغا كىردۇق. پاسپورتىمىزنى رابىيە خېنىم روجەككە ئۇزاتتى. بىر خىتاي تەتەي قولىغا ئېلىپ ئىچكىرىدىن بىرسىنى چاقىردى.27 ياشلار چامىسىدا ئامېرىكىلىق بىر يىگىت كېلىپ، تەتەينى ئورنىدىن قوپۇرۇۋېتىپ : قارشى ئالىمىز رابىيە قادىر، سىنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىڭنى قارشى ئالىمىز،- بىز سىنى ھامان بىر كۈنى مۇشۇ باش ئەلچىخانىغا كىلىدۇ دەپ،9يىل كۈتتۇق، دىدى........ خىتاي تىلىدا.
1996-يىلى 4-ئاينىڭ 24-كۈنى رابىيە خېنىم ئىككىمىز ئولتۇرغان ئايروپىلان ياپۇنىيە ئارقىلىق ئۇچۇپ ئۆتۈپ ئامېرىكىنىڭ دېترويت شەھىرىگە قوندى. 1996-يىلى 10-ئاينىڭ 17-كۈنى سىياسى پاناھلىق

بىرلىگەن داكومىنت قولۇمغا تەگدى.1997-يىلى 2-ئاينىڭ 5-كۈنى ئۈيغۇرستاننىڭ غۇلجا شەھىرىدە ئۈيغۇرلارنىڭ زور كۆلەملىك نامايىشى پارتلىدى. 2-ئاينىڭ 15-كۈنى بىز ئۈيغۇرلار ۋشىنگىتۇندا 100 كىشىلىك نامايىش تەشكىللىدۇق.1998-يىلى 11-ئاينىڭ 25- كۈنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر تىلىدا ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ قارمىقىدا ئۈيغۇرلارغا رادىئو ئېچىپ بېرىشنى قارار قىلدى. 1999-يىلى 7-ئاينىڭ 15-كۈنى باشقىلار بىلەن بىرلىكتە ئۈيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەجلىسىدە گۇۋاھلىقتىن ئۆتتۈم. 1999-يىلى 8-ئاينىڭ 11-كۈنى مېنىڭ ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە خېنىم ئۈرۈمچىدە خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى... باللىرىم قايسى كۈندە قالدى، مۇشۇ ۋاقىتتا باللىرىمنىڭ ھېسياتىنى كىم چۈشىنەر؟مەن قايسى كۈندە قالدىم، مۇشۇ ئاي مۇشۇ كۈنلەردە مېنىڭ ھېسياتىمنى كىم چۈشىنەر...؟

سىدىقھاجى رۇزى رابىيە قادىردىن 8يىل ئايرىلدى، كېيىنكى 6يىل ئىچىدە نە ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىدى، نە ئۇنىڭ بىر پارچە خېتىنى كۆرمىدى. سىدىقھاجى رۇزى1999-يىلى 7-ئاينىڭ 15-كۈندىن 2005-يىلى 3-ئاينىڭ 17-كۈنگىچە ئۆزى ۋە باللىرى بولۇپ ئۈيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە 6 قېتىم گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى.

كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ بېسىمى،ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ بېسىمى، ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلار كاتىپى كاندىلىزا رايىس خانىمنىڭ بېسىمى ئارقىلىق،خىتاي ھۆكۈمىتى رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى، رابىيە قادىر 2005-يىلى 3-ئاينىڭ17-كۈنى ۋا شىنگىتۇنغا يىتىپ كەلگەن كۈندىن باشلاپ، كىشىلىك ھوقۇق پائالىيىتى ۋە سىياسى پائالىيەت سىدىقھاجى روزىنىڭ قولىدىن رابىيە قادىرنىڭ قولىغا ئۆتتى. سىدىقھاجى رۇزى ئارقا سەپكە چېكىنىپ، رابىيە

قادىرنىڭ پائالىيەتلىرىگە ماتېرىيال تەييارلاپ بېرىدىغان كىشىگە ياكى كاتىپقا ئايلاندى.

تەرجىمھال خاراكتېرلىك ئەسلىمىنىڭ داۋامى

1967-يىلىنىڭ ياز ئايلىرى بولسا كېرەك،ئۇيغۇرنىڭ ئەركەكلىرى پائالىيەت قىلىۋاتقان قەشقەردە ئاخۇنوپ تەشكىلاتىغا ۋەكىل بولۇپ، ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ، رەھمەتلىك مىجىت باتۇر،قەشقەردىن كىلىپ،«قىزىل 3- باتالىيون " تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىرى ئايتان ۋە باشقىلار............ بىلەن ئۇرۇمچىدە كۆرۈشكەن ئىدى. كۆرۈشۈشكە مەن تەكلىپ قىلىنىدىم،ئەمما مەن قاتناشمىدىم. كۆرۈشۈش ھازىرقى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات پاكولتىتى بىناسىنىڭ 2- قەۋىتىدە "قىزىل 3- باتالىيون " ئىشخانىسىدا ئېلىپ بېرىلغان. نېمىشقا قاتناشمىدىم...؟ ئۆزۈمنىڭ ئىختىيارىمىدى ياكى باشقا بىرسى قاتناشما دېگەنمىدى؟ ھازىرغىچە ئەسلىيەلمىدىم. مىجىت باتۇر، ئايتان ۋە باشقىلار بىرلىكتە قۇراللىق قوزغىلاڭ توغرىسىدا سۆھبەتلەشكەنمىدى...؟ بىلمەيمەن.1969-يىلى 8-ئايدا ئۇيغۇرنىڭ ئەركەكلىرى ئاخۇنوپ، مىجىت باتۇر رەھبەرلىكىدە قەشقەردە قۇراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. تۈرمىدە ئىدىم، شامالداشقا چىققان ئىدىم، رادىئو توختىماي سۆزلەپ تۇراتتى،- "مىجىت، ئاخۇنوپ باشچىلىقىدىكى قۇراللىق قوزغىلاڭ قەشقەردە باستۇرۇلدى...."، ھەتتەڭگەي! شامالداشقا چىققان ھويلىدا ئىڭىشىپ قولۇمغا كېسەك ئېلىپ سېمونت -بىتۇن تامغا" ياشىسۇن مىللى قەھرىمان مىجىتنىڭ روھى"! دەپ،يازدىم. شوپۇر ئۇستام -جاپپار ئۇستامدىن باشقا، مەن بىلەن شامالداشقا چىققان جىنايەتچىلەرنىڭ ھەممىسى خىتاي ئىدى. جاپپار ئۇستام يېنىمغا كېلىپ، خەتنى يېگى بىلەن ئۆچۈرۈۋېتىپ، - ئۇكام دەردىڭ ئۇنىڭسىزمۇ يېتىپ ئاشىدۇ، دىدى. 1972-يىلى 10-ئاينىڭ 2-كۈنى قولۇمغا ئىشكەل پۇتۇمغا كىشەن سېلىپ تۈرمىنىڭ كاردورىغا ئېلىپ چىقىشتى. نەگە بارىمەن؟ ئويلايتىم. كىچىك ماشىنىغا سېلىشتى،نەگە بارىمەن...؟ ئويلايتىم، لېكىن تېگىگە

يتەلمەيتىم. تىبى ئۈنۈبىرسىتتىغا ئېلىپ بېرىشتى.قان ئىسكىلاتىغا كەلدۇق،-دېيىشتى. خىيالىمغا قوشۇلۇپ بىر قورقۇنۇچ يىتىپ كەلدى....... مىنى بۇ يەرگە نېمىشقا ئېلىپ كېلىشتى...... ئۇزۇن كارىدور... بىر ئۇيغۇر كۆرۈنمەيدۇ... خۇدا دېدىم، خۇدادىن ئۆزۈمگە كۈچ ئالدىم، جۈرئەت ئالدىم. بۇ تۇپراق مېنىڭ، بۇ ۋەتەن مېنىڭ دېدىم ئۆزۈمگە ئۆزۈم كۈچ ئاتا قىلدىم. ئىچىمدە، قورقۇشتىن بوشاپ كېتىۋاتقان ماجالىمغا تەسەللى بەردىم. يەنە غەيرەتكە كەلدىم . ئوتتۇرا ھالقىسدىن بىلىمگە باغلاپ قويۇلغا ن 10 كىلوگېرامدىن ئېغىر كىشەننىڭ ژىپىنى يېشىۋەتتىم. (قولۇمنى ھەرىكەتلەندۈرۈشكە بولاتتى) كىشەننى تاختايلىق پولنىڭ ئۈستىدە سۆرەپ ماڭدىم. ئوڭ پۇتۇمنىڭ ھالقا دانىنى سول پۇتۇمنىڭ ھالقا دانىغا ئۇرۇپ ماڭدىم. ( ھالقا دان كىشەننىڭ ھالقىسى ئۆتكۈزۈلىدىغان تۆمۈشۈقى ) كىشەن شۇنداق رىتىملىك ئاۋاز چىقاردىكى ئىشخانە -ئىشخانىدىن، كارىدۇرغا قارىتىپ ئېچىلغان دېرىزىلەردىن بېشىنى چىقىرىپ تاماشا كۆرۈۋاتقان دوختۇر، سېستىرا تەتەيلەرنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ ئۆتتۈم. قولۇمدىكى ئىشكەلنى يىشىۋىتىپ ئۈستەل ئۈستىگە ياتقۇزۇشتى.....سول قولۇمنى چىقىرىپ بەردىم....450 گىرام قېنىمنى ئېلىۋالدى... شۇ كېچىسى تۈرمىدە ئانا...!! دەپ يىغلىدىم.ئىككىنچى يىلى باھار يىتىپ كەلگەندە تۈرمىدە چىشىمنى ژۇيۇشقا ئولتۇرۇپ، ئورنۇمدىن قوپۇشتا ئورنۇمدىن دەرھال قوپالمايدىغان بولۇپ قالدىم....1977-يىلى 7-ئاينىڭ 31 كۈنى ئۇرۇمچىدە تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلدىم. ساقچى يالاپ ماشىنىغا سېلىپ ئاقسۇغا قارا پ ئېلىپ ماڭدى. نېمىشقا؟ چۈنكى، ئامېرىكا، خىتاي دۆلەتلىرى دېپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىدىغان ۋاقىت يېقىنلاپ كەلگەچكە خىتاي ھۆكۈمىتى،" شىنجاڭ "دېگەن يەردە بارلىق سىياسى مەھبۇسلارنى ئارقا -ئارقىدىن تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشكە ئازاد قىلىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى.

بۇ يەردە يەنە بىر دىتالنى قىستۇرۇپ ئۆتەى:

1977-يىلى 7-ئايدا مەن تۈرمدىن قويۇپ بېرلگەن كۈنلەردە 44يىل خىتاينىڭ تۈرمىسدە ياتقان ئۇيغۇرنىڭ دىنى ۋە سىياسى دائىسى ئابدۇل ئەزىز مەقسۇم قارا قىلچىك تۈرمىسدىن قويۇپ بېرىلىپ،كۇچاغا تۇققانلىرىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىكەن. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان قارامايلىق شوپۇر تۇرسۇن ئەپەندى، قەشقەرگىچە يۈك قاچىلاپ، مە قسۇمنىڭ ئۆزىنىڭ ئىختىيارى بويىچە كۇچادىن ئېلىپ ئاتۇشقا ئېلىپ بېرىپ بۇ قېتىم مەھشەتتىكى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئىكەن.

تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە كۇچادا مەقسۇمنى يوقلاپ كىرگەنلەردىن كىمدۇ، بىرسى: مەقسۇم ئاخىرزامان قاچان كېلىدۇ، دەپ سورىغان ئىكەن. مەقسۇم جاۋاب بېرىپ:

-قاچان كېلەتتى...يېنىڭدىن خىتايلار ئۆتۈپ تۇرغاندا... خىتايلار يۇرت-ماكانىڭنى بېسىۋېلىپ سەن بىلەن بېرگە ئولتۇرۇپ، بېرگە قوپقاندا ئاخىرزامان، ئاخىر زامان كەلگەن بولىدۇ. بۇگۈن ساڭا ئاخىر زامان بولمىدىمۇ؟دەپتۇ.

مەن،دوستۇم شوپۇر ئابدۇللا سەلەي بىلەن ئابدۇل ئەزىز مەقسۇمنى يوقلاپ،1978-يىلى 7-ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى مەقسۇمنىڭ مەھشەتتىكى ئۆيىگە كەلدۇق. ئۆينىڭ ئىچىدە 20-30 ئادەم مەخسۇمنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپتۇ. غە رىبى تام تەرەپكە بىر ياغاچ كارۋات قويۇلۇق ئىكەن، كارۋاتنىڭ شىمال تەرەپ بېشىغا بىر ياستۇق قويۇلۇق ئىكەن. كارۋاتقا گىلەم، كۆرپە سېلىقلىق ئىكەن. ساقاللىرى ئاقىرىپ كەتكەن، تۈكى ئۆسمەيدىغان بېشى يالاڭباشتاق ئابدۇل ئەزىز مەقسۇم ئۇچىسىغا ئاق كۆينەك، شىم ئورنىدا ئاق تامبال كەيگەن ئابدۇل ئەزىز مەخسۇم كارۋاتتىن پۇتنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ نوتۇق سۆزلەۋاتقان ئىكەن. مەن تۆۋەندە مەقسۇمنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى رەھمەتلىكنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى تەلەپپۇزى بويىچە يېزىپ قالدۇرىمەن. بىز ئۆيىگە كىرىشتىن بۇرۇن سۆز قەيەردىن

باشلاندى بۇنىڭدىن خەۋىرىمىز يوق. مەقسۇم سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق نوتۇق سۆزلىدى:
" گېرمان تۇگىسە دۇنيادا سانائەت تۈگەيدۇ،
ئىنگىلىز تۈگىسە دۇنيادا سەياسەت تۈگەيدۇ،
تۈرك تۈگىسە دۇنيادا شەجائەت تۈگەيدۇ،
روس بىلەن خىتاي تۈگىسە دۇنيادا ئاپەت تۈگەيدۇ"،بۇ نۇتۇق مەقسۇمنىڭ ۋەسىيتى ۋە ئامانىتى ئىدى. بۈگۈن بۇ يازمام ئارقىلىق ئۇنىڭ ئەۋلادىغا تاپشۇردۇم. مەقسۇم ئۇرۇمچىدە زوكام بولۇپ قېلىپ دوختۇر خانىدا بىر ھەپتە يېتىپ، دوختۇر خانىدىن چىققاندا ئېلىشىپ قالدى...80 -19يىللارنىڭ مەلۇم بىر كۈنىدە نېفىت قاچىلاپ شەرققە ماڭغان پويىزنىڭ چاقى ئاستىدا قېلىپ يۇرۇق دۇنيا بىلەن مەڭگۈ ۋىدالاشتى.
دوستۇم ئېركى[مۇڭغۇل بۇرتالالىق] ئۇيغۇرچە ئىسمى ئەركىن ھازىر شۋىتسىيىدە ئىستىقامەت قىلىۋاتىدۇ،قازاقىستاندىن كەلگەن.1968 -يىلى 5- ئايدا نامايىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن شائىر دولقۇن ياسىننى چېگرادىن قازاقىستانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە مەسئۇل بولدى. "شائىر" قازاقىستانغا ئېلىپ كېلىندى.مەن ئىمىشقا دوستۇم ئەركىنگە -مەن چىقىپ كېتەي دېمىدىم ؟" قېچىپ قۇتۇل" دەپ،تېلېگراممىا تاپشۇرۇپ ئالغاندىمۇ، بورتالاغا بېرىپ ساۋاقداشلىرىمنى ئىزدەپ تاپماقچى بولدۇم، لېكىن بىر تەرەپكە قېچىش بىر تەرەپكە كېتىش نىيىتىم يوق ئىدى.
ھۆرمەتلىك ئۇيغۇر ۋەتەنداشلىرىم! ئۆكىمىز ئابدۇرەھىمجان ئابدۇرەشىد ئەپەندىم، ئا لىمجان ئەپەندىملەرنىڭ ھاۋالىسىگە ئەمەل قىلىپ ئۇشبۇ تەرجىمەھالىمنى يېزىپ چىقتىم تۈركىيىگە نەشىر قىلىشقا بەرگەن كىتابىمغا تەرجىمە ھالىمنى قىسقىچە يېزىپ بەرگەن. بۇ قېتىم سەل ئۇزۇنراق يېزىلدى ئۆمرۈم يار بەرسە بېشىمدىن ئۆتكەن كۈنلەرنى تولۇق يېزىپ قالدۇرۇشۇم مۇمكىن. يۇقىرقى ئىشلار 1966-يىلدىن 1968-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە يۈز بەرگەن ئىشلار ئىدى.ئەسلەش جەريانىدا ئازابلاندىم.قازاقىستانغا قېچىپ چىقىپ كەتكەن دوستلىرىمنىڭ ئىچىدە

ئابت، ئايتان ئوسمانوپلار بىرسى دوختۇر خاندا، يەنە بىرسى ئىشلەۋاتقان يېرىدە قازاقىستاندا تۇيۇقسىز ۋاپات بولۇپ كەتتى... پاكىتىم يوق لېكىن گۇمان قىلىمەن... يۇقىرىدا سۆزلەنگەن بۇ ھېكايىلەر بۇنىڭدىن 45 يىل بۇرۇن يۈز بەرگەن ئىشلار... ئادەمنىڭ ئەستە قالدۇرۇش كۈچىمۇ ئاجايىپ بولىدىكەن. چۈشۈپ قالغان، كېمىپ قالغان تەرەپلىرى بولسا، ھازىرمۇ ھايات ياشاۋاتقان شۇ دەۋرنىڭ ۋەقەلىرىگە شاھىد بولغان ۋەتەنداشلىرىمنىڭ تولۇقلاپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. 45 يىل... ھازىرلا ياشلىقىمغا قايتقاندەك بولدۇم، بايراق كۆتۈرۈپ قاتارغا كىرىپ، ساۋاقداشلىرىم بىلەن بىرگە خىتايغا قارشى نامايىش قىلغاندەك بولدۇم........

بىر قېتىم گېرمانىيىدە ئۈكىمىز ئالىمجان ماڭا:

_ سىزنىڭ بېشىڭىزدىن ئۆتكەن ئىش، ۋەتەنگە، مىللەتكە، ئازادلىققا مۇناسىۋەتلىك بېشىڭىزدىن ئۆتكەن ئىش ئىنتايىن كۆپ، ۋەتىنىنى، مىللەتنى دەپ، تۈرمىدە ياتقانلىقىڭىزدىن خەۋرىمىز بار، يېزىپ قالدۇرۇشىڭىز، بىزگە سۆزلەپ بېرىشىڭىز كېرەك ئىدى، دېگەنىدە، مەن:

-ئوغۇل بالا ئۆتمۈشتە ئەركەكتەك ئىش قىلغان بولسا، ئەركەكتەك قىلغان ئىشلىرىنى باشقىلارغا سۆزلەپ ئولتۇرمايدۇ، بەلكى شۇ قىلغانلىرى ئاساسىدا يەنە ئەركەكتەك ئىش قىلىدۇ، دېگەن ئىدىم. مۇنداق قارىسام بۈگۈن ئويلىسام مېنىڭ بۇنداق كۆز قاراشلىرىم، ئالىمجان ئۈكىمىزغا دېگەنلىرىم يېڭى دەۋردە ياشاۋاتقان سىيىت گاڭگۈڭچە ئاخماقلىق ئىكەن. مەن سۆزلەپ بەرمىسەم مەن يېزىپ بەرمىسەم قىزىق ئىش مىنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىمنى كىم بىلىدۇ؟ مەسىلەن، شۇ چاغدا مەن ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ ئۈتەيدە قولغا ئېلىنىدىم، ئاجايىپ ھېكايىلارغا ( 1969-يىلى 1-ئاينىڭ 17-كۈنى) تولغان بۇ كېچە توغرىسىدا كىمنىڭ خەۋرى بار دەيسىلەر؟ باشقا ئادەملەرنىڭ چۈشىگىمۇ كىرمەيدىغان قورقۇنۇچلۇق كېچىلەرغۇ، بۇ. مەن يېزىشىم كېرەك. ۋەتەنداشلىرىم بىلىپ قېلىشى كېرەكقۇ؟

مەيلى رابىيە قادىر بولسۇن، مەيلى مەن بۇلاي بىشىمىزدىن ئۆتكەنلەرنى، تارتقان كۈنلىرىمىزنى ھەرگىز ۋەتەنپەرۋەر ۋەتەنداشلىرىمىزغا سىلىشتۇرمايمىز، چۈنكى، ۋەتەن، مىللەت - دىگەن ھەر قانداق ئۇيغۇرنىڭ بىشىدىن ياكى ئۇنداق ئىش ئۆتكەن بولىدۇ ياكى مۇنداق ئىش ئۆتكەن بولىدۇ. ئالدىنقى شەرت شۇكى، " ۋەتەن، مىللەت " دىگەن ھەر قانداق ئۇيغۇرنىڭ بىشىدىن....... ئۆتكەن، بۇ دۇنيادا" ئازاپ -ئۇقۇبەت دەيدىغان نەرسىمۇ يوق" ، " خۇشاللىق ۋە شات- خۇراملىق دەيدىغان نەرسىمۇ يوق. پەقەت ئەھۋالنى، مۇھىتنى بىر -بىرىگە سىلىشتۇرۇشلا بار" ،بىراق ئەقلىمىزنى ئۇيغۇرلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ختايلارغا سىلىشتۇرۇشقا تامامەن ھوقۇقلۇق بىز. لىن بياۋ موگىغۇلىيىنىڭ ۋىندۇرخان ئۆلكىسىدە ئۆلدى، سياسى ئۆزگىرىش قىلىمەن دىدى قىلالمىدى. ھەتتا ئۆزىنىڭ جىنىنىمۇ ساقلاپ قالالمىدى ؛ئاما سىدىقھاجى روزى،ئايتان ئوسمانوپ، ئىركى، قاتارلىق ساۋاقداشلار بىر مەيدان نامايىش تەشكىللەش ئارقىلىق ختاينىڭ ئاساسى قانۇندا بەلگىلەنگەن" يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش" دەيدىغان بىر ماددىنى، ختاينىڭ " مىللى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش" دەيدىغان بىر ماددىغا ئۆزگەرتىشىدە، ختايغا يىتەرلىك بىسىم پەيدا قىلالىدى. 1987-يىلى رابىيە قادىر 7 قەۋەتلىك ئائىلىلىكلەر بىناسىغا ھۇل تاش، ھۇل تاش ئۇستىگە پىششىق كىسەك قويغاندا،1مىليارد 300مىليۇن نوپۇسقا ئىگە ختاي مەملىكىتىدە تىخى بىر ختاي،توخۇ كاتىگىمۇ سالالمىغان ئىدى. 20-ئەسىرنىڭ 10-20-يىللىرىدا فرانسىيىدە ئوقۇۋاتقان جۇئېنلەي، دىڭ شياۋپىڭ، كالىفورنىيە، ياپۇنىيەدە ئوقۇغان ئامىرىكىلىق سۇ نجۇڭسەن قاتارلىق ختاينىڭ ئەينى چاغدىكى دىموكراتلىرى ختاينىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا خەلقئارا جەمئىيەتتە ھىچ ئىش قىلالمىغان ئىدى. لىكىن شۇ ۋاقىتتىلاردا ئامىرىكىنىڭ پرىزىدىنتى ۋىلسون ئامىرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ قوللىشى ئارقىلىق "ۋىلسون ختابنامىسى" نى ئېلان قىلىپ،كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتلىرىگە نەزەرىيىۋى ئاساس تەييارلاپ بەرگەن چاغلار ئىدى. ھازىر

ئوتتاۋادىن-سىدنىغىچە، ۋاشىنگىتۇندىن -بېرلىنغىچە،ئوسلودىن -ئامستېردامغىچە، ئالمۇتادىن- توكيوغىچە، ئەنقەرەدىن لوندۇنغىچە شۇ دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان ھەربىر،" ۋەتەن"، دېگەن ئۇيغۇر ئائىلىنىڭ نەسەپ تارىخىنى ۋاراقلاپ كۆرسەڭ، (ئايرىم ئۇيغۇر تىللىق ئائىلىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا ) ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئۈچۈن، ئۇيغۇرىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلىقىنى ۋە قىلىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىن ھەم كۆرەش قىلىدىغانلىقىنى بىمالال كۆرۈپ ئالالايسەن!

ئۇيغۇرلار ئۇمۇمي يۈزلۈك ئويغىنىش دەۋرىگە يېتىپ كەلگەنمۇ؟ يېتىپ كەلدى، ئەلۋەتتە يېتىپ كەلدى مەيلى ئاڭلىقلىرى، ئاڭسىزلىرى، دېھقانلىرى، زىيالىيلىرى ئوخشاشلا شۇنداق دەۋرگە يىتىپ كەلگەنمۇ، يېتىپ كەلدى!!! ئويغىنىش ھەرىكىتى دېگەن نىمە؟ پەيلاسوپ كانت مۇنداق دەيدۇ: " ئويغىنىش ھەرىكتى دېگەنلىك- ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزى- ئۆزىگە تېڭىپ قويغان پىشىپ يېتىلمىگەن ھالەتتىن قۇتۇلۇشى دېگەنلىكتۇر. پىشىپ يېتىلمىگەن ھالەت دېگىنىمىز،- باشقىلارنىڭ يېتەكلىشىگە تايانماي تۇرۇپ،ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستىنى ئىشقا سېلىپ ھەر قانداق بىر ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرالماسلىق بۇ،پىشىپ يېتىلمىگەن ھالەت دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭ سەۋەبلىرى ئەقىل-پاراسەتنىڭ كەملىكىدىن ئەمەس بەلكى، باشقىلارنىڭ يېتەكلىشىگە تايانماي تۇرۇپ، ئىشلىتىشكە تىگىشلىك غەيرەت، شىجائەت ۋە ئىرادىنىڭ كەم بولۇشىدىن ئىبارەت پىشىپ يېتىلمىگەن ھالەت، ئىنسانىيەت ئۆزى- ئۆزىگە تېڭىپ قويغان پىشىپ يېتىلمىگەن ھالەتتۇر. غەيرەت- شىجائەتىڭلا بولىدىكەن ئۇنداقتا، ئۆزۈڭ ئەقىل-پاراستىڭنى ئىشلەت! مانابۇ ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ شۇئارىدۇر.

2013-يىلى7 -ئاينىڭ22 -كۈنى يېزىلدى.

2014 -يىلى 2-ئاينىڭ12 -كۈنى قايتا تۈزۈتولدى. ۋاشىنگتون

2006-يىلى11 -ئاينىڭ26 -كۈندىن باشلاپ رابىيه قادىر خەلقئارا ئۇيغۇر مىللەت دەۋاسىنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ ھازىرغىچە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ كونا- يېڭى رەھبەرلىرى مۇئاۋىن رەئىس سىيىتىم تۆم تۈرك، ئىجرائىيە رەئىس دولقۇن ئەيسا، مۇئاۋىن رەئىس قەھرىمان خۇجامبەردى، مۇئاۋىن رەئىس ئەسقەرجان، مۇئاۋىن رەئىس ئۆمەر قانات، ياۋروپا شەرقى تۈركىستان بىرلىكىنىڭ رەئىسى ئەنۋەرجان، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ نۆۋەتتىكى كاتىپى نۇر مەمەت مۇساباي، دۇنيا ئۇيغۇر ئاياللىرى قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى رىسالەت خانىم، مۇئاۋىن رەئىسى ئاسىيە خانىم قاتارلىق ئۇيغۇر سىياسى پائالىيەتچىلەر ۋە ئۇيغۇر رەھبەرلەر بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇرنىڭ مىللەت دەۋاسىغا ۋەكىل بولۇش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ.

رابىيه قادىر، شەرقى تۈركىستان، خىتاي ئىشغال قىلغاندىن كېيىن خىتاي تىلىدا شىنجاڭ دەپ ئاتىلىدىغان، بىر ئۆلكىنىڭ ئالتاي ۋىلايىتى ئالتاي شەھرىدە 1946-يىلى11 -ئاينىڭ15 - كۈنى دۇنياغا كەلدى.1949-يىلى 10- ئايدا خىتاي قىزىل ئارمىيىسى بۇ ئۆلكىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، 1962-يىلى ئالتاي شەھرىدىكى ئۇيغۇرلارنى تارقاقلاشتۇرۇپ، دادىسى قادىرجان ۋاقىتلىق ئالتايدا قالدى، رابىيه قادىرنىڭ ئانىسى تاجىنىسا باشلىق بىر ئائىله كىشىلىرىنى جەنۇبى" شىنجاڭ" نىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتىگە سۈرگۈن قىلدى.رابىيه قادىر، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى ئاقسۇدا تاماملىدى. ئىقتىسادى قىيىنچىلىق تۈپەيلى داۋاملىق ئوقۇيالماي ئائىلىگە قوشۇمچە كىرىم قىلىش يولىدا مەھەللىۋى تىجارەت قىلىپ، كىچىك باللارنىڭ كىيىم كېچەك، باش كىيىملىرىنى تىكىپ سېتىپ،ئۆزىنىڭ ئەمگىكى ئارقىلىق تۇرمۇش كۆچۈرۈشكىمۇ يول قويمىغان خىتاي ھۆكۈمىتى، قانچە قېتىم رابىيه قادىرنىڭ پۇل -پىچەك،مال -بىساتى، تىكىپ قويغان كىيىم- كېچەكلىرىنى مۇسادىرە قىلدى.

1978-يىلى رابىيە قادىر، تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، شەھەر ئاتلاپ تىجارەت قىلىپ،1980 -يىلى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىسلاھات - ئېچىۋىتىش دەۋرىگە يېتىپ كەلدى. 1987-يىلى ئاۋۋال8 " مارت سودا بازىرى" نى قۇرۇپ چىقىپ نەچچە يۈز لىگەن ئاياللارنى سودا تىجارەت قىلىشقا يېتەكلەپ ئۇلارغا چىقىش يولى تېپىپ بەردى. ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ سودا -تىجارەت ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشىدە ئاكتىپ ھەرىكەت قىلدى. رابىيە قادىر،سودا -تىجارەت ئارقىلىق شەرقى تۈركىستان " شىنجاڭ" نىڭ پايتەختى ئۈرۈمچى شەھرىدە 7قەۋەتلىك ئاپارتمان سېلىپ،ئۇيغۇر ئاھالىلارنى يېڭى ئۆي بىلەن ھەقلىق تە مىنلىدى. 1991- يىلى پۈتۈن ياۋروپا ۋە سابىق سوۋېتلەر ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش دەۋرىگە يېتىپ كەلگەندە، خىتايدىمۇ سىياسەت بوشاپ، خىتايدا ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ بېيىشىغا روخسەت قىلىشقا ۋە كەڭچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولغاندا، رابىيە قادىر ئۈرۈمچى شەھرىدە، "رابىيە قادىر سودا سارىيى" نى سېلىپ پۈتتۈرۈپ، مىڭلارچە ئۇيغۇر تىجارەتچىلەرگە دۇكان ئېچىپ باي بولۇش پۇرستى يارىتىپ بەردى.

ئۇيغۇر خانىم قىزلارنى جەمئىيەتكە يېتەكلەش، پۇل تېپىپ ئاياللارنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالىنى ياخشىلىشىغا ياردەم بېرىپ ئائىلىدە باللارنى ياخشى تەربىلەشكە ئىمكانىيەت يارىتىش ئۈچۈن رابىيە قادىر،200 دىن ئارتۇق خانىم قىزلارنى تەشكىللەپ1997 -يىلى 12-ئاينىڭ15 -كۈنى " مىڭ ئانا شىركىتى"نى قۇرۇپ چىقتى. بىراق، شىركەت قۇرۇشقا رۇخسەت قىلغان خىتاي ھۆكۈمىتى مىڭلارچە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىقتىسادقا باغلىق ئويغىنىشىدىن ۋە تەشكىللىنىۋاتقانلىقىدىن چۈچۈپ1998 -يىلى 2 - ئاينىڭ25 -اكۈنى "مىڭ ئانا " شىركىتىنى تاقاشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، شىركەتنىڭ بانكىغائامانەت قويغان نەخ پۇلنىمۇ توڭلاتتى. "مىڭ ئانا شىركىتى" نىڭ تىجارەت كىنىشكىسىنى ھەر قانداق سەۋەبسىز مۇسادىرە قىلدى.

رابىيە قادىرنىڭ تىجارەت دائىرىسى كېڭەيگەنسېرى ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىشمۇ شۇنچە كۆپىيىشكە باشلىدى.ھەتتا توك ئىدارىسى، سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىدارىسى، ئوت ئۆچۈرۈش ئىدارىلىرىمۇ، رابىيە قادىرنىڭ سودا-تىجارەتنى كېڭەيتىشىگە توسقۇنلۇق پەيدا قىلدى.شەرقى تۈركىستان "شىنجاڭ" ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ مىللى كادىرلىرىمۇ رابىيە قادىرغا سىياسەت بويىچە ياردەم قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.دېمەك، رابىيە قادىر قەدەمدە بىر قېتىم كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى،ئۇ ئۆزىنىڭ ھوقۇقلىرىنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى ئويلاشقا باشلىدى. كىشىلىك ھوقۇقى شۇنداق خورلۇققا دۇچ كېلىۋاتقان رابىيە قادىر ئۆزىنىڭ يولدىشى سىدىقھاجى روزىنى ئامېرىكىغا چىقىرىۋەتتى. ئۆزى ۋەتەندە قېلىپ گېزىتلەردە خەۋەر قىلىنغان، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ئائىت بايانلىرنى كېسىپ توپلاپ، پوچتا ئارقىلىق ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان ئۆمۈرلۈكى سىددىقھاجى روزىغا چىقىرىپ تۇردى ۋە ئەۋەتىپ تۇردى.

1999-يىلى8 -ئاينىڭ11 -كۈنى ئامېرىكا كوڭگىرىسىنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كىلىپ، رابىيە قادىر بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغاندا، مېھمانلار چۈشكەن مېھمانخانە ئالدىغا يېتىپ كەلگەن رابىيە قادىر،خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى. رابىيە قادىر سومكىسىغا سېلىۋالغان، " ئامېرىكا خەلقىگە مۇراجىئەت "ماۋزۇلۇق، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ئائىت يېزىلغان 10ماددىلىق بىر پارچە ماتېرىيال ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشتى.2000 -يىلى3 -ئاينىڭ9 -كۈنى خىتاينىڭ سوت ئورگانلىرى رابىيە قادىرغا8 يىللىق قاماق جازاسى ئېلان قىلدى.

"ئۇمۇمى كەچۈرۈم "خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىغا ئوخشاش خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ بېسىمى، بولۇپمۇ ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرپ دۆلەتلىرى گېرمانىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيە، نورۋىگىيە، ئاسىيادا ياپونىيە قاتارلىق دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ بېسىمى ۋە شۇ دۆلەت پارلامېنتلىرىنىڭ بېسىمى ئارقىلىق خىتاي ھۆكۈمىتى رابىيە

قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بىرىشكە مەجبۇر بولدى. رابىيە قادىر2005 - يىلى ئامېرىكا دىپلوماتلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا3 -ئاينىڭ17 -كۈنى ۋاشىنگتۇنغا يىتىپ كەلدى.
2005-يىلى4 -ئاينىڭ25 -كۈنى رابىيە قادىر، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى مەسىلىسى توغرىسىدا تۇنجى بولۇپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى.
1-2005 -يىلى6 -ئاينىڭ1 -كۈنى ئامېرىكا كوڭگىرىسسىنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئۈرۈمچىگە بېرىپ رابىيە قادىرنىڭ بالىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىماقچى بولغاندا، رابىيە قادىرنىڭ روشەنگۈل ئابدۇرېھىم، قاھار ئابدۇرېھىم، ئالىم ئابدۇرېھىم، ئابلىكىم ئابدۇرېھىم قاتارلىق بالىلىرىنى خىتاي ساقچىلىرى قولغا ئالدى. بۇنىڭ ئىچىدە قاھار ئابدۇرېھىم 6 ئايدىن كېيىن قويۇپ بېرىلدى. روشەنگۈل ئابدۇرېھىم 3كۈندىن كېيىن قويۇپ بېرىلدى. رابىيە قادىرنىڭ بالىلىرىنى قولغا ئالغاندا ساقچىلار، رابىيە قادىرنىڭ قىزى روشەنگۈلنىڭ قولىغا تېلېفوننى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئابلىكىم ئابدۇرېھىمنى ئۇرۇپ قىيناپ، ئۇنىڭ تاياق زەربىدىن ئانا دەپ توۋلىغان ئاۋازىنى ساقچىلار تېلېفون ئارقىلىق ۋاشىنگتۇندىكى ئانىسى رابىيە قادىرغا ئاڭلاتتى.
2- رابىيە قادىر 2006-يىلى11 -ئاينىڭ26 -كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى بولۇپ سايلانغاندا، خىتاينىڭ سوت ئورگانلىرى رابىيە قادىرنىڭ كىچىك ئوغلى ئالىم ئابدۇرېھىمغا تۆھمەت بىلەن "باج تاپشۇرمىدى "دەپ،جىنايەت ئارتىپ7 يىللىق قاماق جازاسى ئېلان قىلدى. مىللى بۆلگۈنچىلىككە قۇتۇرتىپ تور بىتىگە ماقالە يازدى دەپ، جىنايەت ئارتىپ رابىيە قادىرنىڭ ئوتتۇرانجى ئوغلى ئابلىكىم ئابدۇرېھىمغا 9يىللىق قاماق جازاسى ئېلان قىلدى.
3- 2005-يىلى10 - ئاينىڭ5 -كۈندىن25 -كۈنگىچە، رابىيە قادىر گوللاندىيە، بىلگىيە قاتارلىق 7 ياۋروپا دۆلەتلىرىگە كىشىلىك ھوقۇق دەۋاسى قىلىپ بېرىپ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ پارلامېنت ئەزالىرىغا ئۇيغۇرلارنىڭ

كشىلىك ھوقۇق تەلەپلىرىنى يەتكۈزدى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى قانداق دەپسەندە قىلغانلىقىنى پاش قىلدي.

4- رابىيە قادىر، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنى بىر تەشكىلاتقا بىرلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنى بىر تەشكىلات رەھبەرلىكىنىڭ ئاستىغا توپلىدى.

5- ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق تەلەپ -دەۋالىرىنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن بىرلىكتە پائالىيەت پىروگىراممىسىغا ئايلاندۇرۇپ، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرپ دۇنياسىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ،رابىيە قادىر ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەۋاسىنى دۇنياۋى كۈن تەرتىپكە ئېلىپ كەلدى.

6- ياۋروپا دۆلەتلىرىگە ۋە شەرقى ياۋروپا دا چىخ جۇمھۇرىيىتىگە ئالاھىدە يېتىپ بېرىپ رابىيە قادىر7 يىلدىن بېرى توختىماي دۇنيا بويىلاپ ئۇيغۇرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەۋاسىنى قىلدى.

7-گېرمانىيە، شۋىتسىيە، شۋىتسارىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە داۋاملىق بېرىپ رابىيە قادىر، شۇ دۆلەتلەرنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋە پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەردىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن باشقا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ جەنۋە كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىغا كىرىپ نوۋاك ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ، يەنە بىر نەچچە قېتىم باشقا رەھبەرلەر بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەردىنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا يەتكۈزدى.شۇ دۆلەتلەرگە داۋاملىق ئاتلاتتى. مۇخبىرلارنىڭ ئىز قوغلاپ خەۋەر قىلىشى ئارقىلىق ئۇيغۇر دەۋاسى شۇ دۆلەتلەردە مەتبۇئاتلاردا يەر ئالدى. تېلېۋىزىيىدە كۆرستىلدى. دۇنياۋى كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىغا ئۇيغۇرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق تەلەپلىرىنى مەلۇم قىلىپ، ھەمكارلىشىپ،

خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.
8- رابىيە قادىر، ۋەتەن ئىچىدە قۇدرەتلىك ئۇيغۇرلارنىڭ، ۋەتەن سىرتىدا ھەقىقى ئەخلاقلىق ئادىمى ئۇيغۇرلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.
9- رابىيە قادىر، ئىتالىيە كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتىغا، نورۋېگىيە رافتو مۇكاپاتىغا، تۈركىيە مەزلۇملار مۇكاپاتىغا، ئامېرىكىدا كىشىلىك ھوقۇقنى كۈزەتكۈچى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتى بولۇپ، جەمئى5 قېتىم كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.
10-2009 -يىلى 7-ئاينىڭ5 - كۈنى "شىنجاڭ" نىڭ پايتەختى ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇرلار تىنچ يول بىلەن نامايىش قىلغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قاتتىق باستۇرۇشىغا ئۇچرىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى، ئۈرۈمچى نامايىشىنى رابىيە قادىر پىلانلىدى دەپ، ھۆكۈم قىلىپ 500 نەپەر ئۇيغۇر تىجارەتچىنى رابىيە قادىر سودا سارىيىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، سودا سارايغا قۇلۇپ سالدى.
11- ۋەقەدىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى رابىيە قادىرنىڭ تۈرمىدىكى ئىككى نەپەر ئوغلىنى ئادەتتىكى جازا بېرىش تۈرمىسىدىن قاتتىق باشقۇرىدىغان تۈرمىگە يۆتكەپ كەتتى. ھازىرغىچە ئوغلى ئابلىكىم ئابدۇرېھىم تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلمىدى. كىچىكى ئالىم ئابدۇرېھىم كېسىم ۋاقتى توشۇپ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلدى.
12 - كىشىلىك ھوقۇق ئۈچۈن پائالىيەت قىلىشنى ئۆزىنىڭ نىشانىغا ئايلاندۇرغان رابىيە قادىر، خەلقىنىڭ ئەركىنلىكى، كىشىلىك ھوقۇقى ئۈچۈن كۆرەش قىلىپ، مال -مۈلكىدىن ئايرىلىپ، ئۇنىڭ باللىرى ۋەتەندە خىتاينىڭ تەھدىتى ئىچىدە ياشاۋاتقان بولسا، رابىيە قادىر،چەتئەللەردە خىتاي داشقاللىرىنىڭ تەھدىتى ئىچىدە ياشاپ تۇرسىمۇ يەنىلا، ئامېرىكا ۋە غەربى ياۋروپا، ئاسىيادا ياپونىيە، ئاۋستىرالىيە دۆلەتلىرى دېمۇكراتىك ئەللەر يارىتىپ بەرگەن پۇرسەت ۋە ئىمكانىيەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ،

ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەر جەھەتتىن ياردەم قىلىشىغا تايىنىپ، رابىيە قادىر توختىماي كىشىلىك ھوقۇق پەئالىيىتى قىلىۋاتىدۇ.
13- رابىيە قادىر، ئامېرىكا دېموكراتىيە فوندى جەمئىيىتىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئاياللارنى يەنە شۇ ئاياللارنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇمۇمى 6 قېتىم دۇنيا بويىچە سېمىنارىيىگە تەشكىللەپ، دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق بويىچە تەربىلەشنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئىمكانىيەت ياراتتى.
14 -رابىيە قادىر قايسى دۆلەتكە بېرىپ كىشىلىك ھوقۇق پائالىيىتى قىلماقچى بولسا، خىتاي ھۆكۈمىتى شۇ دۆلەتلەرگە بېسىم ئىشلىتىپ، رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتلىرىنى چەكلىمەكچى بولدى. لېكىن رابىيە قادىر ھەرگىز تەۋرەنمىدى.
15 -رابىيە قادىر، تىبەت، موڭغۇل، خىتاي دېموكراتلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئۆز ئارا ھەمكارلىشىپ، كىشىلىك ھوقۇق پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ يوللىرىنى ئاچتى.
16 - رابىيە قادىر پۈتۈن ئۇيغۇرلارغا چاقىرىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ 3 يۈز دوللار، 5 يۈز دوللاردىن ئىئانەقىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئامېرىكىدا فورت ۋاشىنگتوندا ئۇيغۇر ئۆيى سېتىۋېلىپ، ئۇيغۇرنىڭ مىللەت كىملىكىنىڭ يوقۇلۇپ كەتمەسلىكىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئۇيغۇرنىڭ ئىلغار زىيالىيلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى قۇرۇپ چىقتى.ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنى، دىنى ئېتىقادىنى قوغداشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىششى كېرەكلىكىنى، يېڭىلا سېتىپ ئالغان ئۇيغۇر ئۆيىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىشنى دائىم تەكىتلىدى.
17- رابىيە قادىر،ئۇيغۇرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەۋاسىنى تىنچ يول بىلەن ئېلىپ بېرىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، خىتاي بىلەن دېئالوگ قۇرۇشقا مۇراجىئەت قىلدى.
19- رابىيە قادىر7 يىل جەريانىدا تەخمىنەن 17 قېتىم ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈپ، خىتاي ھۆكۈمىتى دەپسەندە قىلغان

ئۇيغۇر كىشىلىك خاتىرىسىنى، دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئەزالىرىغا ئاشكارىلىدى.
ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈش 2012-يىلى 7 -ئاينىڭ 25 -كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە ئېلىپ بېرىلدى.
20- ئەرەپ ئىسلام دۇنياسىنىڭ تەشۋىقات -مەتبۇئات ۋاستىلىرىدا، ئۇيغۇرنى تونۇشتۇرىدىغان پىروگراممىنىڭ بىرىدە 2012 -يىلى7 -ئاينىڭ 31-كۈنى ئەتىگەندە قاتارنىڭ" ئەلجەزىرە تېلېۋىزىيە" قانىلىدا ئۇيغۇر مىللى ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى رابىيە قادىر خانىم تونۇشتۇرۇلدى. بۇ پىروگراممىنىڭ ۋاقتى 1 سائەتتىن ئارتۇق بولدى. بۇ ھەقىقەتەن بۈيۈك بىر ئىش بولدى.
21 -رابىيە قادىر خانىم 2012-يىلىدىكى "خەلقئارادىكى تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك 500مۇسۇلمان" نىڭ بىرى بولۇپ باھالىنىپ، شۇ سانىنىڭ ئىچىدە 49 - مەرتىۋىگە قويۇلدى. بۇمۇ ھەم ئىنتايىن ئۇلۇغ بىر ئىش بولدى.
22 - ئۇيغۇر مىللى ھەرىكتى رەھبىرى رابىيە قادىر خانىم، 2013-يىلى 1-ئاينىڭ 17-كۈنى ئامېرىكىنىڭ" خەلقئارالىق ئەركىنلىك مۇكاپاتى"غا ئېرىشتى. بۇ مۇكاپاتنىڭ بېرىلىشى ئەلىيۇل ئەلالىق ئۇستىگە يەنە بىر قېتىملىق دەنا غەلبە بولدى. جەئى6 قېتىم مۇكاپاتقا ئېرىشتى.
رابىيە قادىرنىڭ ئائىلە ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:
1) رابىيە قادىرنىڭ ئۆمۈرلىكى سىدىقھاجى روزىنىڭ دادىسى روزى قارى، زومگەر پومىشچىك ئايرىلىپ،1952 -11-ئايدىن1955 -يىلى11 - ئايغىچە خىتاينىڭ تۈرمىسىدە ھەپسىدە ياتتى، بەلكى شۇ ئايدا تۈرمىدىن روزى قارىنىڭ تىرىكى ئەمەس جەسىدى يېنىپ چىقتى.
2)سىدىقھاجى روزى،1968 -يىلى ئۈرۈمچىدە، "خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى"نىڭ ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىگە مەسئۇل رەھبىرى بولۇپ،3 - باتالىيۇن ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتى" مىللەتچى ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىپ، 1969-يىلى1 -ئاينىڭ 17 -كۈندىن 1977-يىلى

10-ئايغىچە خىتاينىڭ ئۈرۈمچىدىكى لىيۇداۋەن تۈرمىسىدە ۋە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تۈرمىدە 8يىل 9-ئاي ھەپسىدە ياتتى.
3)رابىيە قادىر، ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان ئۆمۈرلۈكى سىدىقھاجى روزىغا گېزىت ماتېرىياللىرىنى يوللاپ بىرىپ، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدىن ئۈرۈمچىگە يىتىپ كەلگەن مېھمانلار نىڭ تەكلىپى بويىچە كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئۇلار چۈشكەن مېھمانخانىغا كېتىۋېتىپ قولغا ئېلىنىپ، 1999 -يىلى8 -ئاينىڭ11 1-كۈندىن 2005 -يىلى 3 -ئاينىڭ 17 -كۈنگىچە 5يېرىم يىل خىتاينىڭ ئۈرۈمچىدىكى لىيۇداۋەن، بااجىياخۇ تۈرمىسىدە ھەپسىدە ياتتى.
4) ئوغلىمىز ئالىم ئابدۇرېھىم 2006-يىلى-11 ئاينىڭ 26-كۈنى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى تەرىپىدىن7 يىللىق قاماق جازاسىسىغا ھۆكۈم قىلىندى.
5)ئوغلىمىز ئابلىكىم ئابدۇرېھىم خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ قانۇنسىز ئەدىلىيىسى تەرىپىدىن تور بېتىگە ماقالە يېزىپ ممللەتلەر ئارا ئۆچمەنلىككە قۇتراتقۇچى جىنايىتى ئارتىلىپ 9 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. ھازىر تۈرمىدە ھەپسىدە. بۇنىڭدىن بۇرۇن 1999 -يىلى ئوغلى ئابلىكىم ئابدۇرېھىم، ئانىسى رابىيە قادىر بىلەن بىرلا ۋاقىتتا قولغا ئېلىنىپ3 يىللىق" لاۋجاۋ"غا ھۆكۈم قىلىنغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم قولغا ئېلىنىپ 9 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.
6)ئوغلىمىز قاھار ئابدۇرېھىم2006 -يىلى6 -ئاينىڭ1 - كۈندىن12 -ئاينىڭ1 -كۈنگىچە يېرىم يىل خىتاينىڭ تۈرمىسىدە ھەپسىدە ياتتى.
7)رابىيە قادىر 2013-يىلى4 -ئاينىڭ20 -كۈندىن 26 -كۈنگىچە فىرانسىيىنىڭ فارىژ شەھرىدە يېتەكچىلىك رول ئوينايدىغان، تەسىرى بار، بىلىملىك ئەخلاقلىق ئۇيغۇر ئاياللىرىنى خەلقئارا قۇرۇلتايغا چاقىرىپ، تۇنجى قېتىم " دۇنيا ئۇيغۇر ئاياللىرى بىرلىكى"نى قۇرۇپ چىقتى.

سىدىقھاجى روزى بىلەن رابىيە قادىر ئائىلىسى ئىلگىرى -كېيىن بولۇپ خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى تەرىپىدىن سىياسى جىنايەت، ئۇيغۇر ئۇچۇن ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئۇيغۇر ئۇچۇن مىللەتچىلىك قىلىپ، 37يىل خىتاينىڭ قولىدا ھەپسىدە ياتتى.

2013-يىلى 7 ئاينىڭ11 -كۈنى ۋاشىنگتون.

## "كۆزەتكۈچى" خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى 1

1999-يىلى12 -ئاينىڭ 17 -كۈنى

"كۆزەتكۈچى" خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى بۈگۈن12 -ئاينىڭ9 -كۈنى ئامېرىكا ۋە ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىغا مۇراجىئەت ئېلان قىلىپ : دەرھال تەييارلىق قىلىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يىللىق كىشىلىك ھوقۇق يىغىنىدا، جۇڭگونىڭ مەملىكەت ئىچىدە كىشىلىك ھوقۇققا زىيانكەشلىك قىلىشنى توختىتىش توغرىسىدا جۇڭگونى ئەيىپلەش لاھىيىسى ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇ تەشكىلات، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا خىلاپلىق قىلىشنى چەكلەشتە، ئەيىپلەش لاھىيىسى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ بىردىن -بىر يول ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ كۆرسەتتى.

"كۆزەتكۈچى "خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى بۈگۈن ۋاشىنگتۇندا مۇخبىرلار كىلۇبىدا، مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۆتكەن بىر يىللىق دۇنياۋى كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئېلان قىلدى. بۇ تەشكىلات ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسگە مۇراجىئەت ئېلان قىلىپ، :كېلەر يىلى جۇڭگوغا قارىتىلغان نورمال سودىدا ئېتىبار بېرىش سىياستىنى دۆلەت مەجلىسىنىڭ يىغىنىدا مۇھاكىمە قىلغاندا،خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىش خاتىرىسىنىمۇ قوشۇمچى مۇھاكىمە قىلىپ، نورمال سودىدا ئېتىبار بېرىش سىياستىنى، كىشىلىك ھوقۇقنى ياخشىلاشقا شەرت قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

"كۆزەتكۈچى "خەلقئار كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى، رەئىس جياڭ زېمىننىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تەنقىد قىلىپ :جياڭ زېمىن كوممۇنىستىك پارتىيىنى قوغداش، ھاكىمىيەت ئىچىدىكى قاتتىق قوللارغا تەسەللى بېرىش ھەمدە ئۆزىنىڭ سىياسى ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈنلا جۇڭگو دائىرلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ كوممۇنىستىك پارتىيىنى ۋە ئۇنىڭ سىياستىنى تەنقىدلىگەن كىشلەرنى باستۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلدى، دەپ كۆرسەتتى.

"كۆزەتكۈچى "خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى روز ئەپەندى بۇگۈن : پالۇنگۇڭ تەشكىلاتىنى ئەڭ تىپىك مىسال قىلىپ كۆرسەتتى. ئۇ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تىزگىنلىشىنى قوبۇل قىلمىغان ھەر قانداق تەشكىلاتنىڭ يىغىن ئېچىشىغا، مەيلى دۇئا-تىلاۋەت قىلىش ياكى بەدەن چېنىقتۇرۇش بولسۇن ياكى مۇھاكىمە قىلىش ياكى مۇنازىرە قىلىش بولسۇن، جىياڭ زېمىن روخسەت قىلمىدى، دېدى

ئامېرىكىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق، دېموكراتىيە، ئەمگەك ئىشلىرى بويىچە مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى گاۋ خۇڭ جۇ (ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى كورىيىلىك )بۇگۈن بۇ يەردە مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىندا، جۇڭگونىڭ نۆۋەتتىكى كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىگە ئاساسلىنىپ ئامېرىكا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ يىللىق يىغىنىدا جۇڭگونى ئەيىپلەش لاھىيىسى ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەكمۇ،-يوق.دېگەن مەسىلىنى قارار قىلدى، دەپ كۆرسەتتى.

"كۆزەتكۈچى "خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى يىللىق دوكلاتىدا :جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئايرىم -ئايرىم ھالدا 1997-يىلى ۋە 1998-يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ "جەمئىيەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتى ھوقۇقى خەلقئارا ئەھدىنامىسى"غا ۋە "پۇقرالار ھوقۇقى ۋە سىياسى ھوقۇق خەلقئارا ئەھدىنامىسى"غا ئىمزا قويغان دۆلەت. لېكىن بۇ قانۇنلار ھازىرغىچە خىتاينىڭ خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ تەستىقلىشىغا ئېرىشەلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتىنى جۇڭگو تەرەپ توختىتىپ قويدى، دەپ كۆرسىتىلدى.

"كۆزەتكۈچى "خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى دوكلاتىدا: باستۇرۇشقا ئۇچرىغان فا لۇنگۇڭ تەشكىلاتى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تەشكىلاتلار "جۇڭگو دېموكراتلار پارتىيىسى"نى تەشكىللىگەن زاتلارنى، "جۇڭگو تەرەققىيات بىرلەشمىسى "پارتىيىسىنى قۇرغان فىڭ مىڭ ئەپەندى ۋە تور بېتى ئارقىلىق "پايدىلىنىش خەۋەرلىرى "گېزىتىنى

ئىشلىگەن لىن خەي ئەپەندى قاتارلىق كىشىلەرنى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ باستۇرغانلىقىنى، قولغا ئالغانلىقىنى تىلغا ئالدى.

دوكلاتتا:5 - ئايدا خىتاي پۇقرالىرىنىڭ نامايىش قىلىپ ئامېرىكىنىڭ بېيجىڭدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلغانلىقى، جۇڭگودا مىللەتچىلىكنىڭ ئەۋزەيلىگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى، دەپ كۆرسىتىلدى.

دوكلاتتا : جۇڭگو ھۆكۈمىتى "ئازسانلىق مىللەتلەر" دېيىلگەن مىللەتلەر گە بولۇپمۇ تىبەت بۇددا راھىپلىرىغا، مۇرىتلىرىغا،" شىنجاڭ" ئۇيغۇرىستان ئىسلام دىنى مۇرىتلىرىغا ھەسسىلەپ سىياسى زىيانكەشلىك قىلدى. ھۆكۈ مەت" مىللى بۆلگۈنچىلەر"نى باستۇرۇپ،" شىنجاڭ"دا، ئۇيغۇرىستاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەركىنلىكىنى قاتتىق چەكلەپ، ئۇيغۇر سىياسى مەھبۇسلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ داۋاملىق ئېتىپ تاشلىدى. بەنچەن لاما ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى 1995-يىلدىن تاكى ھازىرغىچە ئىز دېرەكسىز غايىپ بولدى. دۇنيا بانكىسى قەرز بەرگەن پۇللارنى جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرىستاندا قەيەرگە ئىشلەتتى؟ دېگەن مەسىلىلەر بويىچە سوئال قويۇپ چىڭخەي ئۆلكىسىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقان ئامېرىكىلىق، ئاۋستىرالىيىلىك كىشىلەرنى قولغا ئالدى، دەپ كۆرسىتىلدى.

" كوزەتكۈچى "خەلقئار كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى روز ئەپەندى، مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىندا :جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىش خاتىرىسىنى چەكلەشكە تەسىر كۆرستەلەيدىغان بىردىن -بىر ئۇسۇل، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ يىللىق يىغىندا، جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىش خاتىرىسىنى چەكلەش توغرىسىدا، خىتايدا كىشىلىك ھوقۇقنى ياخشىلاش بويىچە جۇڭگوغا ھەيدەكچىلىك قىلىدىغان ۋە شۇ بويىچە جۇڭگونى مەجبۇرلايدىغان قانۇن لاھىيە ئوتتۇرىغا قويۇش بۇ ئۇسۇل - خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىگە تەسىر كۆرسىيەتەلەيدىغان بىردىن -بىر ئۇسۇلدۇر، دەپ كۆرسەتتى." كوزەتكۈچى" خەلقئارا كىشىلىك

هوقۇق تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى روز ئەپەندى ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى ھۆكۈمىتىگە ۋە ياۋروپا پارلامېنتىغا مۇراجىئەت ئېلان قىلىپ:
بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىپلەيدىغان لاھىيە ئوتتۇرىغا قويۇشقا تەييارلىق قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

### كىشىنى مەسخىرە قىلىدىغان بىر ھادىسە

1999-يىلى12 -ئاينىڭ 18 -كۈنى

ئىنساننى بىرلىك قىلغان ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە، كىشىلىك ھوقۇق ئۆتمۈشتە بولسۇن ياكى ھازىر بولسۇن ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە ئىنتايىن مۇجمەل بىر سىياسى ھادىسە بولۇپ كەلگەن. 21-ئەسىر -يېڭى بىر ئەسىرنى قارشى ئېلىۋاتقان بىر پەيتتە، تارىخنى ئەسلەپ كۆرسەك، كىشىلىك ھوقۇق ھەرىكىتىنىڭ يېقىنقى 50 يىلدىن بېرى ئۇمۇمى يۈزلۈك جۇش ئۇرۇپ راۋاژلانغانلىقىنى بايقايمىز. دۇنيادا ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقلىرىنى، كىشىلىك ھوقۇقلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قوللانغان ئۇسسۇل - چارىلىرىنىڭ، تەشكىللىگەن ھەرىكەتلىرىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن ئۈنۈملىرىنى بۈنىڭدىن بۇرۇنقى باشقا زامانلاردا ئارتۇقچە ياكى كەم تەساۋۋۇر قىلغىلى بولمايتى.

ئادەتتە ئالىملارنىڭ كۆپچۈلۈكى دېگۈدەك، ھازىرقى زامان كىشىلىك ھوقۇق تەپەككۇرىنىڭ مەنبئى غەرب مەدەنىيىتى تۇرمۇش مۇھىتىدىن باشلانغان دېگەن پىكىرگە بېردەك قوشۇلاتتى.يۇنان پەيلاسوپلىرى ئۇمۇمى تەبئەت قانۇنىيەتلىرىنى بايقاپ، بۇ قانۇنىيەتلەرنى ياقلايتى ھەم تەبئەت قانۇنىيەتلىرىگە ئىشىنەتتى. تەبئەت قانۇنىيەتلىرىنى جەمئىيەت ھادىسلىرىغا تەدبىق قىلاتتى. ئۇچ ۋاخ تاماق يېيىش، ئۆيلۈك -ئوچاقلىق بولۇش، نەسىل قالدۇرۇش ئىنسانلارغا تەبئەتتىن بېرىلگەن تەبئى ھوقۇقلار ئىدى. رىم ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە قانۇن بىلەن دۆلەت باشقۇرۇش،

بارابەرلىك قاراشلىرىنى تەكلىپ قىلىدىغان ئىدىيىلەر تەرەققى قىلغان، زامانىنىڭ11 - ئەسىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۇيغۇرىستان ئۆلكىسىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ قانۇن بىلەن دۆلەت باشقۇرۇش ئىدىيىلىرىنى " قۇتادغۇ بىلىك "مازۇلۇق قامۇس مەسەللىك ئەسىرىدە دۆلەت تەلىماتىغا، دۆلەت ۋە پادىشا ھالار ئەمەل قىلمىسا بولمايدىغان دۆلەت تەلىماتىغا ئايلاندۇرغان. ياۋروپا ئويغىنىش دەۋرىنىڭ زامانىغا كەلگەندە ھۆكۈمەت ئەركىنلىك ۋە تەبئى كىشىلىك ھوقۇقنى ياقىلاپ، قوللاپ، پۇقرالارغا خىزمەت قىلىشنىڭ مەقسىتىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك؛ پۇقرالارنىڭ بەخىت - سائادىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ھۆكۈمەت خىزمەت پىلانىغا قويىشى لازىم، دەپ قارىغان.

بۇ خىل ئىدىيە ۋە پىكىرلەر ئەمەلى سىياسى مەشغۇلات جەريانىدا دېموكراتىك سىياسەتىنىڭ ئاساسلىرى بولۇپ قالغانتى. 1125-يىلى ئەتراپىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ "قۇتادغۇ بىلىك "ئارقىلىق دۆلەت تەلىماتى ياراتقان يىللاردا ئەنگلىيمۇ" ئاساسى قانۇن نىزامنامىسى " تۈزۈپ، پادىشاھنىڭ ھوقۇقنى چەكلەش جەھەتتە ئۆلگە يارىتىپ بەرگەن بولسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ پۇقرالار بىلەن پادىشاھنىڭ مۇناسىۋىتىگە "كۈلرەڭ ئارىلىق "كۆرسىتىپ بەرگەن. پادىشاھمۇ' كۈلرەڭ ئارىلىق"تىن ئۆتۈپ پۇقرالار تە رەپكە كەلمەيدىغان، پۇقرالار بولسا" كۈلرەڭ ئارىلىق"تىن ئۆتۈپ پادىشاھ تەرەپكە كەتمەيدىغان، دۆلەتنىڭ ھوقۇقى بىلەن پۇقرالار ھوقۇقلىرىنىڭ" كۈلرەڭ ئارىلىق"تا ئۈچرىشىدىغانلىقىنى نەزەرىيە بىلەن ئاساسلاپ بەرگەن.

1689-يىلى ئەنگلىيە" كىشىلىك ھوقۇق قانۇن لاھىيىسى " ماقۇللىغان، 1789-يىلى فىرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلاب دەۋرىدە "كىشىلىك ھوقۇق خىتاپنامىسى "ماقۇللىغان،1887 -يىلى ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىللىق ئىنقىلابى غەلبە قىلغاندىن كېيىن، ئامېرىكا" ئاساسى قانۇن " ماقۇللىغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانىيەت تارىخىغا نۇر چېچىپ تۇرىدىغان تارىخى تەپەككۇر ھەركىتى، تارىخى ھەركەتلەرنى ھۆججەتلەشتۈرىدىغان تارىخى

ھەربكەتلەر بولۇپ، ئەركىنلىك، بارا بەرلىك، ئۆز ئارا ئۇمۇمى مېھربانلىق، ئىنسانلار تۇغۇلۇش بىلەنلا بارابەر بولۇشى كېرەك ئىدى،دەيدىغان ۋە شۇنداق تەشەببۇس قىلىدىغان، ئىنسانغا خاس بولغان ھوقۇقلارنى ئىنسانغا كۆرستىپ قويۇش ئەمەس بەلكى بۇ ھوقۇقلارنىڭ پەقەت ئىنسانغا خاسلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ ئىنساننىڭ تەئەللۇقاتىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، قانۇن ئارقىلىق مۇئەييەنلەشتۈرۈش جەريانى كېرەك دەپ، قارالغان ئىدى. كۈچ ۋە ھوقۇقنى ئىگىلەپ تۇرغۇچى ھۆكۈمەت كىشىلىك ھوقۇقنى ھۆرمەت قىلىشى بەلكى، كىشىلىك ھوقۇقنى دۆلەت باشقۇرۇشنىڭ ئۆلچىمى قىلىشى ھەرگىز ھوقۇقنى خالىغانچە، يالىڭاچ، قالايمىقان ئىشلەتمەسلىكى لازىم ئىدى.

گەرچە كىشىلىك ھوقۇق مەسلىسىنىڭ ئوتتۇرىغا كېلىشى ئىنسان، ئادەمگە مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ لېكىن بىز نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەردە زوراۋان سىياسىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز، بېشىمىزدىن ئۆتكۈزۈۋاتىمىز.

20 -ئەسىرنىڭ تارىخىغا نەزەر سالساق، گېرمانىيىلىك گىتلىر، روسىيىلىك ستالىن، جۇڭگۇلۇق ماۋزېدۇڭ ۋە جىياڭ زېمىنلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلغۇچىلار ئىكەنلىكى ھەتتا ئادەم ئۆلتۈرگەن، ئادەم ئۆلتۈرۈشكە خوردار بولۇپ كەتكەن كىشىلەر ئىكەنلىكى ۋە شۇنداق كىشىلەر بولۇپ تارىختىقا يېزىلغانلىقى ئىنسانىيەت تارىخىدا ئۆچمەس سەلبى ئابىدە بولۇپ قالدى.

1948 -يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى " كىشىلىك ھوقۇق خىتاپنامىسى "ماقۇللاپ، پۈتۈن ئىنسانىيەت ئائىلىسى ئەزالىرىنىڭ ھەممە ئادەمگە ئوخشاش بولغان ئۆز ئارا بارابەر بولغان، باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە بولمايدىغان ھوقۇقلارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ پۈتۈن دۇنيادا ئەركىنلىك، بارابەرلىك ۋە تىنچلىقنىڭ ئاساسىنى تىكلىگەن. يەنى تىنچلىقنىڭ ئاساسىنى نەزەرىيە بىلەن تىكلىگەن. بۇنى ئىجرا قىلىدىغان دۆلەت، قايسى دۆلەت بولۇشى كېرەك ئىدى؟

تارىخى نامايەندە ھېسابلانغان" كىشىلىك ھوقۇق خىتاپنامىسى"، يەنە باشقا شەرتنامە، نىزامنامىلارغا ئوخشاشلا خەلقئارادا چەكلەش كۈچىغا ئىگە بولمىسىمۇ، لېكىن ئاللىقاچان ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەغلۇپ بولۇشى، چۈشكۈنلىششى، ھالاك بولۇشى ياكى غەلبە قىلىشىنى ئۆلچەيدىغان ئورتاق ئەخلاقى ئۆلچەم بولۇپ قالدى. ھەر قايسى غەرپ دۆلەتلىرى ۋە ئامېرىكا بەلكى بۈگۈن كىشىلىك ھوقۇققا كۆڭۈل بولىدىغان دۆلەتلەر غەرپتىلا بولغانلىقتىن" كىشىلىك ھوقۇق ئىگىلىك ھوقۇقتىن ئەلا" دەيدىغان تەشەببۇسنى غەرپ ئەللىرىدىن باشقا ئەللەردىمۇ نۇرغۇن كىشىلەر قوبۇل قىلىشقا باشلىدى.

كىشىنى مەسخىرە قىلىدىغان بىر سىياسى ھادىسە شۇكى،" كىشىلىك ھوقۇق خىتاپنامىسى "ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، جۇڭگو قۇرۇلغاندا ئارقا - ئارقىدىن زور كۆلەمدە باستۇرۇش ۋەقەلىرى سادىر بولدى. يۈشۈرۈن مەقسەتلەر خىلمۇ -خىل بولسىمۇ، خىتاينىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈش مەقسىتى بىر خىل يەنى خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ قول ئاستىدىكى مۇستەملىكە ئەللەردە ئادەم ئۆلتۈرۈش، خىتاينىڭ ئاخىرقى مەقسىتى بولۇپ قېلىۋەردى.

**رابىيە قادىر**

1999-يىلى12 -ئاينىڭ22 -كۈنى

تۆنۈگۈن پەيشەنبە كۈنى" ئومۇمى كەچۈرۈم "خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى مۇنداق كۆرسەتتى : بىر نەپەر داڭلىق سودىگەر ئۇيغۇر ئايالنىڭ ئوغلى، مىللى بۆلگۈنچىلەرگە ماتېرىيال يەتكۈزۈپ بەردى، دەيدىغان گۇناھ بىلەن قارىلىنىپ خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ كىشىگە ئىككى يىللىق كېسىم ئېلان قىلىپ ئەمگەك بىلەن تەربىيەش تۈرمىسىگە سولاپ قويۇلدى.

ئالدىنقى جۈمە كۈنى جۇڭگونىڭ غەربىدىكى "شىنجاڭ "ئۇيغۇرستان ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچى شەھرىدە، چەتئەلدە تۇرۇۋاتقان مىللى بۆلگۈنچى كىشىلەرگە ماتېرىيال يوللاپ بەردى، دەيدىغان گۇناھ

بىلەن قارىلاپ، ئابلىكىم ئابدۇرېھىمغا خىتاي ساقچىلىرى ئىككى يىللىق قاماق جازاسى ئېلان قىلدى. ئابلىكىم ئابدۇرېھىم، رابىيە قادىرنىڭ ئوغلى ئىدى. رابىيە قادىر،1994 -يىلى "ۋول كوچىسى گېزىتى"دە، جۇڭگودا 10 نەپەر باينىڭ بىرى بولدى، دەپ تونۇشتۇرۇلغان.

رابىيە قادىر 53 ياش، مىللى بۆلگۈنچىلىك پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان چەتئەلدىكى مىللى بۆلگۈنچىلەرگە ماتېرىيال يەتكۈزۈپ بەردى، دەيدىغان جىنايەت بىلەن قولغا ئېلىنغان. لېكىن ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى، ھۆكۈم قىلىشقا جىنايى پاكىتلىرى يېتىشمەيدۇ دەپ، رابىيە قادىرنىڭ دېلوسىنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەپتىش ئىدارىسىگە چۈشۈرۈپ بەرگەن. ئۈرۈمچىدە ئالاقىدار دائىرىلەر رابىيە قادىرنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا بىر نېمە دېيىشتىن باش تارتتى. بۇ ئەرباپلار، "ئامېرىكا بىرلەشمە ئاگېنتلىقى"نىڭ مۇخبىرىغا، بۇ ئىش ئىنتايىن نازۇك ئىش، رابىيە قادىر توغرىسىدا ھەر قانداق بىركىشى ئۆز ئالدىغا ھەر قانداق قارار چىقىرالمايدۇ، دەپ جاۋاب بەردى.

" ئومۇمى كەچۈرۈم" خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى مۇنداق كۆرسەتتى :

رابىيە قادىر -ئۇنىڭ ئوغلى ئابلىكىم ئابدۇرېھىم 26ياش.

رابىيە قادىر - ئۇنىڭ ئوغلى ئالىم ئابدۇرېھىم 24ياش.

بۇ يىلنىڭ ئاۋغۇست ئېيىدا رابىيە قادىر ئۈرۈمچىدە ئامېرىكىلىق تەكشۈرگۈچىلەر بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئۇلار چۈشكەن مېھمانخانىغا كېتىۋاتقاندا قولغا ئېلىنغان. ئوغلى ئالىم ئابدۇرېھىم شۇ كۈنى كېچىسى قولغا ئېلىنىپ 24 سائەتتىن كېيىن قويۇپ بېرىلگەن. شاڭگاڭدا، خوڭكوڭدا پائالىيەت قىلغۇچى "ئۇچۇر مەركىزى"نىڭ خەۋەرلىرىگە ئاساسلانغاندا،ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار ئەرىبابلىرى، ئالىم ئابدۇرېھىم بىلەن بىرلىكتە قولغا ئېلىنغان ئابلىكىم ئابدۇرېھىمنى قويۇۋېتىشكە بولمايدۇ دەپ، جازالاشتا چىڭ تۇرغان.

"ئۇچۇر مەركىزى" خەۋىرىدە، ئۇلار يەنى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ

ئالاقدار ئەربابلىرى، ئابلىكىم ئابدۇرېھىم چەتئەلدە پائالىيەت قىلىۋاتقان مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى، دەيدىغان جىنايەتكە تولۇق، يېتەرلىك پاكىت ۋە ئىسپات تاپالماي، شۇڭا ئابلىكىم ئابدۇرېھىمنى ئەمگەك بىلەن تەربىيەلەش تۈرمىسىگە قاماپ قويىدى دەپ، خۇلاسە چىقاردى.

خىتاينىڭ ساقچىلىرى گۇمانلىق كىشىلەرنى قولغا ئېلىپ سوتلىماي تۇرۇپلا خالىغانچە ئىككى، ئۈچ يىل ھۆكۈم قىلىپ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش تۈرمىسىگە قاماپ قويۇشقا ھوقۇقلۇق.

"ئومۇمى كەچۈرۈم "خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى مۇنداق كۆرسەتتى:

رابىيە قادىرنىڭ دىلوسى ھازىرغىچە ئېنىقلانماي تۇرۇپتۇ. نوپۇزلۇق كىشلەر رابىيە قا دىرنىڭ دىلوسى توغرىسىدا ئىسپات تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. لېكىن رابىيە قادىر ھازىرغىچە تۈرمىدە ياتماقتا.

را بىيە قادىر خىتاي سىياسى مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزاسى، سىياسى كېڭەشكە ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەكىلى بولۇپ كىرگەن. خىتاينىڭ سىياسى كېڭەش ئورگىنى بىر خىل نەسھەت خاراكتېرىدە خىزمەت قىلىدىغان ئورگان، جەمئىيەتنىڭ ھەر خىل قاتلاملىرىدىن ئەزا سايلاپ چىقاتتى.

رابىيە قادىرنىڭ ئۆمۈرلىكى سىدىقھاجى روزى شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتوتىدا خىتايىنى تەنقىد قىلىدىغان زىيالى ئىدى.ئامېرىكىغا كېلىشتىن بۇرۇن سىياسى جىنايەت بىلەن نۇرغۇن يىل خاينىڭ تۈرمىسىدە ياتقان. ئۇ، ئامېرىكىدا "ئەركىن ئاسىيا رادىئو ئىستەنسىسى ئۇيغۇر ئاڭلىتىش بۆلۇمى "ئارقىلىق لېكسىيە سۆزلەپ، كىشىلىك ھوقۇق مەسلىسى بويىچە ئۇيغۇرلارنىڭ ھەق -ھوقۇقلىرىنى خىتايلارنىڭ دەپسەندە قىلىۋاتقانلىقىنى تەنقىدلىگەن، خەلقئارا جەمئىيەتكە پاش قىلغان ئىدى.

باللىسنى قىينىدى:

" ئومۇمی كەچۇرۇم" خەلقئارا كشىلك هوقۇق تەشكىلاتى:
ئابلىكىم ئابدۇرېھىم، ئۇيغۇر ئەر 26 ياش ؛
قەھرىمان ئابدۇكېرىم، ئۇيغۇر ئەر 29 ياش، شىركەتنىڭ كاتىپى ؛

"شىنجاڭ "ئۇيغۇرىستان، ئۇرۇمچى شەھرىنىڭ جەنۇبى ئولانباي ئەمگەك بىلەن تەربىيەش تۇرمىسىدە. رابىيە قادىرنىڭ ئوغلى ئابلىكىم ئابدۇرېھىمنى خىتاي ساقچىلارنىڭ ئۇرغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق."ئومۇمى كەچۇرۇم" خەلقئارا كشىلك هوقۇق تەشكىلاتى، جىنايەتچىلەرگە تەن جازاسى بېرىشنى ئېغىر ۋەقە دەپ قارىدى. ئۇنىڭ ئانىسى سودىگەر ئۇيغۇر ئايال رابىيە قادىرمۇ، ئۇنىڭ كاتىپى قەھرىمان ئابدۇكېرىممۇ خەتەرلىك ئەھۋال ئاستىدا تۇرۇپتۇ.

ئابلىكىم ئابدۇرېھىم، قەھرىمان ئابدۇ كېرىملەر 22-نويابىردىن باشلاپ ئولانبايدىكى ئەمگەك بىلەن تەربىيەش تۇرمىسگە قاماپ قويۇلدى.

ئابلىكىم ئابدۇرېھىمنى كۆرگىلى چىققان زىيارەتچىلەر ئۇنىڭ قورسقىنى تۇتۇپ يەردە ئولتۇرۇپ :

-ئۇلار مېنى ئۇردى، دېگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. كۆرۈشكىچىلەر ئابلىكىم ئابدۇرېھىم بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندا، تۇرمە ساقچىلىرىنىڭ ھەممىسى نەخ مەيداندا قاراپ تۇردى. ئابلىكىم يۇۋاش جىمغور بىر بالا ئىدى.

1999-يىلى 11-ئاينىڭ1 -كۈنى خىتاي دائىرلىرى رابىيە قادىرنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ تەكشۈرتۈشكە، ئۆيگە بېرىپ ئۇنىڭ ئوغلىدىن ناھايىتى كۆپ پۇل تەلەپ قىلغان.4 -كۈنى رابىيە قادىرنى دوختۇرغا ئېلىپ بارغان لېكىن، ئۇنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپالمىدۇق.

رابىيە قادىر ھازىر لىيۇ دابەن تۇرمىسىدە توختىتىپ قويۇلدى. بۇ تۇرمە جىنايەتچىلەرنى قىيناشتا سېسىق نامى پور كەتكەن تۇرمە ئىدى. رابىيە قادىرنىڭ ئۆمۈرلىكى سىدىقھاجى روزىمۇ 1969-يىلى-1 ئاينىڭ17 - كۈندىن 1977-يىلى7 -ئاينىڭ 30 -كۈنگىچە مۇشۇ تۇرمىدە ياتقان

ئىدى.

## "كۆزەتكۈچى" خەلقئار كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى

1999-يىلى12 -ئاينىڭ25 -كۈنى

"كۆزەتكۈچى "خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى بېرىيوسىل شۆبىسىنىڭ ئەزالىرى ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەزالىرىغا مۇراجىئەت ئېلان قىلىپ: ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن خىتاي ئىككى تەرەپنىڭ سودا مۇناسىۋەتلىرىنى تەرەققى قىلدۇرۇش توغرىسىدا بېيجىڭ بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىكلەر سۆھبىتى ئۆتكۈزگەندە كىشىلىك ھوقۇق ئولچەملىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش توغرىسىدا خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلدى.

ياۋروپا ئىتتىپاقى جۇڭگونى ئىشەنچلىك سودا شېرىكىگە ئايلاندۇرماقچى بولىدىكەن، كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ياخشىلاش توغرىسىدا خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىشى كېرەك.

مۇراجىئەتتە :جۇڭگو ئىچكى بازىرىنى ئېچىۋەتكەندىن تاشقىرى تۈرمىلەرنىمۇ ئېچىۋېتىشى، مەتبۇئاتلارنى قويىۋېتىشى، تور بەتلىرىنى قويىۋېتىشى، ئىشچىلارنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشى لازىم دېيىلدى.

" كۆزەتكۈچى " كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى دىققەت قىلدىكى، جۇڭگو بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقى سۆھبەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، جۇڭگودا كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى كۈنسايىن جۇملىدىن دېموكراتىك ھەرىكەتلەرنى باستۇرۇش كۈنسايىن جىددىيلەشتۇرۇلدى. فالۇنگۇڭچىلار ھەركىتىنى چەكلەش ھەمدە تىبەتتە، ئۇيغۇرىستاندا باستۇرۇش كۈنسايىن ئېغىرلىشىپ كەتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن "كۆزەتكۈچى "خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى بېيجىڭنىڭ ھەرىكەت ۋە تەدبىر قوللۇنۇپ كىشىلىك ھوقۇقنى ياخشىلىشىدا، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ چىڭ تۇرۇشىغا مۇراجىئەت قىلدۇ. بۇ

تەشكىلات ياۋروپا ئىتتىپاقىغا مۇراجىئەت ئېلان قىلىپ، ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ دەرھال ئامېرىكىنىڭ قاتارىغا قوشۇلۇپ، باشقا سودا شېرىكلىرى بىلەن بىرلىشىپ، كېلەر يىلى جەنۋەدە ئۆتكۈزۈلىدىغان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يىللىق يىغىنىدا جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىگە ئالاقىدار، جۇڭگونى ئەيىپلەش لاھىيىسى ئوتتۇرىغا قويۇشنى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن دەرھال مەشغۇلات دەۋرىگە كىرىشنى تەلەپ قىلدى.

## ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدە

1999-يىلى12 -ئاينىڭ 30 -كۈنى

ئۆتكەن بىر يىل ناھايىتى كەسكىن ئۆزگىرىشلەر بولۇپ ئۆتكەن بىر يىل بولدى. خىتاي دۆلىتى تاشقى مۇناسىۋەتلەردە ئەزەلدىن دۇچ كەلمىگەن خەلقئارا مۇناسىۋەتلەرنىڭ خىرىسلىرىغا دۇچ كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈپ قالغان ئامېرىكا، جۇڭگو ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى. ناتو قىسىملىرى بومبا ئېتىپ خىتاي دۆلىتىنىڭ يۇگوسلاۋىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنى پارتلاتقاندىن كېيىن، نازۇكلىشىپ كەتكەن يۇقىرىقى ۋەزىيەت ئامېرىكا بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتىنى، غەرپ دۆلەتلىرى بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتىنى ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. شۇنىڭغا ئەگىشىپلا جۇڭگودا مەخپى قۇرۇلغان فالۇنگۇڭچىلار تەشكىلاتىنىڭ تەشكىللىك نامايىشى پارتلىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ تەشكىلاتنى بىدئەتچىلەر دەپ، جاكارلاپ ئومۇمى يۈزلۈك باستۇرۇشنى يولغا قويغاندا، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ دىققىتى بۇ ئىشقا مەركەزلەشتى. مۇشۇ يىلنىڭ4 - ئايىدا" ئومۇمى كەچۈرۈم "خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ۋاشىنگتۇن شۆبىسىنىڭ لىدىرى ت. كومار ئەپەندى،ئۇيغۇرلار توغرىسىدا 100بەتلىك ماتېرىيال تەييارلاپ ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەجلىسىگە دوكلات بەرگەندە ۋە بۇ ھەرىكەتتىن خىتاي ھۆكۈمىتى چۆچۈپ تۇرغاندا،

كۆتۈرەلمسەك ساڭگلتۋال دىگەندەك، يۇقىرىقى تەرتىپلەرنىڭ كەينىدىنلا تەيۋەن گومىنداڭ ختايلىرىنىڭ پرىزىدىنتى لى دىڭخۇي، جۇڭگونى يەتتە دۆلەتكە پارچىلايدىغان "يەتتە دۆلەت نەزەرىيىسى"نى، ئۇنىڭ كەينىدىلا " ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسى "نى يەنى " جۇڭگۇ بىلەن تەيۋەننىڭ مۇناسىۋىتى ئالاھىدە دۆلەتلەر مۇناسىۋىتىدۇر" نەزەرىيىسىنى كۆتۈرۈپ ئوتتۇرىغا چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن، تەيۋەن بىلەن جۇڭگونىڭ، ئامېرىكا بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتى جىددى بىر دەۋرگە كىرىپ قېلىپ، جۇڭنەنخەينىڭ بەگلىرى پۈتى كۆيگەن توخۇدەك بولۇپ قالغان كۈنلەردە، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئەزالىرىدىن تەشكىللەنگەن تەكشۈرۈش ئۆمكى ئەزالىرى ئۇرۇمچىگە يېتىپ كېلىپ، سىدىقھاجى روزىنىڭ ئۆمۈرلۈكى رابىيە قادىر بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغاندا، مېھمان خانىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەن رابىيە قادىر،1999-يىلى8 -ئاينىڭ11 -كۈنى ختاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى.

"ئۇمۇمى كەچۈرۈم" خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى رابىيە قادىرنىڭ سىياسى پاجىئەسىنى ھۆججەتلەشتۈرۈپ پۈتۈن دۇنياغا تارقاتقاندا، نېمە قىلارنى بىلمەي تۇرغان ختاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرستاندا كىشىلىك ھوقۇقنى تېخىمۇ دەپسەندە قىلىشقا باشلىدى. ختاي ھۆكۈمىتى مۇستەملىكە ئۇيغۇرستان ۋە تەيۋەنگە ئالاقىدار ھالدا دىپلوماتىيە ساھەسىدە بوغۇپ تاشلاش، چەكلەش سىياستىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. بۇ سىياسەت ختاي مۇستەملىكىچىلىرى 1999-يىلى قانات يايدۇرغان "تۆت چوڭ سىياسى كۆرەش"، ئامېرىكىنىڭ" زوراۋان سىياستى"گە قارشى كۆرەش ؛ فالۇنگوڭ تەشكىلاتىغا قارشى كۆرەش؛ پرىزىدېنت لى دىڭ خۇينىڭ" ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسى "گە قارشى كۆرەش ؛ مۇستەملىكە ئۇيغۇرستاندا" مىللى بۆلگۈنچى"، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىگە قارشى كۆرەشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ قالدى.

شۇ كۆرەشلەرنى ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولغان ختاي مۇستەملىكىچىلىرى ياكى قايمۇقۇپ قالغاندۇ ياكى ئامېرىكا يۇقىرىقى

كۆرەش شەكىللىرىگە تىگىشلىك جاۋاب قايتۇرۇپ خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنى ئىندەككە كەلتۈرگەندۇ، قىسقىسى سۆڭگىچىنى قېچىردەك دۆڭگە تېرىۋېلىپ "دۇنيا سودا تەشكىلاتى "غا ئەزا بولۇپ كىرىشكە قارشى تەرسالىق بىلەن جايىللىق قىلغان خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ھەر ھالدا ۋەزىيەتنى چۈشىنىپ، ئامېرىكىنىڭ بېسىمى ۋە مەجبۇرلىشى ئارقىلىق ئامېرىكا بىلەن سۆھبەتكە ئولتۇرۇپ، خىتاينىڭ "دۇنيا سودا تەشكىلاتى"غا ئەزا دۆلەت بولۇپ كىرىشى توغرىسىدا تۈزۈلگەن" كېلىشىم"گە ئىمزا قويىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى " دۇنيا سودا تەشكىلاتى"غا ئەزا دۆلەت بولۇپ كىرىش بويىچە ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن ئېلىپ بارىدىغان سۆھبەتنى با شلىۋەتتى.

"ئۇمۇمى كەچۈرۈم "خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى 100 بەتلىك ماتېرىيال تەييارلاپ، ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىگە دوكلات بېرىپ، ئارقىدىنلا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئۈرۈمچىگە كېلىپ، رابىيە قادىر بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغاندىن كېيىن خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ئالدىراپ -تېنەپ ھەربى تۆمۈر يولنى قەشقەرگە تارتىپ، ئارقىدىنلا روسىيە پېدىراتسىيىسىنىڭ پىرىېزىدېنتى يىلتسىننى بېيجىڭغا تەكلىپ قىلىپ قىزىل راۋاقتا زىياپەت بېرىپ،" جۇڭگو- روسىيە پېدىراتسىيىسى ستىراتېگىيىلىك شىرىكلىك مۇناسىۋىتى" ئورناتماقچى بولدى.ئېھتىمال خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى تارىختىكى گومىنداڭ خىتايلىرى بىلەن ستالىن ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرىستاننى سېتىپ بېرىش، سېتىپ ئېلىش توغرىسىدا 1945-يىلى8 -ئاينىڭ-14 كۈنى موسكۋادا" جۇڭگو، سوۋېت دوستلۇق، ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى " نى ئىمزالىغاندەك، جياڭ زېمىن بىلەن يىلتسىن "ستىراتېگىيىلىك شىرىكلىك مۇناسىۋىتى" شەرتنامىسى ئىمزالاپ، ئەينى ۋاقىتتىكى شۇ شەرتنامىلارنىڭ مەزمۇنىنى ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنغان بولسا كېرەك.

يېڭى يىل يېتىپ كەلدى. بۇ بىر يىل ئىچىدە جۇڭگونىڭ تاشقى

مۇناسىۋەتلەر پائالىيىتى يېڭى سىناققا دۇچ كېلەمدۇ، -قانداق؟ بۇ بىر يىل ئىچىدە جۇڭخۇانىڭ بەگلىرى ئارزۇ قىلىنىدەك خاتىرجەم بولالمىسا كېرەك. چۈنكى مۇھىم بىر مەنىدىن ئېيتقاندا خەلقئارا كۆپ قۇتۇپلۇق بىر دۆلەتلىك ئورنى يوقاپ، يەنە بىر قانچە دۆلەتلەر بىلەن تەڭ قۇرۇلمىغا كېلىشكە تېگىشلىك دەپ قارىدىمۇ. 20 -ئەسىرنىڭ 40 -يىللىرىدا روزۋېلت، ستالىنغا خىزمەت ئىشلەپ خىتاينى چوڭ دۆلەتلەر قاتارىغا ئېلىپ كىرگەن. دۆلەتلەر ئارا كۆپ قۇتۇپلىشىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئارا ئېلىششنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى بەر ھەقتۇر. دائىم دېگۈدەك توقۇنۇش كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىمۇ بەر ھەقتۇر.. يېقىندىن بېرى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى خەلقئارا ئىشلارغا بارغانسېرى كۆپ ئارىلىشىدىغان بولۇپ قالدى، كونكرېت ۋەزىپە ياكى كونكرېت خەلقئارا ئىشلار بويىچە ئەمەس، بەلكى ئېغىزدىكى گەپ بىلەن ئارىلىشىدىغان بولۇپ قالدى. يەنە بىر تەرەپتىن خىتاينىڭ خەلقئارا ئىشلارغا بۇ دەرىجىدە ئارىلىشىۋېلىشىغا ئامېرىكا يول قويۇ ش ئارقىلىق خىتاينى ئۆزىنىڭ ئىچىگە سولىۋېلىپ ئاندىن ئەدەپلەش سىياسىتىگە كۆندۈرمەكچى بولغا نىمدۇ، بۇ تەرىپىنى بىلگىلى بولمايدۇ. پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆز دۆلىتىنىڭ تەسىر كۈچىنى كېڭەيتمەكچى بولغان خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى "كۆپ قۇتۇپلۇق "خەلقئارا سىيا سەتنى كۆتۈرۈپ چىققاندەك بولدى.ئەمما، ھەر خىل خەلقئار كۆپ مۇناسىۋەتلىرى تەكشۈرۈشتۈلۈقىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن پەيدا بولغان سۈركۈلۈشنىڭ كەسكىنلىكىدىن خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ئۆزىنى چەتكە ئالالمىدى. بۇ بىر يىلدا خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ئىنتايىن ئېغىر سىناقلارغا دۇچ كېلىشى مۇمكىن.

گەرچە خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى" دۇنيا سودا تەشكىلاتى"غا ئەزا دۆلەت بولۇپ كىرىش" كېلىشىمى" گە ئىمزا قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ پۈتۈنلەي ياخشىلىنىپ كېتىشىنى، مۇناسىۋەتلەردە، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ پەيدا قىلغان مەسىلىلەردە خىتاينىڭ يول قويماي تۇرۇپ ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ

ياخشلىنىپ كېتىشىنى تەساۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ئۆزىچە ئامېرىكىنىڭ" زوراۋان " سىياسىتىگە قارشى تۇرۇشنى تاشقى مۇناسىۋەتلەردە مۇھىم ئورۇنغا قويغان دۆلەتتۇر. ئامېرىكا سايلام مەزگىلىدە تۇرغان بۇ يىلدا، ئامېرىكا بىلەن خىتايدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا تەيۋەن مەسىلىسى، ھەربى قورال -ياراقلارنى تىزگىنلەش مەسىلىسى، كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى يەنىلا تالاش-تارتىش ئىچىدىكى مەسىلىلەر بولۇپ قالدى. شۇڭا ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا يەنە يېڭى توقۇنۇش يۈز بېرىشى مۇمكىن. خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدە "تۆتكە قارشى " كۆرەشتە "غەلبە قىلدۇق "دەپ كۆرەڭلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە يېڭى بىر يىلدا بۇ كۆرەشنى يەنە داۋاملاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. چۈنكى،" تۆت خىل كۆرەش "شەكلى خىتاينىڭ ئىچكى قىسمىدا بىر مەسىلە بولۇپلا قالماستىن بەلكى تاشقى مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە بېرىپ چېتىلىدىغان مەسىلىدۇر. دۆلەتنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ئەسلىدە خەلقئارا ۋەزىيەتنى ئۇچلاشقا بەك ئامراق بولۇپ كەلگەن. ئۆتكەن بىر يىلدىن بېرى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ كىرزىس تۈيغۇسى ھەسسىلەپ ئېغىرلىشىپ،" سىياسى زوراۋانلىق"، "زوراۋان سىياسى"،" ھەربى ئارىلىشىش"، جۇڭگونىڭ نەزىرىدە خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ تۇسۇۋالغىلى بولمايدىغان ئېقىمى بولۇپ قالدى. بۇنى ئاز دېگەندەك، جۇڭگو بۇ دۆلەتنىڭ ئەتراپىدا ھەربى جەھەتتە كېڭىيىش يۈزبەردى.

قىسقىسى يەر شارىلىشىشنىڭ مەزمۇت قەدەملىرى ئالدىدا كونا سىياسى تەپەككۇر بويىچە ئىش قىلىش ئەمدى ئاقمايدىغان بولۇپ قالدى.

**قەدىمقى ۋە هازىرقى دەۋرلەردە**

2000-يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنى

بۈگۈن يېڭى يىل. پۈتۈن دۇنيا يېڭى يىل ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. بۇ يېڭى يىل ئۇيغۇرلارغا تەئەللۇق ئەمەس. لېكىن تېلېۋىزورغا تىكىلىپ ئولتۇرمىسام بولمايدۇ. بۈگۈن يېڭى يىل... باللىرىم بىلەن يىراق بىر ئەلدە مۇساپىر بولۇپ يۈرۈپتىمەن. تونۇلسام خوشنام يوق، بۇ دېگىنىم تونۇلسام ھە دەيدىغان ئۇيغۇر خوشنام يوق دېگىنىمدۇر. مەن باللىرىمغا قارايمەن، باللىرىم ماڭا سوئال نەزەرىدە قارايدۇ. بىز بىر ئائىلە ئۇيغۇر بىز. ئەسلى ۋەتىنىمىز نەدە ؟ قايسى مەھەللىنىڭ باللىرى ئىدۇق، قايسي كوچىنىڭ ئەركىللىرى ئىدۇق، ۋەتىمىز نەدە.......؟ مەن ئامېرىكىنىڭ ئوكلوخوما شتاتىنىڭ شانى شەھرىدە .ئىنسانىنى خۇدا مۇشۇ دەرىجىدە مۇساپىر قىلامدۇ، ئىنسانىنىڭ پىشانىسىغا مۇساپىر بولۇشنىمۇ يېزىپ قويغان بولغىمدى خۇدا؟ئۇكىلىرىم بار ئىدى، ئاچىللىرىم، سىڭىللىرىم بار ئىدى، بىر ئاتا، بىر ئانىدىن قېرىنداشلىرىم بار ئىدى. ئۇلار نەدىدۇر.... ئۇلار ۋەتەندە گەرچە خىتايغا مۇستەملىكە بولۇپ قالغان بولسىمۇ ئۇلار ئۆزىنىڭ ۋەتىنىدە....مۇبادا ئاللاھ ئۇلارنى ئاخىرەتكە ئېلىپ كەتكەندىمۇ ئۇلار ئۆزىنىڭ ۋەتىنىدە. تىرىكلىكتە مۇساپىر بولدۇم دېدىڭمۇ ياق،بۇ مۇساپىرلىق تېخى مۇساپىرلىق ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، ئۆزۈڭ ۋەتەندە ياشىمىساڭمۇ تەسەۋۋۇرىڭ ۋەتەندە ياشايدۇ، يەنە كېلىپ ۋەتەن سېنىڭ تەساۋۋۇرىڭدا ياشايدۇ. سەن تەسەللى تاپىسەن، خۇداغا شۈكرى دەيسەن. ئەمما، ئۆلۈپ تارتىپ قالساڭ قەيەردە ياتىسەن، يەرلىكىڭ قەيەرگە قويىلىدۇ. ھەممە يەر ئاللاھنىڭ يېرى دېيىلىدۇ....بىراق، مەن كىچىكىمدە ئىشىكىمنىڭ يېنىكى كۆلدىن ئۇچۇملاپ، ئۇچۇملاپ سۇ ئېلىپ ئىچەتتىم. ۋەتەن باشقا نېمە دېگىنە؟ !بۇ كۆل ھازىرمۇ بارمىدۇ ياكى تىنىپ كەتكەنمىدۇ.....ياكى قىرغاقلىرىغا چايقىلىپ مېنى ساقلاپ تۇرغانمىدۇ؟

رابىيە مېنىڭ خېنىم سەن نەدە ؟ سەن ۋەتەندە، ۋەتىنىمىزگە خىتايلار سېلىۋالغان تۈرمىدە، مەن بۈنىڭدىن نەچچە يىللار ئىلگىرى ياتقان تۈرمىدە

ھازىر سەن يېتىۋاتىسەن. مەن چۈشۈڭگە كىردىممۇ، سەن ھەر ۋاقىت مېنىڭ چۈشۈمدە ياشايسەن مەن ھازىر كۈندۈزدىمۇ چۈش كۆرۈمەن سەن كېچىسىمۇ، كۈندۈزىمۇ چۈشۈمدە ياشايسەن. رىياللىقتا تىرىك ياشىغان، بىر ئۆيدە بالا - چاقىسى بىلەن بىرگە ياشىغان ئەر خوتۇن ئەمدى كېلىپ بىر - بىرىنىڭ چۈشىدە ياشايدىغان بولسا ئەجەپ تۇرىدىكىنە، ئەجە پ بولىدىكىنە، ئاچچىق ئازاپنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئىنسان سىزەلمەيدىغان بولۇپ قالىدىكىنە،تۇرمىدىن تىرىك چىقارسەنمۇ،مەن ۋەتەنگە تىرىك بارالەرمەنمۇ، ئىككىمىز باللىرىمىز بىلەن تىرىك ئۇچرىشارمىزمۇ ؟ باللىرىمىزنىڭ بىر قىسمى ئۇياقتا ۋەتەندە قالدى، بىر قىسمى بۇ ياقتا ئامېرىكىدا مەن بىلەن مۇساپىر بولۇپ قالدى .... رابىيە قورسىقىڭغا نېمە يېدىڭ؟ مەن تۇرمىدە ئاچ قالغان ئىدىم سەنمۇ ئاچ قالدىڭمۇ؟ ئۇساپ كەتسەڭ ئىچىدىغان سۇيۇڭ بولدىمۇ؟ ئىككىمىز ئاخماقمۇ ياكى ئەقىللىق كىشىلەرمۇ ؟ ئىككىمىز بەختلىك كىشىلەرمۇ ياكى بەختسىز كىشىلەرمۇ؟ "ممللىتىم دېگەن كىشى مىللىتىنىڭ ئوقىدا ئۆلىدۇ " دەيدىغان گەپ بار ئىكەن. ئاخىرى شۇنداق كۈنگە قالارمىزمۇ ؟ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ئۇيغۇر خائىننىڭ قولىدا ئۆلگەن، مەمتىلى تەۋپىق ئەپەندىمۇ ئۇيغۇر خائىننىڭ قولىدا ئۆلگەن، يەنە بىر قىزىقى شۇ يەردىكى ئۇيغۇر غا دۆلەت قۇرۇپ بەرگەن بۇيۇك سەركەردە ياقۇپبەگمۇ ئۇيغۇر تىللىق خائىننىڭ قولىدا ئۆلگەن.......ئۇيغۇرنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئوتتۇرىغا چىققان ئىنقىلابچىلىرى ئەنە شۇنداق ئۇيغۇر تىللىق خائىنلارنىڭ قولىدا ئۆلگەن. بىزچۇ رابىيە خېنىم، ئۇيغۇر ئۇچۇن ئىنقىلاب قىلغان تارىختىكى ۋەتەنپەرۋەرلەرگە ئوخشاش، ھەر قانداق بىر ئۇيغۇرىمىزغا بىر نان ئوشتۇپ ئالدىغا قويۇپ بېرەلمەيمىز، ئالدىغا بىر پىيالە چاي قويۇپ بېرەلمەيمىز، ئەمما خىتاي مۇستەملىكچىلىرى خىتايغا خىزمەت قىلىپ بېرىمەن دېگەن ھەربىر ئۇيغۇر تىللىق ئادەمگە، چايمۇ قۇيۇپ بېرەلەيدۇ، نانمۇ ئوشتۇپ بېرەلەيدۇ، ئايروپىلان بىلىتىمۇ ئېلىپ بېرەلەيدۇ، پاسپورتىغا ۋىزا قويۇپمۇ بېرەلەيدۇ، دۇبەيدە دۇكان ئېچىپمۇ بېرەلەيدۇ، خالىسا چەتئەلدە

ئاشخانا ئېچىپمۇ بىرەلەيدۇ ۋەتەندە قالغان بالا -چاقىسىنى، ئۇرۇغ - تۇغقانلىرىنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپمۇ قويالايدۇ، سىنىڭ بىلەن مېنىڭ بالىمىزنى تۈرمىگە سولاپ قويغان بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتى، ئۇلارنىڭ بالا -چاقىسىنى شۇنداق خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويالايدۇ. شۇڭا بۇنداق ئۇيغۇرلارنىڭ نەزەرىدە خىتاي شۇنچىلىك قۇدرەتلىك؛ ئەكسىچە سەن بىلەن مەن ئەلۋەتتە، ھېچ نېمىگە ئەرزىمەيدىغان ئادەم بولىمىز،-دە. سەن بىلەن مەن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە كىم ؟ ساڭا، ماڭا شۇنىڭ ئۆزىلا كۇپايە !سەن تۈرمىدىن تىرىك چىقارسەنمۇ، ئىككىمىز تىرىك كۆرىشەرمىزمۇ يىغلىشارمىزمۇ، كۆلىشەرمىزمۇ، داتلىشارمىزمۇ ياكى ئاجايىپ -غارايىپ يارىتىلغان بۇ دۇنيانىڭ سىرلىرىنى بىلىپ بىلمەي بۇ دۇنيادىن كېتەرمىزمۇ. بىز بۇ ئىشلارنى قىلغاندا بەندە بىلەرمۇ، بەندىگە بىلدۇرۇمىز دەپ،قىلغان ئىشلىرىمىزدىن بەندە خوش بولارمۇ، بەندىنى خوش قىلىمىز دەپ، قىلغان ئەمەس ! ۋەتەن ئۈچۈن كۆرەش قىلىدىغان ئىشلارنى شۇ دەرىجىدە ئېغىر بەدەل تۆلەپ قىلىپ كېلىۋاتىمىز. سەن بۇ نوختىنى ياخشى چۈشىنىسەن. قىلغانلىرىمىزنى خۇدا بىلسىلا، خۇدا خوش بولسىلا بولدى، رابىيە خېنىم!

بۈگۈن خىياللىرىم گادىرماچ . خىياللىرىم قەيەردىن باشلىنىپ قەيەردە ئاخىرلىشىشنى بىلمەيۋاتىدۇ. خىياللار مېنىڭ ئىلكىمدە ئەمەس، مەن خىياللارنىڭ ئىلكىدە بولۇپ قالدىم. پوشكىنىنىڭ بۇ بىر مىسرا شېئىرى ھەر گىز ئېسىمدىن چىقمايدۇ. "خىياللار، خىياللار ھەتتا سىز، ھەتتا سىزمۇ تاشلاپ كەتتىڭىز" شۇنداق ھەتتا خىياللارمۇ مېنى ۋە سېنى تاشلاپ كەتتى. غەرپ پەلسەپەسىدىكى يالغۇزلۇق، غېرىپلىق، يېتىملىك دېگەن ئۇقۇملارنىڭ مەنىسى شۇ بولسا كېرەك.

.................................قەدىمقى دەۋرلەردە سىياسەتنىڭ شەكلى - رىمنىڭ ئاممىۋى سورۇنلىرىدا ئاممىنى توپلاپ كۆرگىلى بولىدىغان بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ، پۇقرالارنىڭ ھوقۇقنى ئىشلىتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش بىلەن باشلىناتتى. بىز كىمگە ھەيدەكچىلىك قىلىمىز، كىم بىزگە ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ؟ئۇيغۇر پۇقرالىرىنى كىم بىر

گەۋدىگە ئايلاندۇرالايدۇ. بۇ ئىش زىيالىنىڭ قولىدىنمۇ كەلمەيدىكەن، موللامنىڭ قولىدىنمۇ كەلمەيدىكەن. چۈنكى، ئىنسان مەنپەئەت بار يەردىلا ئىتتىپاقلىشالايدىكەن. بۇ مەنپەئەت مىللەتنىڭ ئازادلىقىغا مۇناسىۋەتلىكمۇ، بۇ مەنپەئەت ۋەتەنگە خائىنلىق قىلىشقا مۇناسىۋەتلىكمۇ ئىنسان دەرھاللا بۇ نوختىنى ھەرگىز ئويلاپ ئولتۇرمايدىكەن.......ئۇيغۇرلار تېخىچە ئېرىشەلمىدۇق، شۇ قەدىمقى دەۋرلەردە ئىنسانغا مۇناسىپ گۈزەل ئەخلاق، گۈزەل ئەخلاققا ماس كەلگەن گۈزەل سىياسەت مەتبۇئات ئارقىلىق تەشۋىق قىلىناتتى. 20مىلىيون مىللەتنىڭ رابىيە خېنىم، ھازىرغىچە بىر ۋاراق شەكىللىك، بىر ۋاراق ھەجمىدە مەتبۇئاتىمىز يوق. بىز چۇ ئەمدى، گۈزەل ئەخلاق بىلەن مۇستەقىللىق دەۋالىرىغا ماس كېلىدىغان گۈزەل سىياسەتنى نېمگە تايىنىپ تەشۋىق قىلارمىز؟ ئەينى چاغدا كىشلەر ئەقىل پاراسەت بىلەن مالىيەنىڭ كۈچىنى بىرلەشتۈرۈپ" كۈچ مەيدانى "ھاسىل قىلاتتى. بۇ دېگەنلىك پۇل بولسا ھەممىنى قىلغىلى بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەسمۇ؟پۇل بولسا كۈچ بولىدۇ، ئايلىنىپ كېلىپ كۈچ بولسا پۇل بولىدۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟ ھوقۇق بولسا پۇل بولىدۇ، پۇل بولسا ھوقۇق بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەسمۇ ؟!

ھازىر مىللەتنىڭ مىللەتلىك تۇرمۇشىدا كىشلەر ئېغىزدىن چۈشۈرمەيدىغان، دىققىتىدىن نېرى قىلمايدىغان جامائەتنىڭ ئەڭ نىگىزلىك پىكىر -ئىدىيىلىرى نېمە؟ بۇ ئىنتايىن مۇھىم مەسىلىدۇر. بۇ مەسىلىنىڭ بۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ مەسىلىگە يەنى سوئالغا بېرىلىدىغان جاۋابنىڭ تېماتىك ئىدىيىۋىلىكىدىن مىللەتنىڭ سوقۇپ تۇرىۋاتقان يۈرىكىنىڭ ئارمانلىرىنىڭ نېمىلەر ئىكەنلىكىنى، ئازاد بولۇش ئارمىنى بارمۇ، -يوقمۇ، مۇستەقىل بولۇش خىيالى بارمۇ، -يوقمۇ،دەيدىغان سوئاللارغا جاۋاب بولىدىغان بىر مەسىلىنىڭ مەزمۇنىغا ئىگە بولالاتتۇق. مۇستەملىكچى خىتاي جەمئىيىتىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل سىياسى ئاڭغا ئىگە بولۇشى پەقەت

ئىستىخىيىلىك جامائەت پىكرىنىڭ تەپەككۇرنى قوزغىتىشى ئارقىلىقلا ئىگە بولىدىغان بىر ئىش بولۇپ قالدىمۇ ؟ چۈنكى، ئۇيغۇرنى ئۇيغۇر تەربىيلەيدىغان مۇستەقىل ئۇيغۇر مائارىپى يوق ئىدى.

ئاپتۇمات بىلەن قەلەم، جەڭ مەيدانى بىلەن مەتبۇئات مەيدانى بىر-بىرىدىن ئايرىلمايدىغان ئەڭ مۇھىم قورالالار ۋە ئەڭ مۇھىم مەيدانلار ئىدى. بۇ مەيدان، بۇ قورالالار غەرپ مەدەنيەتىنىڭ گو تىك دەۋرىدە ئىختىرا قىلىنغان.ھەر ئىككىلىسى گېرمانلارنىڭ تېخنىكىلىق ئىدىيىسىنىڭ مەھسۇلى ھېسابلىناتتى. مەدەنيەتنىڭ ئۇندۇرمىلىرى باشلانغان دەۋىرلەرنىڭ دەسلىپىدىلا تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى ۋە زەمبىرەك ئىختىرا قىلىنغان.فىرانسىيە ئىنقىلابى دەۋرى1788 -يىللىرىغا كەلگەندە كىشلەر ئىنقىلابقا چاقىرىق يېزىپ، ئىنقىلابى شوئارلارنى يېزىپ تارقىتىشقان ئىدى. نۆۋەتتە، ئۇيغۇرنىڭ تىل يېزىقى، مەتبۇئاتىمۇ بار دەيلى، ئۇيغۇرلارنىڭ تەشۋىق ۋەرەقە تارقىتىش ئارقىلىق بىر -بىرىنى ئىنقىلابقا دالالەت قىلالىشى مۇمكىنمىدۇ؟ بۇنىمۇ قويۇپ تۇرايلى نۆۋەتتە، ئۇيغۇرلار تور بېتىدىن پايدىلىنىپ تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق -چۈچۈكلىرى بولسىمۇ ئىختىيارى پىكىر قىلالايدىغان ھوقۇقلارغا ئىگىمىدۇ؟يوق، ئۇيغۇرنىڭ بۇنداق ھوقۇقىمۇ يوق. ئۆتمۈشتە، ئۇيغۇرنىڭ ئىدېئولوگىيىلىك پىكىرلىرى ئەدەبىيات ۋاستىلىرى، ژانىرلىرى ئارقىلىق بىر كاتىپنىڭ شۇ كىتابنى كۆچۈرۈپ بولۇپ،يەنە بىر كاتىپنىڭ كۆچۈرۈشكە ئۆتكۈزۈپ بىرشى ئارقىلىق ساقلىنىپ كەلگەن. بۈگۈن ئۇيغۇرلار مەتبۇئات يۈكسەك تەرەققى قىلغان دەۋرىدە ياشاۋاتقان بولسىمۇ، ھالبوكى ئۇيغۇر ئادەملەرنىڭ مەتبۇئات باشقۇرۇش ھوقۇقى ۋە مەتبۇئات ئارقىلىق پىكىر قىلىش ھوقۇقىمۇ يوق.شۇ ڭا ھەر قانداق بىر ئۇيغۇر كىشى يەنى ئىمانى تازا، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيلىرى پاكىز بىر ئۇيغۇر كىشى ئىچكى پىكىرنىڭ مۇستەقىللىقنى ئاشكارىلىغاندىن كېينچۇ،يەنە داۋاملىق بۇ ئىچكى پىكىرنى كېينكى پىكىر مۇستەقىللىقىغا ئىگە قىلالماي ياكى ئايلاندۇرالماي، ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇرالماي، تۇرمۇشنىڭ كومىدىيىلىك ۋەقەلىرى بىلەن

تۇرمۇشنىڭ تراگېدىيىلىك ۋاقەلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن بىر مۇھىت ئىچىدە ئەتراپىدىكى ۋەقەلەرگە ھەيرانلىق بىلەن زەڭ سېلىپ، زامانغا چەكسىز - چەكسىز سوئال تاشلاپ،زاماننىڭ ئۆتۈشىگە سوغاق قانلىق بىلەن قاراپ تۇرۇشقا كۆنۈكتى. ناھايىتى بىمەنە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ، نىقاپلانغان ئاتالمىش سوتسىيالىزىمنىڭ ئىدېئولوگىيىلىك قايمۇقتۇرۇشىنىڭ ئىچى ۋە تېشىدا پەقەت بىر مىللەت -خىتاي مىللىتى ئىرادىسىنىڭ مەشغۇلات قىلىشۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يەتتى.

ھەقىقەت دېگەن نېمە؟ ئۇيغۇر پۇقرالارغا نىسبەتەن "ھەقىقەت"تىن ئېيتقاندا، ھەقىقەت بۈگۈنكى كۈندە ئېرىنچەكلىك بىلەن ئوقۇلۇپ تۇرىدىغان، يادلىنىپ تۇرىدىغان" شىنجاڭ گېزىتى "خەۋەرلىرىلا "ھەقىقەت" بولۇپ قالدى. قوللاشتىن خالى، ھىمايە قىلىشتىن ھەم خالى يەككە- يىگانە قالغان ئۇيغۇر ئالىملىرى ۋە ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بۆلۈك -پۇشقاقتا توپلىغان ماتېرىياللىرى ۋە يازمىلىرىغا ئاساسلىنىپ، مۇستەقىل تەپەككۇرنىڭ كۈچىغا تايىنىپ يېزىپ چىققان يازمىلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر جامائىتىگە بىر ھەقىقەتنى سۆزلەپ بېرىشى ياكى بەلگىلەپ بېرىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى. لېكىن بۇنداق تەييارلانغان ھەقىقەتلەر ئومۇمى يۈزلۈك ئۇيغۇر جامائىتى بىلەن ئۇچرىشالمىغانلىقتىن، ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ ئىشىنىدىغىنى يەنىلا جامائەتنىڭ تەستىقىدىن ئۆتمىگەن ئۆزى ياراتقان ھەقىقەت، ئۆزىگە- ئۆزى سۆزلەيدىغان ھەقىقەت بولۇپ قېلىۋەردى.

رابىيە خېنىم بۈگۈن يېڭى يىل كېچىسى سەن توغرۇلۇق ئويلاۋېتىپ،تەساۋۋۇرۇم، خىياللىرىم مەتبۇئات ئەركىنلىكى ۋە پىكىر ئەركىنلىكى توغرىسىدا ھەرىكەتكە كېلىپتۇ. ھوقۇقى يوق بىر مىللەت ئۈچۈن خىيال بىلەن تەساۋۋۇر مۇھىم بولۇپ قالغاندا كونكرېت ھوقۇققا ئېرىشىشنىڭ قانچىلىك مۇشكۈللىكى ئۆزىدىن- ئۆزىگە مەلۇمدۇر.

**رابىيە قادىر**

2000-يىلى1 -ئاينىڭ 5-كۈنى

بۈگۈن ئۈرۈمچىدە قېلىپ قالغان باللىرىم، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ئۇيغۇرلارنى قامايدىغان لىيۇ داۋان تۈرمىسىگە بېرىپ ئانىسى رابىيە قادىر بىلەن كۆرۈشتى. ئانا -بالا يىراقتىن كۆزىپىشى قىلىشتى. خىتاي ساقچىلىرى ئانا -بالىنى بىر -بىرىگە يېقىن كەلتۈرمىدى. رابىيە قادىر ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلىدى. ئۆكسۈپ يىغلاش دېگەن نېمە، شۇنداق يىغلاپ باقمىغان ئادەم، نېمە ئۈچۈن شۇنداق يىغلايدىغانلىقىنى بىلمىگەن ئادەم، ئۆكسۈپ يىغلاشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىسە كېرەك.50 يىل ۋەتەن دەردىدە يىغلىغان مىللەتپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر رابىيە قادىرنىڭ كۆزلىرىدىن تۆكۈلگەن ياشنىڭ زادى قانداق ياش ئىكەنلىكى پەقەت خۇداغىلا بىلىشلىك بولسۇنكى، بۇنى بەندىگە ھېكايە قىلىپ بېرىشىمنىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ يوق ئىدى. لېكىن ئامالىم قانچە يېزىپ قوياي، خۇدانى ياد ئەتكەن بىرسى بۇ يازمىلىرىمنى ئوقۇپ قويار!شۇندق، رابىيە قادىرنىڭ كۆزىدىن ئىسسىق ياش تۆكۈلدى. بۇ تۆكۈلگەن ياش سېغىنىش يېشىمۇ، بۇ تۆكۈلگەن ياش، نەپرەت يېشىمۇ، بۇ تۆكۈلگەن ياش غەزەپ بىلەن مۇھەببەتكە تولغان ياشمۇ ياكى بۇ كۆز ياش ئۈمىدكە،ئارمانغا، پۇشايمانغا تولغان ياكى ئىنتىلىش، زارىقىشقا چىلانغان ياشمۇ، زادى قانداك كۆز يېشى بۇ؟ بىر بەندىنى ئۇ كويغا سالغان، بىر بەندىنى ئۇ يولغا سالغان خۇدا بىر نېمە دېسەڭچۇ؟ رابىيە قادىر باللىرىغا كۆڭلىدىكى سۆزلىرىنى سۆزلەپ بېرەلمىدى...رابىيە قادىرنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياش تامچىلاپ ئانا يەرگە چۈشۈپ ۋەتەننىڭ تۇپرىقىغا سىڭىپ كەتتى.

2000-يىلى1 -ئاينىڭ7 -كۈنى

ئەنگلىيە ب ب س، رادىئو- تېلېۋىزىيە ئىستەنسىسى بۈگۈن 5مىنۇتلۇق تېلېۋىزىيە فىلمى ئىشلەپ رابىيە قادىرنى ۋە ئۇنىڭ سودا -تىجارەت يولىنى تونۇشتۇرۇپ ئىكران ئارقىلىق كۆرسەتتى. رابىيە قادىرنىڭ ئانىلىق قىياپىتىنى، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن قولغا ئېلىنغانلىقىنى تەسۋىرلەپ

كۆرسەتتى.

رابىيە قادىر،1997يىلى12 -ئاينىڭ15 -كۈنى" مىڭ ئانا شىركىتى " قۇرغان. ئۇيغۇر ئاياللىرى، ئۇيغۇرنىڭ زىيالى ئاياللىرى، ئائىلە ئاياللىرى بولۇپ 200 نەپەر ئايال تەشكىللىنىپ،" مىڭ ئانا شىركىتى"گە جەم بولۇپ، مەبلىغىنى، پۇل- پۇچەكلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاياللار، ھاياتلىقىنىڭ ۋاستىسى بولغان قولىنىڭ كىرى ھېسابلانغان پۇلنى ئەقلى ۋە جىسمانى ئەمگەك ئارقىلىق قانداق تېپىشنىڭ يوللىرىنى ئۆگەنمەكچى بولۇشقان، ئائىلىدىن جەمئىيەتكە چىقىپ، جەمئىيەتلىشىپ، ئىدىيە ۋە پىكرىنى يېڭىلاپ، ئائىلىدە بالا تەربىيەلەشنىڭ ئىلمى ۋاستىلىرىغا ۋە ماددى ۋاستىلىرىغا ئېرىشمەكچى بولۇشقان ئىدى. ژال ئىچىدە ئۆتكۈزۈلگەن شىركەت قۇرۇش مۇراسىمى كۈنى، كامېراغا ئېلىنغان كاسىتىنى رابىيە قادىر ماڭا شۇ چاغدىلا ئامېرىكىغا چىقىرىپ بەرگەن. مەن بۇكاسىتىنى" ئومۇمى كەچۈرۈم" ،خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ تەكلىپى بويىچە لوندۇنغا شۇ تەشكىلاتنىڭ ئىشخانىسىغا يوللاپ بەرگەن ئىدىم. بۈگۈنكى فىلىم شۇ كاستا بويىچە ئىشلەنگەن ئىدى.

تېلېۋىزىيە ئېكراندا سىياسى مەقسەتكە مۇۋاپىق ئىسيان بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان رابىيە قادىر ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن قولغا ئېلىنغان رابىيە قادىر ئوتتۇرىغا چىققاندا، ھازىرغىچە خەلقئارا غا چىقىپ باقمىغان بىر مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا خەلقئارادا قالتىس بىر كۆرۈنۈش... سودىگەر ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئۈچۈن كۆرەش قىلغۇچى ئۇيغۇر ئايالنىڭ كۆرەشچان كۆرۈنۈشى ھاسىل بولدى. ئۇيغۇر تۇنجى بولۇپ خەلقئارا سىياسى سەھنىگە تېلېۋىزىيە ئېكرانىغا چىقتى.

مەن خەلقىمدىن باشقا ھەر قانداق نەرسىنى ئويلىمايمەن، دېدى رابىيە قادىر.

ئۇ تازا چېڭقىلىپ شۇ سۆزلەرنى سۆزلەۋاتقاندا ئارقىدىنلا ئېكراندا يەنە بىر كۆرۈنۈش پەيدا بولدى.

...... قەشقەر شەھرى ھېيتگاھ جامائەسى....نامازدىن يېنىپ

مەسچىتتىن چىقىۋاتقان ئۇيغۇرلار....يان تەرەپتە قاتار ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇرلار ئىكراندا كۆرستىلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا ئىكراندا يەنە مۇنداق بىر كۆرۈنۈش پەيدا بولدى.....بىر كىشى بىر نەپەر ئايال كىشى... ئۇيغۇر ئايال كىشى رابىيە قادىر، ۋەتەن... مىللەت دەپ، سۆزلىمەكتە. ئەر كىشى ئاتالغان بەزى ئۇيغۇر" ئەركەكلەر" ھېيتگاھ جامائەسىنىڭ يان تەرىپىدە بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ، كۈلكە چاقچاق، تالاش-تارتىش بىلەن شاخمەت ئوينىماختا. بۇ مىللەت قانداق ئازاد بولىدۇ، بۇ مىللەتنى كىم ئازاد قىلىدۇ، كىم ئازاد قىلالايدۇ؟ خۇدا بۇ مىللەتنىڭ كۆڭلىگە قاچان نۇسرەت ئاتا قىلار ؟ تەنقىد ۋە مەدىھىيەلەر كىرىشتۇرۇلگەن تېلېۋىزىيە فىلىمدە ئۇيغۇر دىگەن بۇ مىللەتنىڭ ھازىرقى ھالىتى ئەنە شۇنداق تەسۋىرلەنگەن.

ب ب س، نىڭ تېلېۋىزىيە ئىكراندا رابىيە خېنىم بىر ئۇيغۇر ئايالنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تېلېۋىزىيە ئىكراندا ھېلىقىدەك ھالەتتە كۆرۈنۈشلىرى مېنى چوڭقۇر ئويلارغا سالدى. يەنە بىر كۆرۈنۈش تېلېۋىزىيە ئىكراندا لىپ قىلىپ ئۆتتى.... پويىزغا ئولتۇرۇپ جۇڭگۇنىڭ سىچۈەن ئۆلكىسىدىن قەشقەرگە يىتىپ كەلگەن كۆچمەن خىتايلار خۇددى تاغاردىن تۆكۈلگەن تېزەكتەك قەشقەر شەھرىگە تۆكۈلۈشكە باشلىدى. بۇ ھالەت ئۇيغۇرنىڭ چۈشىگە كىردى ياكى قارا بېسىپ ئويغىنىدۇ، ئۇيغۇر. ياكى تاتلىق چۈش كۆرۈپ ئويغىنىدۇ، ئۇيغۇر. ئىكراندا شۇ چاغدا كۆرستىلگەن كۆرۈنۈشلەرنى يەنە قايتا -قايتا ئويلاشقا مەجبۇر بولدۇم....

**تىبەت راھىپى -گىمابا**

2000-يىلى1 -ئاينىڭ15 -كۈنى

تىبەت رايىپى گىمابا17 ( - )قارلىق تاغلاردىن ئېشىپ ھىندىستانغا دارامسىلا تىبەت مۇساپىرلىرى لاگىرىغا يىتىپ كەگەندە، تىبەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا قاتتىق داۋالغۇش يۈز بەردى.جۇڭنەنخەيدە زىلزىلە پەيدا قىلدى، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ دىققىتى كۈچلۈك قوزغالدى.

گمابانىڭ تىبەتتىن قېچىپ چىقىپ ھىندىستانغا بېرىشىنىڭ سەۋەبلىرى مەيلى دىنى ئېتىقاد سەۋەبلىرى بولسۇن مەيلى سىياسى سەۋەبلەر بولسۇن، ئەسلىدىنلا زىددىيەتلىك تىبەت مەسلىسىنى تېخىمۇ مۇرەككەپ زىددىيەتلەر قايىنىمىغا ئىتتەردى.

بۇددا دىنى(4) خىل مەزھەپكە بۆلۈنگەن، بۇنىڭ ئىچىدە3 -خىل مەزھەپنىڭ دىنى دائىسى ھېسابلانغان گمابا،1992 -يىلى تىبەتتە جۇبۇ بۇتخانىسىدا رايىپلىققا ئولتۇرغان. گمابا ھەم ختاي كومموُنىستلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ھەم دالاي لامانىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن.

دالاي لاما14 ، چەتئەللەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەندە، بەنچەن 11، تېخى ئۆسمۈرلۈك يېشىنى ياشاۋاتقان ئىدى.گمابانىڭ بۈگۈنكى تىبەتتە رايىپلىق ئورنى ئىنتايىن يۇقىرى ھېسابلىناتتى. شۇڭا ختاي مۇستەملىكىچىلىرى سىياسى جەھەتتە گماباغا باشقىچە ئالاھىدە مۇئامىلە قىلاتتى.لېكىن، 15 ياشلىق گمابانىڭ بىر پارچە خەت تاشلاپ قويۇپ، جىپ ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، سوغاق قاتتىق كۈنلەردە قار - شۇئرغانلىق يوللارنى بېسىپ، تاغلاردىن ھالقىپ ھىندىستانغا كېلىشىنىڭ كەينىدە كىشىنى ھەيران قىلىدىغان ئەمما كىشلەرگە ئېيتقىلى بولمايدىغان بىر ھېكايە بارئىدى.

گمابا تىبەتتىن قېچىپ كەتتى. جۇڭنەنخەينىڭ بەگلىرى نېمىشقىدۇ ئۆزىنى شۇ دەرىجىدە تۇتۇۋالدى. سەرگەردان دالاي لامانىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىمۇ بۇ مەسىلە توغرىسىدا سىياسى جەھەتتە ئېغىز ئاچمىدى. پەقەت دىنى ئېتىقات ئەركىنلىكى ئىزدەپ قېچىپ كەلدى، دەپلا قويىدى. گمابا ئۆزىمۇ، ھىندىستان ھۆكۈمىتىمۇ بۇ توغرىدا ئېغىز ئاچمىدى. چوڭ ئىشلارنى نەزەردە تۇتۇپ ھەر قايسى تەرەپلەر ئۆزىنى تۇتۇپ ئالدى بولغاي !قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر گمابانىڭ قېچىپ كېتىشى بۇنىڭدىن41 يىل بۇرۇن شۇنداق قېچىپ كەتكەن دالاي لامانى ئىختىيارسىز ئەسكە سالىدۇ. ئۇنىڭ قېچىپ كېتىشى ختاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ دىنى، مىللەتلەر سىياستىنى، بۇنداق سىياسە تنىڭ

تبەت بلەن جۇڭنەنخەي ئوتتۇرسىدا ئىنتايىن سەزگۈر تالاش-تارتىشقا مەنبەئە ئىكەنلىكىنى، بۇ سىياسى ئىشلارنىڭ كەلگۈسدە جۇڭگۇدەك مۇنداق بىر فېئودال سوتسىيال دۆلەتنى ئېغىر ئاپاتكە رېئاكسىيەلەشكەن بىر ئاپەتنىڭ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان جەريانغا ئېلىپ كىرىدىغان سىياسى ئىش ئىكەنلىكىنى كۆرستىپ بەردى.

گىمابا قېچىپ كەتتى دېگەن سۆز تارقالغاندا بېيجىڭدە" مىللەتلەر ئىشلىرى خىزمىتى يىغىنى" ئېچىلىۋاتاتتى.ئەسلىدە بۇ يىغىن ئادەتتىكە يارىشا "مىللەتلەر ئىشلىرى خىزمىتى يىغىنى "نىڭ روھىنى قانداق ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشى كېرەك ئىدى ؛غەرپنى قانداق ئېچىش توغرىسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشى كېرەك ئىدى. لېكىن گىمابانىڭ قېچىپ كېتىشىدىن ئىبارەت بىر تېما يىغىننىڭ ئىچى ۋە تېشىدا قىزغىن مۇھاكىمە تېمىسىغا ئايلاندى. يىغىنغا قاتناشقان باشلىقلار، ھەر قايسى ئاپتونوم رايونلاردىن كەلگەن، يەرلىك مىللەتلەر سىياسەتلىرىنى ئىگەللەپ تۇرغان، مىللەتلەر ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان بۇ كىشىلەر خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پاتپاراق بولۇپ كېتىشتى. گىما بانىڭ تىبەتتىن قېچىپ كېتىشى ختاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ تىبەت سىياستىنى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىتىپلا قالماستىن شۇنداقلا ختاينىڭ پۈتكۈل مىللەتلەر سىياستىنىمۇ ئېغىر زەربىگە ئۇچراتتى.

ئۆزىنى" كۆپ مىللەتلىك دۆلەت"، "كۆپ دىنى ئېتىقادلىق دۆلەت"، دەپ ئاتاپ كەلگەن جۇڭگۇدا، يۇقىرىقىدەك دۆلەت قاراشلىرىدىن باشقا، مىللەتلەر ئوتتۇرسىدا دىنى ئېتىقاد توقۇنۇشلىرى ئۇزۇلمەي داۋاملىشىپ كەلدى.ختاي مۇستەملىكچىلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان50 يىلدىن بېرى، مىللەتلەر نامايىشىنى قورالىق باستۇرۇش، يۇقىرى بېسىملىق سىياسەت، سىياسى جەھەتتە تىزگىنلەش ۋاستىلىرى ئارقىلىق دىنى مەسىلىلەر، سىياسى مەسىلىلەرگە، مىللەتلەر مەدەنىيەت مەسىلىرىگە زوراۋانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئاتالمىش" ئىنتىپاقلىق" قا ۋە" ئىناق" لىققا كۆچىگەنسىرى،ئەكسىچە ختاي ھۆكۈمتى مىللەتلەر ئوتتۇرسىدا ئېغىر

دەرىجىدە ئۆچمەنلىك پەيدا قىلدى. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنىڭ كېڭىيىشىگە، مىللەتلەر ئېرىشمەكچى بولغان تەرەققىيات پۇرسەتلىرىنىڭ پەرقلىق تەمىنلىنىشىگە ئەگىشىپ، جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى، كىشىلەر مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى، مىللەتلەر مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى، كۆز قاراشلارنىڭ يېڭىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئەسلىدە مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ ھەل قىلىنماي تۇرۇپلا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا يەنە يېڭى زىددىيەتلەر پەيدا بولدى، ئەۋج ئالدى، كەسكىنلەشتى. دىن بىلەن سىياسەت بىرلەشتۈرۈلگەن تىبەتتە، بۇ خىل زىددىيەتلەت ھەل قىلىنمايلا قالماستىن، مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان، ئىچكى مۇڭغۇل قاتارلىق ئاپتونوم رايونلاردىمۇ، خىتاينىڭ تەلەپ ئېھتىياجى بويىچە بىر-بىرىگە" لاتاپەت " كۆرسەتمەي،ئارقا -ئارقىدىن مەسىلە، زىددىيەتلەر چىقىشقا باشلىدى. مەسىلىلەر جۇغلىنىپ ئەمدى مىللەتلەر مەسىلىلىرىنى قانداق ھەل قىلىش، ئېتقاد ماجرالىرىنى قانداق ھەل قىلىش، يېڭى ئەسىردە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئىنتايىن ئېغىر سىياسى مەسىلە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى خەلقئارا جەمئىيەت خىتاينىڭ ئالدىغا قويغان بىر خىل خىرىس مەسىلىسى بولۇپ قالدى. بۇ مەسىلىلەر، مىللەتلەر مەسىلىسىگە دىققەت قىلىدىغان خەلقئارا جەمئىيەتتە، ئىنتايىن جىددى لېكىن بەزىدە ئىنتايىن ئاستا دۆلەتلەر ئارا دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ دائىرىسىگە كىرىپ قالدى.

**ئىسلاھات......**

2000 -يىلى1 -ئاينىڭ 25 كۈنى

" ئىسلاھات، ئىشكنى ئېچىۋېتىش" ،"مۇقىملىق، ئىنتىپاقلىق"، شوئارلىرى ئاستىدا خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى، مۇستەملىكىچى ھاكىمىيەت ئاپاراتىنىڭ سىياسى ۋېتىلىرىنى چىگىتىشقا باشلىدى. يۇقىرىدىن -تۆۋەنگىچە جىددىلىك، خىتايچە" سۈرلۈك "بىر قىياپەت، بىر

ئەلپاز پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلاپ، كىشلەر قىزىل تېررورىزىمنىڭ ۋەھىمىسى ئىچىدە قېلىپ قالدى.

خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ئۆتكەن50 يىللىق دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلىگەندە، ئۇۋمىن جۇڭگۇنىڭ ئەپكىشىگە قايتىپ كەلگەن، بىرلىككە كەلگەن جۇڭگۇ تەشۋىقاتىنى تاشقىرىغا قارىتىپ، تەيۋەنگە ئەلەم ۋە قەلەم پوپۇزىسى ئىشلىتىشكە باشلىدى. ئەگەر ساختاپەزلىكنىڭمۇ ئاز-تولا ئاساسى بولىدۇ، دېيىلىدىغان بولسا، بۇ خىل ئاساسىز ساختاپەزلىك بىلەن قىلىنغان داۋراڭ ئۆزىگە ماس كەلمىگەن بىر خىل كۆرەڭلىكنىڭ ئىپادىسى بولۇپ قالاتتى. بىر پارتىيە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا، مۇستەبىت زوراۋانلىق شارائىتىدا، خەلق ھوقۇقىنىڭ كاپالەتكە ئىگە بولالمىغانلىقى مەسلىنىڭ ئەڭ ئېغىر تەرىپى بولۇپ قالدى. جەمئىيەتتە ھەق -ناھەقنى ھەل قىلىش، ئەمەلىيەتتە ھەق بىلەن ناھەقنىڭ چەك -چېگراسىنى ئاستىن - ئۈستىن قىلىۋەتكەن شۇ پارتىيىنىڭ بىر جۈملە سۆزىگىلا قاراپ قالدى. مانا بۇ نداق قاراپ قېلىش زوراۋانلىق، مۇستەبىتىزىم، ئادالەتسىزلىكنىڭ مەنبئى ئىدى.

1-ئاينىڭ11 -كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ باياناتچىسى بۇ يىل بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يىللىق كىشىلىك ھوقۇق يىغىنىدا، خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىپلەش لاھىيىسى ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدە خىتاي ھۆكۈمىتى سىياسى پىكىر قىلغۇچىلارنى باستۇرۇشنى كۈچەيتتى، دىنى ئېتىقادلىق ئۇيغۇرلارغا، مىللەتچى ئۇيغۇرلارغا قاتتىق زەربە بەردى، دەپ كۆرسەتتى باياناتچى.

ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ باياناتچىسى جېيمىس روبىن ئەپەندىم:" ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ لاھىيىسى - مۇھىمى خىتاي ھاكىمىيتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقتا دەخلى-تەرۇز قىلغان قىلمىشىنى، خەلقى ئالەم ئالدىدا بىرمۇ -بىر پاش قىلىپ،پۈتۈن دۇنيانىڭ بۇ لاھىينى مۇھاكىمە قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت"دەپ، تەكىتلەپ

كۆرسەتتى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى3 - ئايدا يىللىق يىغىن ئۆتكۈزۈپ، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى، مىللەتلەرنىڭ ئۆزتەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىدۇ"، ئامېرىكا 1989-يىلىدىن باشلاپ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق يىغىنىدا ئارقا -ئارقىدىن 8 قېتىم، جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىپلەش لاھىيىسى ئوتتۇرىغا قويغان. پىرېزىدېنت كىلىنتون 1998-يىلى بېيجىڭنى زىيارەت قىلغاندا، سىياسى ھىلىگەرلىكنى ئەنئەنىگە ئايلاندۇرۇۋالغان خىتاي ھۆكۈمىتى، ئامېرىكىغا خوشامەت قىلىپ دېموكراتچىل خىتايلارغا مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئۇسسۇلىنى ئۆزگەرتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن شۇ يىلى ئامېرىكا تەرەپ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق يىغىنىدا جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىپلەش لاھىيىسى ئوتتۇرىغا قويمىغان.

ۋاشىنگتون، جۇڭگو بىلەن ناھايىتى قويۇق سودا مەدەنىيەت ئالاقىسى ئورنۇتۇپ، جۇڭگونىڭ دېموكراتىك ئۆزگىرىش مۇساپىسىغا قەدەم قويۇشىنى، تەدرىجى ئەقلىلىققا، ئەقلچىلىككە يېتەكلەپ كونا سىياسى تەپەككۇردىن، مۇستەبىتىزىمدىن ۋاز كېچىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. تىنىچ يول بىلەن ئۆزگەرتىش دېگەننىڭ مەنىسى شۇنداق بولامدىغاندۇ؟ لېكىن جۇڭگودا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر بۇ ئۈمىدنىڭ ئەكسىچە نەتىجە بەرگەن بولدى.

ئامېرىكىنىڭ بېسىمىغا تىز پۈكۈپ جاۋابەن بىر نەچچە نەپەر خىتاينى خىتاي ھۆكۈمىتى تۈرمىدىن ئامېرىكىغا قويۇپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن 1999-يىلى بىر يىل ئىچىدە ئەركىنلىك، دېموكراتىيە ئۈچۈن كۆرەش قىلغان خىتايلار، مۇستەقىللىق، كىشىلىك ھوقۇق ئۈچۈن كۆرەش قىلغان رابىيە قادىردەك ئۇيغۇر مىللەتچىلىرى ئارقا -ئارقىدىن قولغا ئېلىندى. بولۇپمۇ خىتاي فالۇنگۇڭچىلارنى قولغا ئېلىشتا ئىنتايىن قاتتىق ۋاستىلارنى ئىشلەتتى.

ختاي مۇستەملىكىچىلىرى ھەر قايسى مىللەتلەر باراۋەر دېگەن شوئارنى تەكرارلىسىمۇ، باراۋەرلىك ساختا باراۋەرلىك بولۇپ، مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقتا باراۋەرلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيتى. مىللەتلەرنىڭ رېئال مۇناسىۋەتلىرى شۇ ئىدىكى، بىر پارتىيە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ھەر قايسى مىللەتلەر، چوڭ خەنزۇچىلىق ۋە شاۋۇنىستىك سىياسەتكە بوي سۇنۇشلىرى كېرەك ئىدى.بۈگۈن تىبەتلەر ۋە ئۇيغۇرلار ختاينىڭ مىللەتچىلىك سىياستى ئالدىدا ئېغىر بېسىمغا ئۇچراۋاتىدۇ.

جۇڭگۇ ھۆكۈمىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى باشقا دېمۇكراتىك دۆلەتلەر ئەيىپلەيدىغان دەرىجىگە يەتكەن تۇرۇقلۇق، لېكىن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق يىغىنىدا، بەزى دۆلەتلەر پۇل ئۈچۈن ختاينى قوللاپ قۇۋۋەتلەپ، بولۇپمۇ ئىسلام دۆلەتلىرى ختاينىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى داۋاملىق دەپسەندە قىلىشىنى قوللاپ ئاۋاز بەرمەكتە.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئامېرىكا سىياسى جەھەتتە ئىزچىل بولماي كەلدى. پرېزىدېنت كىلىنتۇن 10-ئايدا جۇڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەت بولۇپ كىرىش مەسىلىسىنى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ تېزرەك ماقۇللىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى.ئەمما يەنىلا ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسى چەتئەللەردە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىلارغا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىپلەش لاھىيىسىنىڭ توسالغۇسىز ماقۇللىنىشىغا كۈچ چىقىرىش توغرىسىدا ھەيدەكچىلىك قىلدى. گەرچە بۇنداق لاھىيىنىڭ ئەمەلى جەھەتتىكى ئەھمىيىتىدىن ئەخلاق جەھەتتىكى ئەھمىيىتى يۇقىرى بولسىمۇ، ئەگەر ماقۇللۇقتىن ئۆتىدىغانلا بولسا، كىشىلىك ھوقۇق بويىچە جۇڭگونى چەكلەشكە ياردىمى بولاتتى. ئامېرىكا رېيال پايدا -زىيان ۋە نىگىزلىك پىرىنسىپلار ئوتتۇرىسىدا جۇڭگونى ئەيىپلەش لاھىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى قارار قىلغان ئىكەن، ئالقىشلاشقا ئەرزىيدۇ ئەلۋەتتە. ئامېرىكا، بىرلەشكەن دۆلەت تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق يىغىنىدا ختاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق

خاترىسىنى ئەيپلەش توغرىسىدا لاھىيە ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغاندا باشقا دۆلەتلەر قانچىلىك قوللىدى، ئۇيغۇر بىلەن تىبەتكە پايدىلىق بۇ قارار لاھىيىنى باشقىلار زادى قانچىلىك قوللىدى، ئۆزۈڭدە يوق ھوقۇقنى كىمدىن تەلەپ قىلىشىڭ مۇمكىن ۋەتەندىشىم؟!

مىللەت تارىخى جەريانلارنىڭ ھەر قانداق بىر باسقۇچىدا ئۆزىگە ئۆزى تەلەپچان بولغان بولسىلا، باشقىلارغا تەلەپ قويۇشنىڭ، باشقىلاردىن ئۈمىد كۈتۈشنىڭ، باشقىلارغا يېلىنىپ يالۋۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولارمىدى؟

**پىرېزىدېنت بىل كىلىنتون**

2000-يىلى1 -ئاينىڭ 30 -كۈنى

پىرېزىدېنت كىلىنتون27 -كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئومۇمى يىغىنىدا دۆلەت خېتى ئېلان قىلدى. دۆلەت خېتىنىڭ مەزمۇنى بۇرۇنقى شۇنداق شەكىللىك دۆلەت خېتىگە سېلىشتۇرغاندا مەزمۇن جەھەتتىن كەڭ ۋە ئەتراپلىق ھەمدە پىرىېزدېنتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دۆلەت خېتى بولۇپ قالدى.

ئۇ ئاۋۋال يەتتە يىللىق خىزمەتلەر ئۈستىدە توختىلىپ، كەلگۈسى بىر يىل ئىچىدە ئىشلەيدىغان خىزمەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى. پىرېزىدېنت :" بىز ھاياتنىڭ ناھايىتى مەزمۇنلۇق دەقىقىلىرىدە ياشاۋاتىمىز" ، دەپ باشلىدى دۆلەت خېتىنى.

ئادەتتە ئامېرىكىلىقلار" ئىنقىلاب " ئىبارىسىنى ناھايىتى ئاز ئېغىزغا ئېلىشاتتى. لېكىن پىرېزدېنت كىلىنتون بۇقېتىم :" دۆلەت قۇرغان 224يىلدىن بېرى، ئامېرىكا ئىنقىلابى داۋاملىشىپ كەلدى، ئامېرىكا يەنىلا بىر يېڭى دۆلەت " دەپ، كۆرسەتتى.

خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر جەھەتتە پىرېزدېنت كىلىنتون :" كەلگۈسىدە دۈچ كېلىدىغان 5 تۈرلۈك خىرىس، بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگو مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش "نى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى. جۇڭگو مەسىلىسىنى بىر تەرەپ

قىلىش قانداق قىلىپ دۈشمەننى دوستقا ئايلاندۇرۇش مەسىلىسى بولۇپ، ئامېرىكا تىنچلىق بەرپا قىلىش بۇرچىنى ئاكتىپ ھۆددىگە ئالغان ئەھۋالدا، پۈتۈن دۇنيا تىنچلىق ئىچىدە گۈللەنگەندىلا، مۇقىم بولغاندىلا ئاندىن ئامېرىكا خاتىرجەم بولاتتى ۋە تىنچلىقتىن بەھرىمەن بولالايتى. پىرېزىدېنت تەنقىد لىگەن خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى مەسىلىسى "خەلقنىڭ ئەركىنلىكىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە مۇقىملىقنى قولغا كەلتۈرۈش، شۇنىڭ ئۈچۈن ئامېرىكا بۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگۇنىڭ ئىشكىنى ئېچىۋېتىشىگە، بازارنى ئېچىۋېتىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، كۆپتىن -كۆپ قاتلاملار بويىچە ئۇچرىشىش جەريانىدا ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيىنىڭ ئۇچۇرىنى تارقىتىش ئىدى.

يەر شارىلىشىش سودا -تىجارەتنى كەڭ كۆلەمدە خەلقئارالاشتۇرۇش مەسىلىسىلا ئەمەس، بەلكى بىر جەمئىيەتنى سىياسى، ئىقتىسادى جەھەتتە كەڭ كۆلەملىك دېموكراتىيەلەشتۇرۇش ھەرىكىتىدۇر. بۇ ھەرىكەت جۇڭگولۇقلار ئۆلگىدەك قورقىدىغان تىنچ يول بىلەن ئۆزگەرتىش دېگەنلىك ئەمەسمۇ؟ پىرېزىدېنت كلىنتوننىڭ بۇ سىياستى ئاقامدۇ، ئاقمامدۇ، جۇڭگو بۇنداق سىياسەتنى قوبۇل قىلامدۇ، قىلمامدۇ ؟ كۈتەيلۇك، كەلگۈسنى كۈتەيلۇك...ئەمەلىيەتتىمۇ چۇ، ھەر قانداق قۇلۇپنىڭ ئاچقۇچى باشقا -باشقا بولىدۇ.

**ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى سىنەتورى ۋېليام روز ئەپەندىنىڭ قارارى**

2000-يىلى2 -ئاينىڭ2 -كۈنى

2 -ئاينىڭ2 -كۈنى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى دۆلەت مەجلىسىنىڭ سىنە تورى ۋىليام روز ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشى توغرىسىدا قارار ئالدى.

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى دۆلەت مەجلىسى:

بۈگۈن پارلامېنت، رابىيە قادىر ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدە بالاچاقىلىرىنى، تىجارەت ياردەمچىلىرىنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى تۈرمىدىن

قويۇپ بېرىشى كېرەك،دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلدۈردۇ. بۇ قارار ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. دۆلەت مەجلىسىنىڭ 106 - نۆۋەتلىك ئۇمۇمى يىغىنى 2- قېتىملىق يىغىلىش 252 ئەس، ئار، ئې، ئەس. ئەنگىلىزچە ھەرپلەر بىلەن بەلگىلەنگەن.

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى دۆلەت مەجلىسىگە2000 -يىلى2 - ئاينىڭ2 -كۈنى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ سىنەتورى ۋىلىيام روز ئەپەندى، تۆۋەندىكىدەك قانۇن لاھىيە تاپشۇردى. بۇ قانۇن لاھىيە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى دۆلىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە يوللاپ بېرىلدى.

قانۇن لاھىيە:

دۆلەت مەجلىسى: رابىيە قادىر ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئات بالا - چاقىلىرىنى ۋە تىجارەت ياردەمچىلىرىنى جۇڭخۋا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشى كېرەك دەپ، قارايدىغانلىقىنى بىلدۈردۇ.

جۇڭگو - شىنجاڭ رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئاز سانلىق مىللەت، بۇ مىللەت داۋاملىق ھالدا ئېزىلىۋاتقانلىقتىن ؛ بۇ مىللەتنىڭ خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنغان سىياسى ئىپادىلەش ئورگىنى ۋە تەشكىلاتلىرى بولمىغانلىقتىن؛ بۇ مىللەتنىڭ دىنى ئېتىقادى ۋە ئەركىنلىكى دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقتىن؛

ئامېرىكىدا تونۇلغان، كۆزگە كۆرۈنگەن ۋە يۈز ئابرويلۇق ئۇيغۇر ئايال تىجارەتچى رابىيە قادىرنى، جۇڭخۋا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى 1999-يىلى 11-ئاۋغۇستا ئىختىيارى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە سولاپ قويغانلىقتىن؛1993 -يىلدىن1998 -يىلغىچە رابىيە قادىر خانىم شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسى كېڭەشكە ئەزا بولغانلىقتىن؛ رابىيە خانىم،1995 -يىلى بېيجىڭدە ئۆتكۈزۈلگەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 4- نۆۋەتلىك دۇنيا ئاياللىرى قۇرۇلتىيىغا ئۇيغۇرلاردىن ۋەكىل بولۇپ قاتناشقانلىقتىن، ساقچىلار بۇنىڭدىن بۇرۇن رابىيە خانىمنى

تەقىپ قىلىنغان ۋە ئۇنىڭ يۇرۇش- تۇرۇشىنى كۆزەتكەن.

جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى تەنقىدلەپ ماقالە يازغانلىقتىن، 1996-يىلى ئامېرىكىغا كېلىپ سىياسى پاناھلىق تىلىگەن، رابىيە قادىرنىڭ ئۆمۈرلىكى سىدىقھاجى روزىنىڭ مىللەتچىلىك پائالىيەتلىرى ئۈچۈن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى رابىيە خانىمغا تەھدىت سالغانلىقتىن،1999 -يىلى 2- سىنتەبىردە جۇڭگو ھۆكۈمەت دائىرلىرى رابىيە خانىمنى رەسمى ھالدا " دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى چېگرادىن چىقارغان"، دەپ قارىلىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن رابىيە خانىم ھازىر ئۈرۈمچىدە تۈرمىگە سولانغانلىقتىن؛ جۇڭگو بىخەتەرلىك نازارىتى 1999-يىلى ئاۋغۇستتا رابىيە خانىمنىڭ ئوغلى ئابلىكىم ئابدۇرېھىمنى، كاتىپى قەھرىمان ئابدۇكېرىمنى، ئۇلارنىڭ جىنايى ئىشلارغا ئارىلاشقانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ھەر قانداق دەلىل ئىسپاتسىز ئۈرۈمچىدە خالىغانچە تۈرمىگە سولاپ قويغانلىقتىن؛ 1999-يىلى 20-نويابىر ئابلىكىم ئابدۇرېھىم ھەر قانداق قارىلاش ياكى سوئال -سوراقسىزلا خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچەملىرىگە خىلاپ ھالدا ئولانباي ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش تۈرمىسىگە ئىككى يىللىق ئۆزگىرىشكە بۇيرۇلغانلىقتىن ؛ شۇڭا ھازىر:

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى پرېزىدېنتىنىڭ بۇ دەمدە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋەكىللىرىگە،ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ رابىيە قادىر ۋە ئۇنىڭ بالاچاقىسى ۋە تىجارەت ياردەمچىلىرىنى دەرھال، شەرتسىز تۈرمىدىن قويۇپ بېرىش كېرەك، دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش كېرەك دەپ، قارار ئېلىندى.

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى دۆلەت مەجلىسى، رابىيە قادىرنى ۋە ئۇنىڭ بالا- چاقىلىرىنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا قانۇن لاھىيە ماقۇللىغاندىن كېيىن، 2000-يىلى 2-ئاينىڭ3 - كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت، خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدىن 7نەپەر كىشى ئاجرىتىپ ئۇلارنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ

لىيۇداۋان تۈرمىسگە ئەۋەتىپ، بۇ كىشىلەر رابىيە قادىر بىلەن ئىككى سائەت سۆھبەتلەشكەن ئىمىش. سۆھبەتلىشىش جەريانى ئاشكارىلانمىغان بولسىمۇ، ئۇ ۋەكىللەرنىڭ ئىچىدىكى بىر نەپەر ئۇيغۇر ۋەكىلنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە : رابىيە قادىرنىڭ مىللىتى ئۈچۈن ئىپادىلىگەن سىياسى مەيدانى ئۇنىڭغا يارىغان ئىمىش.

رابىيە قادىر: ھۆكۈمەتنىڭ مېنى قولغا ئېلىشى دەسلەپتە ماڭا ئار كەلدى، كېيىنچە تۈرمىگە كۆنۈپ قالدىم، دېگەن. خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى ھېسابلانغان بۇ كىشى:

-مەن رابىيە قادىرنى سودا- تىجارەت ساھەسىدىلا باتۇر ئايال دەپ، قارىغان ئىدىم. رابىيە قادىر، مىللىتىگە مۇناسىۋەتلىك سىياسەت ساھەسىدىمۇ باتۇر، غەيرەتلىك، شىجائەتلىك ئايال ئىكەن. ئۇنىڭ غەيرىتى، شىجائىتى ئالدىدا ھەممە نەرسە مەغلۇپ بولۇپ تۇرىدىكەن، دېگەن ئىمىش. بۇ گەپلەرنى ماڭا باللىرىم ئۇرۇمچىدىن تېلېفون ئارقىلىق يەتكۈزدى.

**تەيۋەننىڭ بىخەتەرلىكىنى كۈچەيتىش قانۇن لاھىيىسى**

2000 -يىلى2 -ئاينىڭ5 -كۈنى

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئاۋام پالاتاسى 2-ئاينىڭ1 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، 70كە قارشى 341ئاۋاز بىلەن " تەيۋەننىڭ بىخەتەرلىكەنى كۈچەيتىش قانۇن لاھىيىسى" ماقۇللىغاندىن كېيىن، 2-ئاينىڭ2 -كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى "رابىيە قادىرنى ۋە ئۇنىڭ قولغا ئېلىنغان بالا -چاقىلىرىنى، تىجارەت ياردەمچىلىرىنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى "نىڭ دەرھال تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشى كېرەك"لىكى توغرىسىدا، قانۇن لاھىيە ئوتتۇرىغا قويدى. ئىككى خىل ئىش، ئىككى خىل سىياسى تەرتىپ، مەزمۇنى بىر -بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل قانۇن لاھىيە، ئوخشاش بولمىسىمۇ لېكىن، خىتايغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا بىرى تەيۋەن مەسىلىسى يەنە بىرى رابىيە

قادىر، ئۇيغۇرستان مەسلىسى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ تەيۋەنگە، ئۇيغۇرستانغا ئالاقىدار تاشقى سىياسىتىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى قانداق خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ؟ ئاللاھ، ئۆمرىمىزنى شۇ كۈنگىچە ئېلىپ بارسا،تەساۋۋۇرىمىزدىكى ئەمما، كۈتمىگەن سىياسى تەرەققىياتلارنى كۆرەلىشىمىز مۇمكىن. لېكىن كىشىلەرگە جىددى سوئال بولۇپ قويىلىدىغان نەرسە شۇ بولدىكى، نېمىشقا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى "تەيۋەننىڭ بىخەتەرلىكىنى كۈچەيتىش قانۇن لاھىيىسى "بىلەن "رابىيە قادىرنى ۋە ئۇنىڭ بالا-چاقىلىرىنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دەرھال تۇرمىدىن قويۇۋېتىشى كېرەك"لىكى توغرىسىدا تۈزۈلگەن قانۇن لاھىيىسى - ئىككى خىل مەسلىنى بىرلا ۋاقىتتا ئوخشاش ئوتتۇرىغا كۆتۈرۈپ چىقتى؟ ئۇيغۇرستان مەسلىسى بىلەن تەيۋەن مەسلىسى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ نەزىرىدە زادى قانداق ئىچكى باغلىنىشقا ئىگىدۇر ؟ زامانىنىڭ كەلگۈسى بۇ سوئالغا ئېنىق جاۋاب بېرىشى مۇمكىن.

**رابىيە قادىر**

2000-يىلى2 -ئاينىڭ9 -كۈنى

بۈگۈن" نىۋيورك ۋاقىت گېزىتى"دە رابىيە قادىر توغرىسىدا "بىر نەپەر ئايالنى ئازاد قىلىشقا ياردەم قىلايلى" ، سەرلەۋلىك بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىندى.

2-ئاينىڭ10 -كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ باياناتچىسى جېيمىس روبىن ئەپەندى بايانات ئېلان قىلىپ :" رابىيە قادىر گۇناھسىز،جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن دەرھال، شەرتسىز قويۇپ بېرىشى كېرەك دەپ، كۆرسەتتى.

بىزەڭ خىتاي يەنىلا بىزەڭلىك قىلىپ تۇرىۋۋالدى. باياناتنىڭ ئەنگلىزچە نوسخىسى ساقلاپ قويۇلدى.

## روسيه،خىتاي مۇناسىۋىتى

200-يىلى2 -ئاينىڭ 25 -كۈنى

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئەزالىرىدىن تەشكىللەنگەن تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ مۇبارەك قەدىمى، ئۇيغۇرىستانىنىڭ قەدىمى پايتەختى ئۈرۈمچىگە تاشلانغاندا، مېنىڭ ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە قادىر بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغاندا، خىتاي بىخەتەرلىك ئورگانلىرىنىڭ ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ كۈچۈكلىرى، رابىيە قادىرنىڭ كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ، ئامېرىكىلىقلار چۈشكەن قۇرۇم مېھمانخانىسىنىڭ ئالدىدا 1999-يىلى8 -ئاينىڭ11 -كۈنى ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە قادىرنى قولغا ئالدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ تەركىپىدە ئۈرۈمچىگە بېرىپ رابىيە قادىر بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغان كەرري دۇمباھ خانىم ھەيران قالغاندا؛ بۇ يىل2 -ئاينىڭ2 -كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى "رابىيە قادىرنى ۋە ئۇنىڭ قولغا ئېلىنغان بالا -چاقىسىنى، تىجارەت ياردەمچىلىرىنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۈرمىدىن دەرھال قويۇپ بېرىشى كېرەك" لىكى توغرىسىدا قانۇن لاھىيە ماقۇللىغاندا ؛ خىتاي ھۆكۈمىتى تەمتىرەپ قالدىمۇ، ياقە، رابىيە قادىرنىڭ ئىسمىنى ئامېرىكا ئېغىزغا ئالغىنى ئۈچۈن خىتاي ھۆكۈمىتى تەمتىرەپ قالغىنى يوق. بەلكى خىتاي ھۆكۈمىتى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ بىر ئۇيغۇر ئايالنىڭ بىر نەپەر ئۇيغۇرنىڭ ئىسمىنى ئېغىزغا ئالغانلىقى ئۈچۈن تەمتىرەپ قالدى. چۈنكى، بۇ يەردە مۆشۈكنى كۆتەرسە كىگىزىنى كۆتۈرۈپ قوپىدىغان بىر ئىش بار ئىدى.ئامېرىكا، روسىيە، خىتاي، ئۈچ دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئۇيغۇر، ئۇيغۇرىستان مەسىلىسى بار ئىدى..... شۇنىڭ ئۈچۈن خىتاي ھۆكۈمىتى روسىيىلىك سىياسى ئەرباپلارغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ، روسىيىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى ئىۋانوپنى بېيجىڭغا چاقىرىپ كېلىپ، قىزىل راۋاقتا بىللە تاماق يېيىشكە، قىزىل راۋاقتا بىللە چۈش كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدى.

مەتبۇئاتلاردا ئۇزۇندىن بېرى تارقىلىپ يۈرگەن خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بىرلىشىپ ئامېرىكىغا قارشى ئىتتىپاق قۇرۇشى،

مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىتقا ئايلىنامدۇ؟ جۇڭگو دۆلەت مۇداپىئەسىنىڭ مىنىستىرى چى خاۋ تيەننىڭ بۇ يىل1 -ئايدا موسكۋاغا بېرىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئوتتۇرىسدا ھەربى جەھەتتە ھەمكارلىششىنى ئاكتىپ بازارغا سالغانلىقى يۇقىرىقى مۇناسۋەتلەرگە مىسال بولۇپ قالالامدۇ؟

روسىيە مەتبۇئاتلىرىنىڭ خەۋەرلىرىگە ئاساسلانغاندا، چى خاۋتيەن بۇ قېتىمقى موسكۋا زىيارىتىدە :"ئىككى تەرەپنىڭ كېلىشىم ئىمزالاپ، غەربى تىنىچ ئوكيان ۋە بالقان يېرىم ئارىلى قاتارلىق ئىككى دۆلەت مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان رايونلاردا قولنى -قولغا تۇتۇشۇپ ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش"كە كېلىشكەن. خىتاينىڭ بالقان يېرىم ئارىلدا نېمە مەنپەتى بولغىتى؟

" ۋاشىنگتون ۋاقىت گېزىتى"نىڭ خەۋەرلىرىگە ئاساسلانغاندا سوۋېتلەر ئىمپېرىيىسى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئىقتىسادى تەرەققىيات مەسىلىلىرىگە باغلىق قەددىنى رۇسلىيالمىغان روسىيە، ئېكسپورت قىلىشقا تەقەززا بولسىمۇ، نېفت، ھەربى ئەشيالىرى، ھەربى قورال-يارا قىتن باشقا چەتئەللەرگە ئېكسپورت قىلىدىغان ھېچ نەرسىسى يوق ئىدى. ھەربى قورال- ياراق تېخنىكىسىنى روسىيىدىن سېتىپ ئېلىشقا ئالدىراپ تۇرغان جۇڭگو بىلەن روسىيىنىڭ بىرى قۇرۇق ئوتۇن بولۇپ يەنە بىرسى لاۋۇلداپ تۇرغان ئوت بولۇپ يېقىنلاشسا ھازىرقى زاماننىڭ ھەربى ئەشيالىرى، تېخنىكىلىرى روسىيىدىن جۇڭگوغا ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ نىسبىتى روسىيە قورال -ياراق سودىسىنىڭ %4تىنى ئىگەللەيتى.

يۇگوسلاۋىيىدە باش ئەلچىخانىسى پارتلىتىۋېتىلگەن جۇڭگو بىلەن موسكۋا ئۆز ئارا ھەمكارلىشىپ، ئامېرىكىنىڭ خەلقئارا تەسىر كۈچىنى چەكلەشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تونۇپ يەتكەندە، جۇڭگو بىلەن روسىيىنىڭ ئاشكارە ۋە يوشۇرۇن سىياسى مۇناسىۋەتلىرىگە باغلىق ئۇيغۇرىستان مەسىلىسى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى بويىچە دۇنياۋى سەھنىگە كۆتۈرۈلگەندە، جۇڭگو، روسىيە مۇناسىۋەتلىرى يەنە بىر قېتىم

ستراتېگىيىلىك ئىتتىپاقلىشىشقا ئۆزگىرىشى مۇمكىنمىدۇ، روسىيە ئامېرىكىدىن تەپ تارتماي شۇنداق يۈزسىزلىك قىلالىشى مۇمكىنمىدۇ؟

بېيجىڭ، ئامېرىكىنىڭ تەيۋەندە سىياسى كۈچلارنى قوللىشىغا، جۇڭگونىڭ كىشىلىك هوقۇق خاتىرىسىنى ئەيىپلەپ غەزەپلىك تەنقىد قىلىشىغا، جۇڭگونىڭ ئادىل بولمىغان سودا مەشغۇلاتىنى تەنقىدلىشىگە، ئۇيغۇرىستاندا، تىبەتتە قانۇننىڭ سىرتىدا باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، غەيرى سىياسى قاراشقا ئىگە كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشنى ئامېرىكىنىڭ تەنقىدلىشىگە قارشى تۇراتتى.

ئامېرىكىنىڭ كوسوۋودا يولغا قويغان ھەربى ھەرىكىتى بېيجىڭنى ئەندىشىگە سېلىپ قويغاندا، بېيجىڭ كەلگۈسىدە ئامېرىكىنىڭ تەيۋەن مەسىلىسىگە، ئۇيغۇرىستان مەسىلىسىگە، تىبەت مەسىلىسىگە شۇنداق ئارىلىششىدىن ھەم شۇنداق قاتتىق ئەنسىرەشكە باشلىدى.ئوخشاشلا موسكۋا ھەم شۇنداق ئەنسىرەيتى. ئامېرىكىنىڭ ياكى ناتونىڭ ئەسكەر چىقىرىپ روسىيىگە خوشنا دۆلەتلەر ۋە روسىيىنىڭ چېگرالىرىدا شۇنداق ھەربى ھەرىكەت قوللىنىشىدىن ھەم شۇنداق ئەنسىرەيتى. بۇ قېتىم روسىيە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىري ئىۋانوپنىڭ بېيجىڭدە قىزىل راۋاقتا پەيدا بولۇشى سىياسىئونلارنىڭ تەساۋۇرغا باي مەنىۋى دۇنياسىنى ئاز-تولا پاراكەندە قىلىپ ئۆتتى.

**رابىيە قادىر**

2000-يىلى3 -ئاينىڭ2 -كۈنى

مەن،ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنىڭ چاقىرىقىنى ئېلىپ ئوكلوخوما شتاتىنىڭ شانى شەھرىدىن ۋاشىنگتونغا يېتىپ كەلدىم. 3-ئاينىڭ2 -كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر كومىتېتىنىڭ رەئىسى كىرىستوفىر سىمىت ئەپەندىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە رابىيە قادىرنىڭ تۈرمىدىكى سىياسى ھاياتى توغرىسىدا چاقىرىلغان گۇۋاھلىق بېرىش،

گۇۋاھلىق ئېلىش يىغىنىغا قاتناشتىم. كىرىستوفىر سىمىت ئەپەندى خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق مىزانلىرىنى دەپسەندە قىلىش خاتىرىسى توغرىسىدا توختالغاندا، خىتاينىڭ مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرىستاننى تىبەتنىڭ ئالدىغا قويۇپ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نۆۋەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى ئېغىر دەپسەندە قىلىۋاتقانلىقىنى تەپسىلى سۆزلەپ ئۆتتى.

رابىيە قادىرنىڭ گۇناھسىز قولغا ئېلىنغانلىقى، قەستەن قولغا ئېلىنغانلىقى توغرىسىدا كىرىس تو فىر سىمىت ئەپەندى ئەتراپلىق توختالدى، مەزمۇنلۇق توختالدى. دىنى ئېتىقاد مەسىلىرى، پىلانلىق تۇغۇت مەسىلىرى، سىياسى مەھبۇسلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش مەسىلىلىرى قاتارلىق كىشىلىك ھوقۇقغا مۇناسىۋەتلىك ساھەلەردە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىنى قانداق ئاياق -ئاستى قىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا كىرىس تو فىر سىمىت ئەپەندى ئەتراپلىق توختالدى.

مەن، رەپىقەم رابىيە قادىرنىڭ تۈرمىدىكى سىياسى ھاياتى، ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى مەۋجۇت ئەھۋالى توغرىسىدا تەييارلاپ كەلگەن ئەنگىلىزچە ماتېرىياللىرىمنى شۇ كۈنى گۇۋاھلىق بېرىش ۋە گۇۋاھلىق ئېلىش يىغىنىغا قاتناشقان يىغىن ئەھلىگە تارقىتىپ بەردىم. شۇ كۈنى بۇ يىغىنغا قاتناشقا ئاتالمىش دېمۇكرات خىتايلارنىڭ ئۆڭ سولى ئۆچۈپ كەتتى. چۈنكى،يىغىندا سۆزلىنىۋاتقان سۆزلەر خىتاينىڭ دېمۇكراتىيىسى، كىشىلىك ھوقۇق، ئەركىنلىكى ۋە ئەركىن جەمئىيەت قۇرۇشى توغرىسىدا سۆزلەنمەي، خىتاينىڭ مىللى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قۇلدەك ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا سۆ زلىنىۋاتاتتى.خىتاي دېمۇكراتلىرىنىڭ چۈشىنىشچە : دېمۇكراتىيە، ئەركىنلىك، كىشىلىك ھوقۇق، مىللەتكە مۇناسىۋەتلىك تىلغا ئېلىنغاندا، بولۇپمۇ ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە شۇنداق تىلغا ئېلىنغاندا، بۇنداق تىلغا ئېلىش، مېنىڭچە خاتالاشمىسام بۇ مىللەتنىڭ سىياسى مۇستەقىللىقىنى ئويلىششتىن دېرەك بېرەتتى.

دۆلەت مەجلىسدە بولۇنۋاتقان گەپلەر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ سىياسى تەقدىرى توغرىسىدا كېتىۋاتاتتى. گۇۋاھلىق ئېلىش، گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنىغا قاتناشقان تىببەتنىڭ ۋەكىللىرى : بۈگۈن ئېچىلغان گۇۋاھلىق بېرىش، گۇۋاھلىق ئېلىش يىغىنى تىببەت توغرىسىدا ئەمەس، بەلكى مەخسۇس ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ئېچىلغان يىغىن بولدى، - دېيىشتى ۋە مېنىڭ قولۇمنى چىڭ سىقىپ تەبرىكلەشتى، خىتاي تىلىدا سۆزلەپ.

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى مالىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى سىنەتور، ۋېلىيام روز ئەپەندىمۇ يىغىنغا قاتناشقان ئىدى. ۋېلىيام روز ئەپەندى ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ھاكىمىيتى تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنغان كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى توغرىسىدا 15 مىنۇت ئەتراپىدا سۆزلىگەندىن كېيىن، سىنەتور ۋېلىيام روز ئەپەندى نوتقىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ:

-ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ئېچىلغان يىغىنغا ئاران بىر ئىككى ئادەم قاتنىشامدۇ، ( سىدىقھاجى روزى ۋە ئۇنىڭ قىزى رائىلە خانىم ۋە رىشات ئاباس قاتارلىقلار قاتناشقان ئىدى)نېمىشقا ئۇيغۇرلار كۆپرەك كېلىپ يىغىنغا قاتناشمايدۇ، دېدى.

يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر كومىتېتىنىڭ رەئىسى كىرىس توفىر سىمىت ئەپەندى سەھنىدىن چۈشۈپ مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ ( كەمتەرلىكىنى كۆرۈڭ) سالاملاشتى. كىرىس تو فىر سىمىت ئەپەندى-: ئاخشام دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئالبىرايىت خانىم مېنىڭ ئىشخانامغا كەلگەن ئىدى. مەن ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى دۆلەت ئىشلار كاتىپى ئالبىرايىت خانىمغا باشتىن-ئاخىر سۆزلەپ بەردىم. ئالبىرايىت خانىم :

-نېمە، نېمە دەۋاتىسەن، نېمە ئۇ، ئۇيغۇر دېگىنىڭ؟ !يەيدىغان نەرسىمۇ ياكى كىيىدىغان كىيىممۇ، دېدى.

-كىرىس توفىر سىمىت : مەن بۇ سوئالغا ھەيران قالمىدىم.چۈنكى، بىزنىڭ( ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ قارمىقىدىكى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر كومىتېتىنىڭ )ئۇيغۇرلارنى ئامېرىكا دۆلەت رەھبەرلىرىگە تونۇشتۇرۇ شىمىز

يېتەرسىز بولۇۋاتىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.
كرىس توفىر سمىت ئەپەندى راست ئېيتىدۇ، ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەيدىغان كىشىلەر 21- ئەسىرگە كىرگەندىمۇ تېخىچە ئۆزلىرىنىڭ ياكى ئۇيغۇر ياكى تۈرك ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرەلمەي يۈرگەندە، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئامېرىكا دۆلەت رەھبەرلىرىگە تونۇشتۇرۇشىنىڭ، چۈشەندۈرۈشىنىڭ يېتەرسىز بولغانلىقىدىن ئەجەپلىنىشىمىزنىڭ، ئاغرىنىشىمىزنىڭ نېمە ئاساسى بار دەيسىلەر ؟ ! رىشات ئەپەندىم يۇقىرىدىكى يىغىنغا باشتىن- ئاخىر قاتناشتى. يىغىن جەريانىدا بولۇنغان گەپ -سۆزلەرنى باشتىن- ئاخىر تەرجىمە قىلىپ بەردى.

**رابىيە قادىر**

2000 -يىلى3 -ئاينىڭ 10-كۈنى

ئىككى ئىش خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنى ئالدىرىتىپ قويىدى. بۇ ئىشنىڭ بىرىنچىسى - ئەلۋەتتە3 -ئاينىڭ2 -كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر كومىتېتىنىڭ رەئىسى كىرستو فىر سمىت ئەپەندى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسدە رابىيە قادىر توغرىسىدا گۇۋاھلىق بېرىش، گۇۋاھلىق ئېلىش يىغىنى چاقىردى. ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى كېڭەش پالاتاسىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى ۋە ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى بولۇپ جەمئى 15 نەپەر كىشى بۇگۈنكى گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنىغا قاتناشتى. ئۇلاردىن باشقا" ئومۇمى كەچۈرۈم "خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ۋاشىنگتۇن شۆبىسىنىڭ باشلىقى ت. كومار ئەپەندى ھەمدە بۇ تەشكىلاتنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى، تىبەت سەرگەردان ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزالىرى بۇ يىغىنغا قاتناشتى. ئۇيغۇرلاردىن سىدىقھاجى روزى، رائىلە ئابدۇرېھىم، رىشات ئابباس قاتارلىقلار گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنىغا قاتناشتى. بىر قىسىم خىتاي دېمۇكراتلىرى ۋە" لاۋگەي فوندى "جەمئىيىتىنىڭ

باشلىقى ۋۇخۇڭدا ئەپەندىلەرمۇ بۇگۈنكى يىغىنغا ئاكتىپ مېھمان بولۇپ قاتناشتى.

تەيۋەندە ئۆتكۈزۈلىدىغان سايلام، پرېزىدېنت سايلىمىغا 16كۈن قالغاندا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە رابىيە قادىرنىڭ تۇرمە ھاياتى ۋە ئۇنىڭ سىياسى ھاياتى توغرىسىدا گۇۋاھلىق بېرىش، گۇۋاھلىق ئېلىش يىغىنى ئېچىلغان ئىكەن، بۇ يىغىننىڭ روھى تەيۋەندە ئۆتكۈزۈلىدىغان پرېزىدېنت سايلىمىغا تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىنمۇ، تەيۋەن مەسىلىسى بىلەن ئۇيغۇرىستان مەسىلىسى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ نەزىرىدە زادى قانداق ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە؟ ئۇيغۇرىستان مەسىلىسى بىلەن تەيۋەن مەسىلىسى ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرىنىڭ تاشقى سىياسىتىدە زادى قانداق سالماقنى ئىگەللەيدۇ؟ رابىيە قادىرنىڭ سىياسى پاجىئەسى ئوتتۇرىغا چىققان كۈندىن باشلاپ ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە ئېغىزغا ئېلىنغان ھامان تەيۋەن مەسىلىسىمۇ ئوخشاشلا ئېغىزغا ئېلىنىدىغان بولۇپ قالدى. ياكى ئىش تەرتىپى شۇنداقمۇ، ئۇدۇل كېلىپ قېلىشمۇ ياكى مەن ئارتۇقچە ئويلاپ كەتتىممۇ؟

ختاي مۇستەملىكىچىلىرىنى تىترەتكەن، ئالدىراتقان مەسىلىنىڭ ئىككىنچىسى - تەيۋەندە سايلام يېقىنلاشقانسېرى، ختاينىڭ تەيۋەن ئىشلىرىغا ئالاقىدار ئورگانلىرىنىڭ كاتاۋاشلىرى، ئالدىراپ- تېنەپ، ھودۇقۇپ تەپەككۇر يۈنۈلۈشىنى يوقۇتۇپ قويۇشتى. ئۇنىڭ ئىچىدە بىرسى:" نوۋەتتە تەيۋەندە ئۆتكۈزۈلىدىغان پرېزىدېنت سايلىمىنىڭ ۋەزىيىتى ئىنتايىن نازۇك بولغاچقا، تەيۋەننىڭ مۇستەقىللىقىنى تەرغىپ قىلغۇچى پارتىيە - دېمۇكراتىيە تەرەققىيات پارتىيىسى سايلامغا چۈشكەچكە، جۇڭنەنخەينىڭ بەگلىرى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا يېقىندىن دىققەت قىلىۋاتىدۇ"، دېدى.

تەيۋەن ئىشلىرىغا مەسئۇل بېيجىڭلىق ختايلار :" بۇ قېتىم تەيۋەندە ئۆتكۈزۈلىدىغان پرېزىدېنت سايلىمىنىڭ نەتىجىسىنىڭ قانداق بولۇشى، جۇڭگو، تەيۋەن مۇناسىۋىتىنىڭ كەلگۈسىگە ھالقىلىق تەسىر كۆرسىتىشى

مۇمكىن بولغانلىقتىن، جۇڭگونىڭ زامانىۋىلىشىش تەرەققىياتىنىڭ مۇساپىسىغا ۋەزىيەتنىڭ قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايتى. مۇبادا دېموكراتىيە تەرەققىيات پارتىيىسىنىڭ نامزاتى تەيۋەندە هاكىمىيەت بېشىغا كېلىپ قالىدىغان بولسا، ئۇنداقتا، خىتاينىڭ تەيۋەن مۇستەقىللىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان10 يىللىق تىرىشچانلىقى بىراقلا نەتىجىسىز بولۇپ قالاتتى.

بېيجىڭلىق مەسلىهەتچى خىتايلار، " ۋەزىيەتنىڭ خەتەرلىك تەرەققىياتى 1996-يىلى تەيۋەن بوغىزىدا يۈز بەرگەن ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا سېلىشتۇرغاندا شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىدىن نوۋەتتىكى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئېغىر بولىدىغان بولسا، جۇڭگو رەهبەرلىرى تەدبىر قوللۇنۇپ تەيۋەن مۇستەقىلچىلىرىگە بېسىم ئىشلەتمەيدىغان بولسا، ئۇنداقتا تاشقى جەهەتتىمۇ، ئىچكى جەهەتتىمۇ بۇ مەسىلە توغرۇلۇق جاۋاپكار بولۇش ئىنتايىن ئېغىرغا توختايدۇ، دېيىشتى. تەيۋەندە ئۆتكۈزۈلىدىغان سايلام توغرىسىدا تەمتىرەپ پۈت - قولى يەرگە تەگمىگەن خىتاي هۆكۈمىتى، ئوخشاشلا مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرىستاندا، رابىيە قادىر دېگەن ئىسمدىن ۋە رابىيە قادىرنىڭ تەسىرىدىن تەمتىرەپ تۇرغان خىتاي هۆكۈمىتى 3-ئاينىڭ8 -كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ مۇدىرى هامىدىن نىيازنىڭ يالاقچا كۆنگەن ئېغىزى ئارقىلىق بېيجىڭدە خەلقئار جەمئىيەتكە ۋە تەيۋەنگە ئۇچۇر تارقىتىپ :يېقىندا رابىيە قادىرغا سوت ئاچىمىز، دېدى.

1999-يىلى11 -ئاينىڭ25 -كۈنى خىتاينىڭ ئۇرۇمچى شەهەرلىك قورچاق تەپتىش ئىدارىسى رابىيە قادىرنىڭ ئۈستىدىن سوت ئېچىشقا جىنايى پاكىتلار يېتىشمەيدۇ، دېگەن ئاساستا را بىيە قادىرنىڭ ئۈستىدىن توپلانغان يوقلاڭ ماتېرىيالنى ساقچى ئىدارىسىگە قايتۇرۇۋەتكەن. شۇنداق ئىكەن، يالاقچى هامىدىن نىياز ۋە ئۇنىڭ خوجايىنى جىياڭ زېمىن قانداق جىنايەتكە ۋە قانداق دېلوغا تايىنىپ رابىيە قادىرنىڭ ئۈستىدىن سوت ئاچىدۇ؟

رابىيە قادىرنىڭ جىنايىتى ئىپھتىمال بىرىنچىدىن:2 - ئاينىڭ2 -كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ رابىيە قادىرنىڭ قولغا ئېلىنىشى ۋە ئۇنىڭ تۈرمىدىكى سىياسىي ھاياتى توغرىسىدا "قانۇن لاھىيە "ماقۇللىغانلىقى ؛ 2-چىدىن :2- ئاينىڭ9 -كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ باياناتچىسى جېيمىس روبىنىنىڭ رابىيە قادىرنىڭ تۈرمە ھاياتى، سىياسىي ھاياتى توغرىسىدا بايانات ئېلان قىلغانلىقى ؛ ئۈچۈنچىدىن: ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر كومىتېتىنىڭ رەئىسى كىرىس تو فىر سىمىت ئەپەندىنىڭ،-3 ئاينىڭ2 -كۈنى دۆلەت مەجلىسىدە رابىيە قادىرنىڭ تۈرمە ھاياتى ۋە سىياسىي ھاياتى توغرىسىدا گۇۋاھلىق بېرىش ۋە گۇۋاھلىق ئېلىش يىغىنى چاقىرغانلىقى، قىسقىسى جىددى پەيتتە ئامېرىكا خە لقىنىڭ رابىيە قادىرنىڭ ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىلىرىگە جىددى كۆڭۈل بۆلگەنلىكى رابىيە قادىرنىڭ زېمىنىسىدە بىر "جىنايەت " بولۇپ ھامىدىن نىياز بىلەن خوجايىنى جىياڭ زېمىنىنىڭ، بۇ قېتىم رابىيە قادىرنىڭ ئۈستىدىن سوت ئېچىشىغا "پاكىت " بولۇپ قالغان بولسا كېرەك.

رابىيە قادىرنىڭ ئىقتىساد ساھەسىدە رىقابەتچىلىك بىلەن خىتايغا رىقابەت ئېلان قىلىپ خىتايغا قارشى مەيدانغا چۈشكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ بويىولدا ياراتقان نەتىجىلىرىنىڭ جەمئىيەتتە پەيدا قىلغان تەسىرى، رابىيە قادىرنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۇرغۇپ تۇرغان ئۇيغۇرنىڭ ئەقلى، ئۇيغۇر مەدەنىيەت روھىنىڭ جۇلالىنىپ تۇرغان كۈچىغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان رابىيە قادىرنىڭ خاراكتېرى، خىتاينىڭ جىنايەت خاتىرىلىگۈچى دەپتەرلىرىگە يېزىلمايدىغان، خىتاينىڭ ساختا قانۇنلىرىغا چۈشمەيدىغان، تەدبىقلىغىلى بولمايدىغان لېكىن خىتاينىڭ نەزىرىدە ئىنتايىن خەتەرلىك ئەمما، ئۇيغۇر تىللىق ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە غەيۋەت قىلىشقىمۇ ئەرزىمەيدىغان ئابستراكىت "جىنايەت "ئىدى.

يۇقىرىقىدەك جىنايەتلەرنى بېكىتىپ، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ كۆچمەنلەر ھاكىمىيىتى ۋە ئۇنىڭ ساختا قانۇن ئورگانلىرى، ئۇرۇمچى

شەھەرلىك قورچاق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت قىلىشى ئارقىلىق 3-ئاينىڭ 10 -كۈنى مېنىڭ ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە قادىرغا 8يىللىق قاماق جازاسى ئېلان قىلدى. "دۆلەتنىڭ مەخپىيەتلىكىنى چەتئەللەرگە، مىللەت بۆلگۈنچىلىرىگە يوللىدى، دەيدىغان جىنايەتنى بېكىتتى. ئەمدى، رابىيە قادىر بىلەن سىدىقھاجى روزى ئەر -خوتۇن8 يىل ئايرىلامدۇ، ئۇنىڭ بالىلىرى ئانىسىدىن8 يىل ئايرىلامدۇ، قوياش بىلەن ئاينىڭ بىرى كېچىنى يورۇتۇپ بىرى كۈندۈزنى يورۇتۇشقا مەسئۇل بولامدۇ..........؟سىدىققا ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىغا كېچىسى ئاي، كۈندۈزى قوياش ھەمرا بولامدۇ ؟ بارلىق ئىشلار ئاللاھ، ساڭىلا ئامانەت!

رابىيە قادىرغا سوت ئاچقان كۈنى، سوت زالىنىڭ ئەتراپىغا 300نەپەردەك قوراللىق ساقچى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. چېسىنچە كيىنگەن ساقچىلارنى كوچا دوقمۇشلىرىغا، كوچا ئېغىزلىرىغا قويىۋەتتى. ئۆيدىكى باللىرىمىزدىن بېرىنىمۇ سوت مەيدانىغا يېقىنلاشتۇرمىدى. 9 نەپەر خىتاي سوتچى رابىيە قادىرنى سوت قىلىپ،3 نەپەر ئۇيغۇر سوتچىنىڭ ئېغىزى ئارقىلىق ھۆكۈمنامىنى تەرجىمە قىلىپ ئوقۇپ بەردى.

رابىيە قادىر يالغۇز ئىدى، پەقەت ئاللاھ، رابىيە قادىرغا ھەمرا ئىدى. ۋەھشىلىكى ۋە ياۋۇزلىقىنى يوشۇرالمىغان خىتاي مىللەتچىلىرىنىڭ ياۋۇزلىقى ئالدىدا رابىيە قادىر يالغۇز ئىدى، يېتىم ئىدى. رابىيە قادىر يەككە -يىگانە، ئۇ، ئۇيغۇرنىڭ ئازادلىقىنى، ئۇيغۇرنىڭ دۆلەت قۇرۇشىنى، ھۆرلۈكنى كۆرۈشنى ئارزو قىلغان ئايال ئىدى. لېكىن ئۇيغۇرلاردىن بىر كىشىمۇ سوت مەيدانىغا يېقىن كېلەلمىدى، خىتاي ساقچىلىرى ئۇلارنى سوت مەيدانىغا يېقىن كەلتۈرمىدى. رابىيە قادىر سوت مەيدانىدا نېمىنى ئويلىغاندۇ، باللىرىنى، ۋەتىنىنى، ئۇيغۇرلارنى ئويلىغانمىدۇ ياكى ئۆزىگە يېقىن تۇرغان ئاللاھ، نى ياد ئەتكەنمىدۇ ؟

رابىيە قادىر يىتىم ئەمەس ئىدى."ئۇمۇمى كەچۈرۈم "خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى،" كۈزەتكۈچى" خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى،" دىئالوگ فوندى جەمئىيىتى"، ئامېرىكا خەلقى، ئامېرىكا

ھۆكۇمتى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى رابىيە قادىرنى قوللايتى. رابىيە قادىر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشلىك ھوقۇق تەلەپلىرىنى ھىمايە قىلاتتى، قوللايتى. شۇ كۈنى، خىتايىنىڭ ئۇرۇمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوتى رابىيە قادىرغا ھۆكۈم ئېلان قىلغان كۈنى "نىۋيورك ۋاقىت گېزىتى 24 " سائەت ئىچىدە رابىيە قادىر توغرىسىدا 3پارچە ماقالە ئېلان قىلدى.(ساقلاپ قويۇلدى)

ئاللاھ، قا ئامانەت سۆيۈملۈكۈم رابىيە قادىر ! ئۆلمسەك بۇ دۇنيادا كۆرۈشەرمىز، ئۆلۈپ كەتسەك ئۇ دۇنيادا كۆرۈشەرمىز........ بۇ كېچە باللىرىممۇ ئۇخلىماي، ماڭا چاندۇرماي بىر كېچە يىغلاپ چىقتى. ئاجىز بەندىگە نىمە چارە بار، ئۇنىڭغا پەقەت ئۇنىڭ قايغۇ -ھەسرىتىلا ياردەم قىلالايدۇ. ئۆزۈڭگە ئامانەت ئاللاھ!

**ئامېرىكا ۋە تەيۋەن**

2000-يىلى 4-ئاينىڭ 20 -كۈنى

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسدە شاۋقۇن - سۆرەنلەر ئىچىدە ئېچىلغان يىغىن - تەيۋەنگە قورال -ياراق سېتىپ بېرىشنى مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن چاقىرىلغان يىغىن ئاخىرلاشتى. ئاقسارايىنىڭ سىياسىئونلىرى، تەيۋەنگە ئۇزۇن مۇساپىلىق رادار سىستېمىسىنى سېتىپ بېرىشنى قارار قىلغاندا، قوشۇمچە ۋاقتىنچە "مۇقەددەس قالقان " بەلگىلىك قوغلىغۇچى پارخۇت سېتىپ بەرمەسلىكنى قارار قىلىپ، خىتاي كوممۇنىستلىرىنى رەنجىتىپ قويۇشتىن، ئامېرىكا خىتاي مۇناسىۋەتلىرىدە سۇپەت ئۆزگىرىشى يۈز بېرىشتىن ساقلىنىش ۋە تەيۋەن بوغىزىدا جىددى ھالەت پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇناسىۋەتلەرنى مۇۋازىنەتلەشتۈرۈش تاكتىكىسى ئىشلەتتى. ئاقسارايىنىڭ بۇ مەزمۇنلۇق قارارىدىن ئەلۋەتتە تەيۋەن ئۇمىدسىزلەندى. بۇنىڭدىن بۇرۇن سابىق پىرېزىدېنت لى دېڭخۇي، كېيىن پىرېزىدېنت بولۇپ سايلانغۇچى دېمۇكراتىيە تەرەققىيات پارتىيىسىنىڭ دائىسى چېن شۈي بىيەن ئەپەندى

قاتارلىق رەھبەرلەر تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە مۇراجىئەت ئېلان قىلىپ :" خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ تەيۋەنگە قارىتىپ كۆپ مىقداردا راكېتا ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى، تەيۋەنگە بىۋاستە تەھدىت پەيدا قىلغانلىقىنى، ئەگەر ئامېرىكا راكېتا ئورۇنلاشتۇرۇش، ھەربىي ئىشلار تەرتىپىنى قىسقارتىش توغرىسىدا بېيجىڭغا بېسىم ئىشلەتمىسە ئۇنداقتا، تەيۋەننىڭ راكېتاغا قارشى تۇرۇش، ھۇجۇم قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە ئامېرىكىنىڭ ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلغان

تەيۋەننىڭ قىينچىلىقى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە تەيۋەنگە مايىل دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىدى. ئۇلار ھەتتا، پرېزىدېنت كلىنتونىڭ بېيجىڭغا" نورمال سودىدا ئېتىبار بېرىش"، سىياستى تەقدىم قىلىش تىرىشچانلىقىنى چەكلەپ، :" تەيۋەننىڭ بىخەتەرلىكىنى كۈچەيتىش قانۇن لاھىيىسى "نى ماقۇللاشقا ھەيدەكچىلىك قىلدى. لېكىن پرېزىدېنت كلىنتون يەتتە ئويلاپ بىر كەسكەندىن كېيىن بەش بۇرجەكلىك بىنا بىلەن ئاق سارايىنىڭ قەدىمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىنتايىن چۈشقۇر سىياسى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان تەيۋەنگە ھەربىي قورال -ياراق سېتىپ بېرىش ۋەقەسىدە چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئاۋۋال ئېتىبار بېرىدىغان ئورۇنغا چىقاردى.شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە تەيۋەنگە مايىل كوڭگىرىس ئەزالىرىنىڭ پرېزىدېنت كلىنتونىي تەڭقىس ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇپ، جۇڭگوغا " نورمال سودىدا ئېتىبار بېرىش" قانۇن لاھىيىسىنىڭ ماقۇللىنىشىنى ۋە ئوخشاش بىر ۋاقىتتا "ئېتىبار بېرىش "قانۇن لاھىيىسىنىڭ ماقۇللىنىشىنى ۋە " تەيۋەننىڭ بىخەتەرلىكىنى كۈچەيتىش قانۇن لاھىيىسى"نىڭ ماقۇللىنىشىنى قولغا كەلتۈرەلىشى مۇمكىن ئەمەستەك بىلىندى.

بۇ قېتىمقى تەيۋەنگە ھەربىي قورال- ياراق سېتىپ بېرىشنى مۇھاكىمە قىلىش يىغىنىدا، ئاۋۋال ئېنىقلىقنى كۆرسەتمىگەن تۇمانلارنى قايرىپ ئۆتۈپ كەتسەك، چىن شۇي بىيەن ئەپەندى تەيۋەندە پرېزىدېنت

بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ تەيۋەنگە ۋە جۇڭگوغا قاراتقان سىياسىتىنىڭ ھالقىلىق مۇھىم تەپەككۇر يۈنۈلۈشىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. "ئاۋارىچىلىق پەيدا قىلغۇچى " لى دىڭخۇي تەيۋەندە سىياسى سەھنىدىن چۈشكەندىن كېيىن ئاۋۋال ئامېرىكا يېنىك تىن ئالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تەيۋەندە سىياسى ھاكىمىيەت تىنچ يول بىلەن ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندە ئامېرىكا مەمنۇن بولدى. چېن شۈي بىيەن نوقۇل تەيۋەن مۇستەقىللىقىدىن ۋاز كېچىپ، تۆۋەن مۇقامدا پىكىر قىلىشنى باشلىغاندا، ئامېرىكا مەدىھىلىدى. لېكىن ئامېرىكا، جۇڭگو ئامېرىكا دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان "شاڭخەي ئاخباراتى "قاتارلىق " ئۈچ پارچە ئاخبارات"بىلەن "تەيۋەن ئىشلىرى مۇناسىۋەت قانۇنى"، ئوتتۇرىسىدىكى مۇۋازىنەتتىن ۋاز كەچمىدى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا دۆلەت بىخەتەرلىكى مەسلىھەتچىسى بېكىر ئەپەندى ئىزچىل تەكىتلىگەن:" بېيجىڭ بىلەن ۋاشىنگتوننىڭ مۇناسىۋىتىنى تەيۋەن بىلەن ۋاشىنگتون مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇش" تەرتىپلىرى بويىچە تەيۋەنگە" مۇقەددەس قالقان " بەلگىلىك پارخۇتنى سېتىپ بىرىش مەسلىسىدە بېيجىڭنى رەنجىتمەسلىككە مايىل بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن ۋاشىنگتون تەيۋەنگە سېتىپ بېرىدىغان ھەربى قورال -ياراقنىڭ سۈپىتىنى، سانىنى يۇقىرى كۆتۈرگەندە، دېموكراتىيە تەرەققىيات پارتىيىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا مۇستەقىلچىلەرنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈپ ئامېرىكىنى، مۇقىمسىز ۋەزىيەتنىڭ قايىنمىغا سۆرەپ كىرىشتىن ئەنسىرىدى.

ئۇنىڭدىن قالسا، يەر شارى خاراكتېرلىك سودا تىجارەت رىقابىتى ۋە يۇقىرى تېخنىكا رىقابىتىنىڭ دولقۇنىدا تەرتىپلىك، ۋەزىنلىك ھالدا، تەيۋەن بوغىزىدا ئىككى دۆلەتنى( - جۇڭگو بىلەن تەيۋەننى)، ئوتتۇرا دەرىجىدە ھەربى تەييارلىقلار مۇساپىسىنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىشنىڭ يولىغا چۈشۈرۈپ،خە لقئارادا جۇڭگونىڭ ھەربى دۆلەتكە ئايلىنىشىنىڭ قەدىمىنى مەلۇم دەرىجىدە ئاستىلىتىپ، تەيۋەن بوغىزىدا تەيۋەن مۇستەقىللىق جاكارلىمايدىغان، جۇڭگو تەيۋەننى بېرلىككە كەلتۈرەلمەيدىغان، كېڭىيىش

كۆچى پەيدا قىلغان مۇقىمسىزلىقتىن پايدىلىنىپ ئامېرىكا،جۇڭگو ۋە تەيۋەندە زامانىۋىلىشىشقا كۈچ چىقىرىۋاتقان ئىختىساس ئىگىلىرىنى سىياسى سەزگۈرلۈكى يۇقىرى زىيالىيلارنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى.چاتاق چىقارماسلىق ئۈچۈن ئامېرىكا تولۇمۇ ئېھتىياتچان پوزىتسىيە قوللاندى. مۇبادا تەيۋەن بوغىزىنىڭ ۋەزىيىتى كەسكىنلىشىپ، تىزگىنلىگىلى بولمايدىغان ئۇرۇش گىرداۋىغا كېلىپ قالىدىغان بولسا، تەيۋەن مۇستەقىل بولالمايدىغان، جۇڭگو بىرلىككە كەلتۈرەلمەيدىغان مۇۋازىنەت بۇزۇلۇپ ئامېرىكىنىڭ ستراتېگىيىلىك سىياسىتىگە تەسىر يېتەتتى.

تەيۋەننىڭ دېموكراتىيىلىشىش مۇساپىسى ئامېرىكىنىڭ قىممەت قاراشلىرىغا مۇۋاپىق بولسىمۇ، ئامېرىكىدا سىياسى ساھەدىكىلەرنىڭ بولۇپمۇ پرېزىدېنت كلىنتون ھۆكۈمىتىدىكىلەرنىڭ ئاستا-ئاستا قورشاش ئارقىلىق جۇڭگونى تىنچ يول بىلەن ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت ئۇمىدۋارلىق سىياستى ھەرگىز ئۆزگەرمىگەن. مۇنداق ئېيتقاندا ئامېرىكا، تەيۋەننىڭ دېموكراتىيىلىشىش تەجرىبىسىنى جۇڭگونىڭ تەدرىجى ئىسلاھەت جەريانىدا ئۆلگە ئېلىشىغا تېگىشلىك ئۆلگىگە ئايلاندۇرماقچى بولغان، شۇڭلاشقا تەيۋەننىڭ دىموكراتىك نەتىجىلىرىنى قوغداش ئۈچۈن جۇڭگو بىلەن بىر مەيدان ئۇرۇش قىلمايدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن.ئەمما، ئامېرىكىنىڭ" جۇڭگونى ئەدەپلىك قورشاپ"، تىنچ يول بىلەن ئۆزگەرتىش سىياستى، جۇڭگونى قاتتىق قامال قىلىش، ئەتراپلىق قورشاش سىياستىگە ئۆزگەرگەندە تەبىئىكى تەيۋەننى قوراللاندۇرۇپ جۇڭگونى قورشاشنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇلغا ئايلاندۇرۇشى مۇقەررەر ئىدى. كىچىرىكنىڭ ۋەتەندېشىم، تەيۋەن مەسىلىسى بىلەن ئۇيغۇر مەسىلىسى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە يەنە بىر سەپەرگە بىللە چىققانلىقى ئۈچۈن تەيۋەن توغرىسىدىكى ئۇشبۇ ماقالىنى بۇ يەرگە تىركەشكە توغرى كەلدى.

**رابىيه قادىر**

2000-يىلى5 -ئاينىڭ2 -كۈنى

5-ئاينىڭ2 -كۈنى ئا مېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ كېڭەش پالاتاسى مىنىڭ ئۆمۈرلۈكۈم، ئۇيغۇرنىڭ قىزى رابىيە قادىرنىڭ سىياسى پاجىئەسى، تۈرمە ھاياتى توغرىسىدا " بېرىدەك قانۇن لاھىيە " ماقۇللاپ، رابىيە قادىرنى ۋە ئوغلىمىز ئابىلىكىم ئابدۇرېھىمنى دەر ھال تۈرمىدىن قويۇپ بېرىش توغرىسىدا خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلەتتى. بۇ" قانۇن لاھىيىسى"نىڭ تېكستى رادىئودا ئاڭلىتىلغاندىن كېيىن ئەگەر خىتاينىڭ ئەخلاقى بولغان بولسا، رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن دەرھال قويۇپ بېرىشى كېرەك ئىدى. لېكىن خىتاي ھۆكۈمىتى رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشنىڭ ئەكسىچە، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تەلەپلىرىگە، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى كېڭەش پالاتاسىنىڭ "قانۇن لاھىيىسى "گە قارشى يول تۇتۇپ،5 -ئاينىڭ3 -كۈنى رابىيە قادىرنى تۈرمىنىڭ2 - كامېرىدىن 3-كامېرىغا يۆتكەپ، بىر نەپەر قاتىللىق جىنايىتى ئۆتكۈزۈپ تۈرمىگە كىرگەن قاتىل خىتاي خوتۇن بىلەن بىر كامېرغا سولاپ قويىدى.بۇ خىتاي جىنايەتچى خوتۇن ئارقىلىق خىتاي ساقچىلىرى رابىيە قادىرنى نازارەت قىلىشى كېرەك.

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى كېڭەش پالاتاسىنىڭ رابىيە قادىر توغرىسىدا" قانۇن لاھىيە " ماقۇللىشى نېمىشقا5 -ئاينىڭ2 -كۈنىگە توغرا كېلىپ قالدى؟

تەيۋەندە دېمۇكراتىيە تەرەققىيات پارتىيىسىنىڭ دائىسى چىن شۈ بىيەن پىرېزىدېنت بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن تەيۋەن بوغىزىنىڭ ۋەزىيىتى جىددىلىشىپ كەتتى.خىتاي ئۇچۇن ئېيتقاندىمۇ ياكى تەيۋەن ئۇچۇن ئېيتقاندىمۇ پىرېزىدېنت چىن شۈي بىيەننىڭ 5-ئاينىڭ 20 -كۈنى تەيىبدە رەسمى ۋەزىپىگە ئولتۇرىدىغان كۈندە سۆزلەيدىغان نوتقى ھالقىلىق پەيتتە سۆزلىنىدىغان نوتۇق بولغاچقا، مەسلەن، دېمۇكراتىيە تەرەققىيات پارتىسى تەيۋەندە، تەيۋەننىڭ مۇستەقىللىقىنى تەلەپ قىلىدىغان تەيۋەن

مۇستەقىللىقنى پارتىيىنىڭ ماكسىموم، مىنىموم پىروگىراممىسى قىلىپ بېكىتكەن بۇ پارتىيە ھاكىمىيەت بېشىغا يىتىپ كەلگەندە مۇستەقىللىق جاكارلاشقا ھوقۇقلۇق بەلكى مۇستەقىللىق جاكارلىشى تامامەن مۇمكىن بولىدىغان بۇنداق بىر ئىش تامامەن جىددى پەيىتتە تۇرغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتى جىددى بىبىر ۋاقىت ئىچىگە كىرىپ قېلىپ ھەرقانداق شەكىلدە تەۋەككەلچىلىك قىلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. بۇنداق چاغدا خىتاينىڭ قىزىپ تۇرغان كاللىسىنى تورمۇزلاش ئۈچۈن، دۆلەت مەجلىسىدە رابىيە قادىرغا مۇناسىۋەتلىك ئۇيغۇرىستان مەسلىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىش ستىراتېگىيىلىك مەقسەت بىلەن تاكتىكىلىق پىلانغا ئۇيغۇن كېلەتتى.

ئاۋۋال خىتاينىڭ ئەنئەنىسىگە يارىشا مۇستەبىتىزىمنى بايراق قىلىپ كۆتۈرگەن تەيۋەن جەمئىيتى، ئامېرىكىنىڭ تەسىر كۈچىگە تايىنىپ، ئامېرىكا سىياسى مەدەنىيىتىنىڭ تەسىر كۈچىگە تايىنىپ،خىتايچە مەدەنىيەت قاسىراقلىرىنى ئېرىتىپ، تەيۋەن جەمئىيىتىنىڭ دېمۇكراتىيىلىششىنى ئىلگىرى سۈردى.خىتاينىڭ گومىنداڭ پارتىيىسى 80 يىللىق ئۆمرىنى ياشاپ بولغاندىن كېيىن تەيۋەندە سىياسى ھاكىمىيەتتىن ئايرىلدى. ئايرىلغاندىمۇ، جەمئىيەتتە سىياسى تەشكىلنى ساقلاپ قېلىش، بىر سىياسى پارتىيە ئورنىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى بۇ تامامەن مۇمكىن ئىدى. تەيۋەن جەمئىيتى شۇنداق قىلىپ ئەركىن سىياسى سايلام ئارقىلىق پارتىيىلەر نۆۋەتلىشىپ باشقۇرىدىغان كۆپ پارتىيىلىك، سىياسى تۈزۈملۈك بىر جەمئىيەتكە ئايلاندى. بۇ سايلام خىتاي تىللىق جەمئىيەتتە يۈز بەرگەن ئالامشۇمۇل ئۆزگىرىش ھېسابلىناتتى. سابىق پىرېزىدېنت لى دىڭ خۇي گومىنداڭ پارتىيىسىدىن چېكىنىپ چىقتى، مۇئاۋىن پىرېزىدېنت لىيەن جەن سايلىغۇچىلارنىڭ يۇقىرى ئاۋازىغا ئىگە بولالمىدى. گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ تەيۋەندە سىياسى سەھنىدىن غايىپ بولۇشى خىتاي يۇقىرالىرىنىڭ سىياسى ھاياتىغا ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلگەندە، جۇڭگۇ چوڭ قۇرۇقلىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ستىراتېگىيىلىك مەقسەتلىرىگە ئېغىر زەربە ئېلىپ كەلگەندىن باشقا زامان،

بىر پارتىيە ھۆكۈمرانلىقىغا كۆنۈكۈپ، قوبۇل قىلىپ قۇللۇق تەبىئىتىگە يارىشا قۇل بولۇپ ياشاپ كېلىۋاتقان خىتاي پۇقرالىرىنىڭ ئالدىغا - جۇڭگوغا بىر پارتىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشى قانۇنلۇقمۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىنقىلابى پارتىيىمۇ ياكى ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىمۇ؟ ئىنقىلابى پارتىيە ھېسابلانسا، پۇقرالارنىڭ سايلىمى ئارقىلىق ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىگە ئۆزگىرىشى كېرەك، پۇقرالار ئاۋاز بەرمىسە بۇ پارتىيە ھاكىمىيەت سىرتىدىكى پارتىيىنىڭ ئورنىغا ئۆتۈشى كېرەك، ئۆزگەرگەندىن كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگو جەمئىيىتىدە كۆپ پارتىيىلىك تۈزۈمنىڭ شەكىللىنىشىگە يول قويۇشى كېرەكمۇ، كېرەك ئەمەسمۇ ؟ دەيدىغان بىر سوئالنى خىتاي پۇقرالىرىنىڭ ئالدىغا تاشلىدى.شۇنداق سوئاللار تەيۋەندە ئۆتكۈزۈلگەن سايلامدىن كېيىن خىتاي پۇقرالىرىنىڭ ئالدىغا تاشلىنىپ، خىتاي كوممۇنىستلىرىنى ئەنسىرىتىپ قويدى. خىتاينىڭ قېنى قىزىپ تەيۋەن بوغىزىدا قورال ئىشلىتىشكە تەرەددۇت قىلغاندەك بولدى. مۇبا دا تەيۋەن بوغىزىدا ئۇرۇش پارتلايدىغان بولسا، بۇ ئۇرۇش ئامېرىكىنىڭ ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكيان رايونىدىكى مەنپەئەتىگە بىۋاستە تەھدىت پەيدا قىلاتتى. شۇنداق بىر پەيتتە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارلىرى ھەتتا، پىرېزىدېنت كىلىنتون تەيۋەنگە ھاي- ھاي ؛ جۇڭگوغىمۇ ھاي -ھاي دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرغان بولسىمۇ، پوپۇزا خۇمار خىتاينىڭ پوپۇزا قىلغۇچى ئەلپازى ھەددىدىن ئېشىپ كېتىدىغان چەككە يەتكەندە، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئاۋام پالاتاسىدا رابىيە قادىرنىڭ تۈرمە ھاياتى ۋە رابىيە قادىرنىڭ سىياسى ھاياتى توغرىسىدا ماقۇللانغان " قانۇن لاھىيسى "نىڭ بوقېتىم ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئۇمۇمى يىغىندا ماقۇللىنىشى قانداق سىياسى مەقسەتلەردىن دېرەك بېرىدۇ؟

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى كېڭەش پالاتاسىنىڭ ۋە ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئۇمۇمى يىغىنى رابىيە قادىر ۋە ئۇيغۇرلار توغرىسىدا "قانۇن لاھىيە " ماقۇللاش ئارقىلىق تەيۋەن مەسلىسى، تەيۋەندە دېمۇكراتىك سايلام

مەسلىسى بويىچە ھارارىتى ئۆرلەپ كەتكەن خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ھارارىتىنى پەس كويىغا چۈشۈرمەكچىمۇ ياكى تەيۋەن مەسىلىسى بىلەن رابىيە قادىر مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان مەسىلىسىنىڭ ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ سىياسەت بەلگىلەش تەرتىپلىرىدە كىشىگە ئېيتقىلى بولمايدىغان ئىچكى باغلىنىشى بارمۇ؟ئامېرىكىنىڭ يەر شارى خاكتېرلىك ستىراتېگىيىلىك سىياسىتىگە، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو سىياسىتىگە، ئامېرىكىنىڭ تەيۋەن سىياسىتىگە قىسقىسى ئامېرىكىنىڭ ئاسىيا -تىنچ ئوكيان سىياسىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇيغۇرىستانىنىڭ سىياسى ئورنى، تەيۋەننىڭ سىياسى ئورنى ئامېرىكىنىڭ دۇنياۋى سىياستىدە قانداق ئورۇننى ئىگىللىگەن بولۇشى مۇمكىن؟ بىلگۈچى بىر ئاللاھ!

**نورمال سودا مۇناسىۋىتى ئورنى......**

2000-يىلى5 -ئاينىڭ- 19 كۈنى

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە ئاۋام پالاتاسى ۋە كېڭەش پالاتاسىغا مۇناسىۋەتلىك كومىتېتلار بۇگۈن جۇڭگوغا" ئەبەدى نورمال سودا مۇناسىۋىتى ئورنى بېرىش" قانۇن لاھىيىسىنى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ماقۇللىدى. بۇ قانۇن لاھىيىنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە كېلەر ھەپتىنىڭ4 -كۈنى ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئۇمۇمى يىغىنىدا مۇھاكىمە قىلماقچى بولدى. ئەگەر قانۇن لاھىيە ئاۋام پالاتاسىدا ئوڭۇشلۇق ماقۇللىنىدىغانلا بولسا، شۇنىڭدىن كېيىن كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئۇمۇمى يىغىنى6 -ئايدا مۇھاكىمىگە قويماقچى بولدى. پىرېزىدېنت كىلىنتون ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمەت ئەزالىرى ئاشكارە سورۇنلاردا بۇ قانۇن لاھىيىنىڭ ماقۇللىنىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى. جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ پىرېزىدېنت نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلگەن جورجى بۇش ئەپەندى، ۋاشىنگتون شتاتىنىڭ بوئىن ئايروپىلان شىركىتىدە نوتۇق سۆزلىگەندە يۇقىرىقى قانۇن لاھىيىنىڭ ماقۇللىنىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى.

كېڭەش پالاتاسىنىڭ قارمىقىدىكى سودا مالىيە كومىتېتى بۇ قانۇن

لاھىينى1 گە قارشى18 ئاۋاز بىلەن ماقۇللىدى. ئاۋام پالاتاسىنىڭ قارمىقىدىكى كېرىم -چىقىم كومىتېتى 4كە قارشى 24 ئاۋاز بىلەن بۇ قانۇن لاھىينى ماقۇللىدى. قانۇن لاھىيىسىنى ئاۋام پالاتاسى ماقۇللىغاندىن باشقا، بۇ قانۇن لاھىيگە جۇڭگونىڭ مەھسۇلاتلىرى ئامېرىكا بازارلىرىغا كۆپ مىقداردا تۆكمە قىلىپ سېتىلىپ، ئامېرىكىنىڭ مىللى سانائىتىگە تەھدىت پەيدا قىلغاندا، ئامېرىكىنىڭ پىرېزىدېنتى مىللى سانائەتنى قوغداش تەدبىرى قوللانسا بولىدۇ، دېگەن بىر ماددا - قوغداش فونكسىسىيىسى قوشۇپ قويۇلدى.ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا ئۆتكەن يىلى11 -ئايدا جۇڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەت بولۇپ كىرىشى توغرىسىدا ئىمزالانغان كېلىشىم ھەم قوغدىنىش ماددىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

بۇ قانۇن لاھىيە كېلەر ھەپتە ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئۇمۇمىيغىنىدا مۇھاكىمە قىلىنغاندا، ئۇمۇمى يىغىن يەنە باشقا بىر قانۇن لاھىيىنىمۇ قوشۇپ ئاۋازغا قويىشى كېرەك. بۇ قانۇن لاھىيىسدە ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ قارمىقىدا بىر كومىتېت جۇڭگو كومىتېتى قۇرۇپ، جۇڭگو ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ھوقۇقىنى ۋە جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرسىنى نازارەت قىلىش ۋە بۇ توغرىدا داۋاملىق دوكلات قىلىش بەلگىلەنگەن ئىدى.

قانۇن لاھىيىسدە يەنە بېيجىڭ، دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەت بولۇپ كىرگەندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ سودا -تىجارەت ئىشلىرىنى داۋاملىق نازارەت قىلىش بەلگىلەندى، ئوخشاشلا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ جۇڭگو بىلەن تەيۋەننىڭ ئوخشاشلا بىر ۋاقىتتا دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىشىنى كۆزلەيدىغان ئىستەكلىرىمۇ قانۇن لاھىيدە بايان قىلىندى.

پىرېزىدېنت كلىنتون ئەگەر جۇڭگوغا" ئەبەدى نورمال سودا مۇناسىۋىتى ئورنى بېرىش "ئىشقا ئاشۇرۇلمايدىكەن، بۇ دۇنيا بەك خەتەرلىك بولىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.ئامېرىكا سودا ۋەكىللىرى ئۇمىكىنىڭ

ئەزالىرىمۇ ئوخشاشلا جۇڭگوغا" ئەبەدى نورمال سودا مۇناسىۋىتى ئورنى بېرىش "نى ئىشقا ئاشۇرۇش، تەيۋەن بوغىزىدا جىددى ۋەزىيەتنىڭ پەسىيىشىگە ياكى ئۆرلەپ كېتىشىگە، شاڭگاڭ ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشى ۋە خاراپلىشىشىغا مۇناسىۋەتلىك. تەيۋەننىڭ يېڭى رەھبەرلىرىمۇ بۇ قانۇن لاھىيىسىنىڭ ماقۇللىنىشىنى قوللىدى، دەپ كۆرسەتتى.

پىرېزىدېنت كىلىنتون، يازما بايانات ئېلان قىلىپ :" ئاۋام پالاتاسى بىلەن كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەزالىرى پارتىيە گۇرۇھلارنىڭ چەك-چېگراسىنى ئايرىماي بىردەك ئاۋازغا قويۇپ، قانۇن لاھىيىنى بىردەك ماقۇللاپ نەتىجە ياراتتى. جۇڭگوغا" ئەبەدى نورمال سودا مۇناسىۋىتى ئورنى بېرىش" نى ئىشقا ئاشۇرۇش قانۇن لاھىيىسى ئامېرىكىنىڭ گۈللىنىشىگە ۋە ئامېرىكىنىڭ دۇنياۋى رەھبەرلىك ئورنىغا مۇناسىۋەتلىك ھەم جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدا ئەجابى ئۆزگىرىشنى قولغا كەلتۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك ئىنتايىن مۇھىم ئىش ئىدى"، دەپ كۆرسەتتى.

**ئامېرىكا....**

2000-يىلى5 -ئاينىڭ 20 -كۈنى

ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشى سۈپەتلىك تەرەققى قىلىشى ياكى يامان سۈپەتلىك تەرەققى قىلىشى جىددى ئۆزگىرىشنىڭ بوھرانى ئىچىگە كىرىپ قالدى. خىتاي مۇستەملىكچىلىرى ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويغاندىن كېيىن بېيجىڭ بىلەن ۋاشىنگتون مۇناسىۋىتىنىڭ يۈزلىنىشى خەلقئارا جەمئىيەت دىققەت قىلىدىغان مۇھىم نوختىغا ئايلىنىپ قالدى. جۇڭگو بۇ دۆلەتنىڭ ئىسلاھات مەنزىرىسىگە نىسبەتەن بۇ مۇناسىۋەتنىڭ ياخشى يامان بولۇشىدىن ئېيتقاندا ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئىش ئىدى.ئوخشاشلا ئامېرىكىنىڭ دۇنياۋى قۇدرەتلىك دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتلىك ئورنى، جۇڭگو بۇ دۆلەتكە تەسىر كۆرسەتمەي قالمايتى.

دۇنيا،5 -ئاينىڭ كېيىنكى ئىككى ھەپتىسىدە بېيجىڭ بىلەن

ۋاشىنگتوننىڭ مۇناسىۋەتلىرى دۈچ كېلىدىغان ئىككى ئىشقا - بىرىنچىدىن،تەيۋەندە پىرېزىدېنت بولۇپ سايلانغان چىن شۈي بىيەن ئەپەندىنىڭ،5 -ئاينىڭ20 - كۈنى رەسمى ۋەزىپىگە ئولتۇرىدىغان پەيتتە سۆزلەيدىغان نوتقىغا، ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو بۇنىڭغا قانداق ئىنكاس قايتۇرىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە جۇڭگوغا " ئەبەدى نورمال سودا مۇناسىۋىتى ئورنى بېرىش "نى ئىشقا ئاشۇرۇش قانۇن لاھىيىسىنىڭ ماقۇللىنىشى ياكى ماقۇللانماسلىقىدىن ئىبارەت ئىككى ئىشقا جىددى كۆڭۈل بۆلمەكتە ئىدى.

ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككى ئىش ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان تاشقى سىياسىتىنىڭ يېڭى ئەسىرلىك يۈزلىنىشىنى بەلگىلەپلا قالماستىن بەلكى ئوخشاشلا ئامېرىكا ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن جۇڭگونىڭ تىنچ يول بىلەن ئۆزگىرىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك "يۇمشاق قورشاش "ياكى " بىۋاستە قارشىلىشىش " ۋە ياكى" ئەتراپلىق قاتتىق قامال قىلىش" سىياسىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنىمۇ بەلگىلەيتى. مەلۇم تەرەپتىن ئېيتقاندا بۇ ئىككى ئىش، بىر -بىرىگە چەمبەرچەس باغلىنىپ كەتكەن بولۇپ، خۇددى ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى، ئامېرىكا، جۇڭگوغا" ئەبەدى نورمال سودا مۇناسىۋىتى ئورنى بېرىش "ئارقىلىق جۇڭگو بىلەن داۋاملىق ئالاقە قىلىشنى ۋە جۇڭگو بىلەن تەيۋەننىڭ تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ "دەپ كۆرسەتكەندەك، مۇھىم ئىككى ئىش ئىدى. ئۇنداختا، بۇ ئىككى ئىش ئۇنچىلىك مۇھىم بولماي ئاددىيلا ئىككى ئىش بولۇپ قالدىغۇ؟ ئامېرىكا تەيۋەننى ختايغا يەنە بىر قېتىم قوشۇپ بېرىشكە تەييارلىنىپ قويغانمۇ،نېمە؟ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئامېرىكىنىڭ ئاتالمىش" بىر جۇڭگو سىياسىتى " ئۆزگەرمەيدىغان بولسا، تىبەت بىلەن ئۇيغۇرستان ئامېرىكىدىن نېمە ئۈمىد كۈتۈشى مۇمكىن؟

ئامېرىكا خەلقى، كىشىلىك ھوقۇق تەرەپتارلىرى ۋە ئامېرىكىدا ئىككى پارتىيىنىڭ ئەزالىرى، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو بىلەن نورمال سودا مۇناسىۋىتىنى

داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇمۇمى يۈزلۈك سۆزلىشىش ئېلىپ بېرىشنى قوللايتى. بۇنداق قوللاش، يەنە بۇنداق ئاددى تەپەككۇر يولى -ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ ئاكتىپ تەرەققىياتى ئارقىلىق ئەركىن سودا ۋە يېتەكلىگۈچى قىممەت قاراشلىرىنى ئۇستۇن ئورۇنغا قويۇپ، بۇ قاراشلارنى جۇڭگۇ جەمئىيىتىگە سىڭدۈرۈپ، كوممۇنىزىملىق ئىدېئولوگىيىنىڭ يىمىرىلىشىنى تىزلىتىپ، مۇستەبىت تۈزۈمنى ئەركىن، دېموكراتىك تۈزۈمگە ئۆزگەرتىش ئاساستى ئۇستىگە قۇرۇلغان.ئامېرىكا جۇڭگۇدا كوممۇنىزىملىق ئىدېئولوگىيىنى يوقاتماقچى بولسا بەلكى بۇ مۇمكىندۇر. لېكىن خىتاينىڭ مىللەتچىلىك ئىدېئولوگىيىسىنى يوقىتىش مېنىڭچە بۇ ئامېرىكىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ.خىتاي بىر نەرسىدىن باشقا ھېچ نەرسىنى تونۇمايدۇ. ئۇ بولىسمۇ قورال كۈچىدۇر." ئاكتىپ ئالاقىدە بولۇش"، خىتايغا يېقىن بولۇش ياكى يېراق بولۇش، دەيدىغان گەپلەرگە خىتاي پەرۋامۇ قىلمايدۇ.

ئامېرىكا، جۇڭگۇغا "ئەبەدى نورمال سودا مۇناسىۋىتى ئورنى بېرىش" مەسىلىسىدە ئامېرىكىنىڭ سودا مەنپەئەتلىرىنى كۆزدە تۇتقاندىن باشقا، ئەڭ مۇھىمى سودا مۇناسىۋەتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق جۇڭگۇدا كىشىلىك ھوقۇقنى ياخشىلايدىغان ئاساسلارنى تۇرغۇزماقچى بولدى. خوش ئەگەر شۇنداق قىلماقچى بولغان بولسا ئامېرىكا ئۇنداختا،ئامېرىكىنىڭ ئەقلى پەقەتلا مېنىڭ ئەقلىمچىلىكلا ئەقىل ئوخشىمامدۇ؟ لېكىن جۇڭگۇ، دېموكراتىيىنى ئالىلقاچان جەمئىيەتلەشتۈرگەن، ھوقۇق ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى سايلام ئارقىلىق تىنچ يول بىلەن تاماملىغان تەيۋەنگە پوپۇز ئىشلەتتى. پوپۇزا ئىشلىتىش ئامېرىكا جامائەتچىلىكىنىڭ ئېڭىدا مۇنداق بىر ئاددى گۇمان -ئىقتىسادنىڭ تەرەققى قىلىشى جۇڭگۇ جەمئىيىتىگە مۇناسىپ دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئېلىپ كەلمىدى؛ شۇنداق ئىكەن، يەنە نېمىشقا جۇڭگۇغا" ئەبەدى نورمال سودا مۇناسىۋىتى ئورنى بېرىش"نى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك ئىكەن؟ دېگەن گۇمانغا كەلتۈرۈپ قويدى. شۇڭلاشقا ئامېرىكا خەلقىنىڭ رايى ۋە جامائەت پىكرى ئاساسىدا دۆلەت مەجلىسىدە

زور بىر قىسىم كۆچ ئوتتۇرىغا چىقىپ، " نورمال سودا مۇناسىۋىتى ئورنى بېرىش" كە قارشى چىقتى. شۇنداق بولسىمۇ پرېزىدېنت كلىنتون باشچىلىقىدىكى جۇڭگونى" تىنچ يول بىلەن ئۆزگەرتىش" تەرەپتارلىرى ( بۇ تەرەپتارلار جۇڭگونى ھەقىقەتەن شۇنداق ئۆزگەرتتى. پۇتون خىتتاينى پارىخورغا، خىيانەتچىگە ئايلاندۇرۇەتتى. ئۇلار خىتاينى دېموكراتىك جەمئىيەتكە باشلاپ كىرمىدى، بەلكى دوللارنى كۆتۈرۈپ ئامېرىكىغا قېچىپ كېلىپ باياشات تۇرمۇش كەچۈرىدىغان بايۋەچچىلەرگە ئايلاندۇردى) ،ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو بىلەن ئەترابلىق ۋە ئۇمۇمى يۈزلۈك سۆزلىشىشىدە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگو ئىسلاھاتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دۆلەتنى قانۇن بىلەن باشقۇرۇش ۋە سودا- تىجارەت ھەلەكچىلىكى ئاساسدا دۇنيا جەمئىيىتىگە يېقىنلىشىپ كەينىگىمۇ يانالمايدىغان جۇڭگونى، دېموكراتىيە يولىغا ئېلىپ چىقماقچى بولدى.قىسقىسى ئامېرىكا ئىنتايىن مۇھىم بىر قېتىملىق ۋاقىت مۇسابىقىسىدە جۇڭگو بىلەن بەيگىگە چۈشكەندەك كۆرۈنەتتى. جۇڭگو باش كۆتۈرۈپ ئامېرىكىنىڭ دۇنياۋى رىقابەتچىسىگە ئايلىنىشتىن ئاۋۋال، جۇڭگونى تىنچ يول بىلەن ئۆزگەرتىش، جۇڭگونى دۇنياۋى قىممەت قاراشلىرىغا ماسلاشتۇرۇش، مەسئۇلىيەتچان بىر دۆلەتكە ئايلاندۇرۇشى كېرەك ئىدى.

ئەكسىچە بولغاندا ئەگەر جۇڭگونى قاتتىق قامال قىلىپ، يېتىملىك كوچىسىغا ئىتترىپ، ماۋزېدۇڭنىزىمنىڭ كونا كاتاڭىغا چۈشۈرۈپ قويغاندا، بۇ ئىش ئامېرىكىغا ھەتتا پۈتۈن دۇنياغا زور تەھدىت ئېلىپ كېلەتتى. شۇڭا ئاقسارايى سودا -سانائەت ساھەسىدىكىلەرگە دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىغا ۋەز -نەنەسىھەت قىلىپ بېسىم ئىشلىتىپلا قالماي، سابىق پرېزىدېنتلارنىمۇ ئىشقا سېلىپ پرېزدېنت كلىنتوننىڭ سىياسىتىگە ماسلىششىنى ئىشقا ئاشۇردى.

بىراق، ئامېرىكىدا قاتتىق قول ئوگچىلار "يېشىللار ئەترىتى" دەيدىغان بىر كۆچ ھەربى ئىشلار ساھەسى، ئىلىم - پەن ساھەسى، تارىخ پەنلىرى،

ستراتېگىيلىك سىياسەت بەلگىلەش ساھەلىرىدە ئىشلەيدىغان بۇ كىشىلەر جۇڭگوغا قاتتىق قول سىياسەت يۈرگۈزۈپ، ئەلبەتتە ئامېرىكا تەيۋەننىڭ دېموكراتىيىسىنى قوغداش نامىدا جۇڭگو بىلەن قىسمەن دائىرىدە ئۇرۇش قىلىپ، جۇڭگونىڭ باش كۆتۈرۈش، كۈچىيىش ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈپ، جۇڭگونىڭ ئامېرىكىغا قاراتقان يوشۇرۇن ۋە ئاشكارە ئىغۋاگەرچىلىكلىرىنى، خىرىسلىرىنى يوقۇتۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى.

نۆۋەتتە، ئامېرىكا، جۇڭگو ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى تەيۋەن مەسىلىسى بويىچە، جۇڭگوغا" ئەبەدى نورمال سودا مۇناسىۋىتى ئورنى بېرىش" بەرمەسلىك بويىچە جىددى خىرىسقا دۇچ كەلدى. جۇڭگو چۈشۈنىشى كېرەككى، دېيىشتى سىياسىئونلار، ھەرگىز يېنىكلىك، تەنتەكلىك قىلماسلىقى لازىم. چۈنكى، جۇڭگونى تىنچ يول بىلەن ئۆزگەرتىش تەرەپتارلىرى جۇڭگونىڭ مۆتىدىل ئىسلاھاتچىلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ،ياخشى سۈپەتلىك ھەمكارلىقنى يولغا قويىدىغانلا بولسا،جۇڭگونىڭ ئىسلاھات نەتىجىلىرى مۇستەھكەملىنىدۇ، داۋاملىشىدۇ، شەرقى جەنۇبى ئاسىيانىڭ ئەمىنلىكى ئىشقا ئاشىدۇ، دېيىشتى. يەنە شۇ كىشىلەر : ئەكسىچە بولغاندا ئامېرىكىنىڭ قاتتىق قامال قىلىش تەرەپتارلىرى بىلەن جۇڭگونىڭ قاتتىق قوللىرى، كونسېرۋاتىپلىرى، مىللەتچىلىرى ھۆرپىيىشىدىغان بولسا، جۇڭگونىڭ ئىسلاھات نەتىجىلىرى تۈگىشىدۇ، تەيۋەن بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلايدۇ، جۇڭگو مەنچىلىك خاندانلىقى دەۋرىگە قايتىپ كېتىدۇ، جۇڭگو پارچىلىنىدۇ، شۇڭا جۇڭگونىڭ يۇقىرى قاتلام رەھبەرلىرى ئېھتىيات بىلەن سۆز قىلىشىنى، ئامېرىكىغا ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، دۇنيانىڭ ھازىرقى ئېقىمىنى تولۇق چۈشىنىۋېلىشى كېرەك، قىسقىسى 2000-يىلى5 -ئاي ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو سۆزلىشىش ئۈچۈن يارىنىڭ لىۋىگە كېلىدىغان بىر ئاي بولىدۇ، دېيىشكەنىتى.

**رابىيە قادىر**

2000-يىلى6 -ئاينىڭ5 -كۈنى

خىتاي مۇستەملىكىچىللىرى ئۇيغۇرىستاندا قۇرۇپ چىققان تۈرمىلەر ئۇيغۇرلار قامىلىدىغان تۈرمىلەر ئىدى. ئەسلى خىتاينىڭ مۇستەملىكە جەمئىيىتى، ئۇيغۇرىستان جەمئىيىتىنىڭ تۈرمىدىن ھېچ قانداق پەرقى يوق. مېنىڭ ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە قادىر ئەنە شۇ تۈرمىگە قامالدى.

ئۇيغۇرنىڭ باشقا قىزلىرى قاتارىدا رابىيە قادىرمۇ ئۆزىنىڭ ۋەتىنىدە ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكىگە ئۆزلىرى ئىگە بولالمىدى.ئۆزىنىڭ ۋەتىنىدە ئۇيغۇرلار ئادىمى ھۆرمەتكە، بۇنداق ھۆرمەتنىڭ خىتايدىن كېلىشىنى ھېچ قانداق ئۇيغۇر كۈتمەيدۇ، ئەلۋەتتە.قورساق باقتىلارنى ھېسابغا ئالمىغاندا، ھېچ قانداق كىشى خىتايدىن ھۆرمەت كۈتمەيدۇ، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئەخلاق ئادەتلىرى بويىچە بىر-بىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان ئادىمى ھۆرمەتكىمۇ ئۇيغۇرلار ئېرىشەلمىدى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق ئادەتلىرىمۇ خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىدى دېمەكچىمەن. شۇنداق، شۇ قاتاردا رابىيە قادىر،ئۆزىنىڭ ۋەتىنىنى مېنىڭ ۋەتىنىم دېيىش ھوقۇقىغا، تەبىئەت ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان ئىنسان بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك بارلىق ھوقۇقلارغا ئىگە بولالمىدى.ئۇنىڭ ئاتالمىش جىنايىتى نېمە جىنايەت ئىدى؟ ئۇ كىمنىڭ ئالدىدا ئاتالمىش جىنايەتچى بولۇپ قالدى؟ خىتاينىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ ئۇيغۇر بولغانلىقى ئۇنىڭ ئاتالمىش جىنايىتى ئىدى. ئۇيغۇر بولغان كىشى خىتاينىڭ ئالدىدا ئۇيغۇر بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئاتالمىش جىنايەتچى بولۇپ قالاتتى. نېمىشقا شۇنداق جىنايەتچى بولۇپ قالاتتى؟ چۈنكى، ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىگىسى ئۇيغۇرلار ئىدى. ئۇيغۇرلار، كەلگىنىدى، دۇمۇلاندى، تېجمەل، دۇملاندى خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرىستاننى مۇستەملىكە قىلىشىغا قارشى تۇراتتى. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىگە خىتاينىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنى قوبۇل قىلمىدى ۋە مەڭگۈ قوبۇل قىلمايدۇ. خىتاي مۇنداق قوبۇل قىلماسلىقنى ھېسابقا ئالاتتىمۇ؟ خىتاينىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل

قلماسلىق دەسلەپكى باسقۇچتا توختاپ قالما سلىقى لازىم. ھەربىر ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر ھېسيات ئالىمىدىكى ئەركىنلىكنى ياخشى كۆرۈش، خىتاينىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى يامان كۆرۈشنى ئەمەلى ھەرىكەتكە باتۇرلار ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇپ، خىتاي بىلەن ئۇيغۇرنىڭ مۇناسىۋىتى مۇستەملىكە قىلىش بىلەن مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت مۇناسىۋەت ئىكەنلىكىنى تارىخى خۇلاسە سۈپىتىدە ئاشكارىلاش كېرەك. بۇ خۇلاسەنى كۆرەش ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇش ۋە كۆرەش ئارقىلىق جارى قىلدۇرىدىغان ئۇقۇمغا ئايلاندۇرپ، مەسىلەن، بارىن ۋەقەسىدەك، ئىلى ئۆلكىسىنىڭ نامايىشچىلىرىدەك، مەقسەت ئايدىڭ بولغان ھامان ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايدىغان ھەر قانداق ۋاستىنى ئىشقا سېلىپ مەقسەتكە يېتىشنىڭ يولىنى تاللاپ ئالىدىغان مىللەت قەھرىمانلىرى قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا توغرى كېلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا مىللەتچىلىك ئېڭىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى يۇقىرىقىدەك ئىسپاتلاپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆز ئۆزىنى تەن ئېلىشى لازىم بولىدۇ.

مەقسەتلىك ئاڭغا ئىگە، دېموكراتىك شەخسىيەتچىلىك روھىغا باي، رابىيە خېنىم ئۆزىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان دائىرىدە، ئۆزىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىشنى قىلىش يولىنى تاللاپ ئېلىپ، ھەر قانداق زوراۋانلىققا قارشى ئەخلاق ئۇستۇنلۈكى بويىچە ئۆزىنىڭ ئەقىدىسىگە ئۆزى سادىق بولۇپ، ئۆزىنىڭ روھىنى ۋە ئۇيغۇرنىڭ مىللەت روھىنى پائالىيەت ۋە ھەرىكەت ئارقىلىق ئىپادىلىگەندە، ئۇيغۇرنىڭ سىياسى دەردىنى، كىشىلىك ھوقۇق دەردىنى ئۇرۇمچىگە تەكشۈرۈش ئۈچۈن يېتىپ كەلگەن ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئەزالىرىغا سۆزلەپ بېرىش ئۈچۈن مېھمانخانىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە خىتاينىڭ ساقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ 8يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

بۈگۈن ئۇكلوخوما شىتاتىدىن ۋاشىنگتونغا يېتىپ كەلدىم. ئاقسارايىنىڭ ئالدىدا، خىتاينىڭ ۋاشىنگتوندا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدا،

ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق تەلەپ قىلىشلىرى توغرىسىدا،رابىيە قادىرنى خىتاينىڭ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشى توغرىسىدا نامايىش قىلماقچى بولدۇق. بۇ نامايىشنى ۋاشىنگتوندىن جورج خوپكىنىس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قارمىقىدىكى قانۇن پاكولتىتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى كەيسى خانىم، بۇرۇنقى چاغلاردا ئۇرۇمچىگە، قەشقەرگە،ھەتتا خوتەنگىچە سايائەت قىلىپ بېرىپ كەلگەن، رابىيە قادىر قولغا ئېلىنغاندىن كېيىنمۇ ئۇرۇمچىگە يەنە بىر قېتىم بېرىپ كەلگەن قىز، شۇ قىز بۈگۈنكى نامايىشنى تەشكىللىگەن، بۇ قىز جۇيىش قىز ئىدى.

كەيسى خانىم ۋاشىنگتوندا "ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق" تەشكىلاتى قۇرغان. لېكىن بۇ تەشكىلاتقا ئىقتىسادى ياردەم قىلىدىغان بىر ئورۇن چىقمىغانلىقتىن كىشىلىك ھوقۇق پائالىيىتى تازا يۈرۈشەلمىگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرى توغرىسىدا كۆپ ئىشلارنى قىلالىغان قىز ئىدى.

كەيسى خانىم،6 -ئاينىڭ8 -كۈنى خىتاينىڭ ۋاشىنگتوندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدا ئۇيغۇرلارنى نامايىش قىلىشقا ئۇيۇشتۇردى، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئەلچىخانە ئالدىغا 60نەپەرگە يېقىن ئۇيغۇر كىشى توپلاندى، رادىئونىڭ ئۆزبېك، تىبەت بۆلۈمىنىڭ مۇخبىرى كېلىپ قاتناشتى.لېكىن ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەيدىغان،ئەمما تۈرمىدە يېتىۋاتقان، ئۆلۈم جازا سىغا ھۆكۈم قىلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ قان بەدىلىگە ئامېرىكىدا سىياسى پاناھلىق ئالغان، ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەيدىغان نۇرغۇن كىشىلەر بۇ قېتىمقى نامايىشقا قاتناشمىدى.

كەيسى خانىم، رابىيە قادىر تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىشى كېرەك؛ رابىيە قادىر گۇناھسىز، رابىيە قادىر ھۆرمەت قىلىنىشى كېرەك، بۇ يالغۇز ئامېرىكىلىقلارنىڭلا كۆز قارىشى ئەمەس، پۈتۈن ئىنسان ۋە ئىنسانلارنىڭ كۆز قارىشى، دېدى ۋە شۇ مەزمۇندا قايتا -قايتا نوتۇق سۆزلىدى.

رابىيە قادىر نەدە، مەن نەدە تۇرۇپ رابىيە قادىر دەپ، تووۋلاپ يۈرۈپتىمەن. بۇ قىسمەتمىدۇ، بۇ تەقدىرمىدۇ، ياكى بىر نىشان ياكى بۈيۈك

بىر ئىستىقلاللىمدۇ؟!

**رابىيە قادىرنىڭ سىياسى پاجىئەسى**

2000-يىلى6 -ئاينىڭ 14 -كۈنى

رابىيە قادىرنىڭ سىياسى پاجىئەسى ۋاشىنگىتۇندا مۇخبىرلار كلۇبىدا، خەلقئارا جەمئىيەتكە، ھەر قايىسى دۆلەتنىڭ مۇخبىرلىرىغا بايانات قىلىندى.

"ئۇمۇمى كەچۈرۈم "خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ ئامېرىكا شۆبىسىنىڭ رەھبىرى ۋىلىيام شورت ئەپەندى،6 -ئاينىڭ 14 -كۈنى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. ۋىلىيام شورت ئەپەندى، ئۇيغۇرىستان، ئۇگاندا قاتاتارالىق دۆلەت ۋە رايونلاردا ساقلىنىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىلىرى، دەپسەندە قىلىنىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى توغرىسىدا ئەتراپلىق توختۇلۇپ ئۆتتى. سىياسى جىنايەت، سىياسى مەقسەتلەر ئۈچۈن ھازىرقى دۇنيادا پەقەت ئۇيغۇ رىستاندا، شۇنداق ئاتالمىش جىنايەتلەرگە چېتىشلىق ئۇيغۇرلارغىلا ئۆلۈم جازاسى بېرىلمەكتە. ۋىلىيام شورت ئەپەندى، مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا رابىيە قادىر سىياسى پاجىئەسىنىڭ ئۆتمۈشنى، جەريانىنى سۆزلەپ ئۆتكەندىن كېيىن رابىيە قادىرنىڭ تەرجىمھالىنى تونۇشتۇرۇپ بولۇپ، رابىيە قادىر گۇناھسىز، تۈرمىدىن شەرتسىز قويۇپ بېرىلىشى كېرەك، خىتاي ھۆكۈمتى رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن شەرتسىز قويۇپ بېرىشلىرى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى.

**"رابىيە قادىر ۋە "خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى**

2000-يىلى6 -ئاينىڭ 15 -كۈنى

ئامېرىكىدا خىتاي تىلىدا نەشر قىلىنىدىغان" دۇنيا گېزىتى "ئالاھىدە مۇخبىرىنىڭ 14-كۈنى ۋاشىنگىتۇندىن بەرگەن تېلېگىراممىسى :

دۇنيا گېزىتى" مۇنداق كۆرسەتتى :"ئۇمۇمى كەچۈرۈم" خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ ئامېرىكا شۆبىسى بۈگۈن يىللىق دوكلات ئېلان قىلغاندا، ئۇيغۇرلار توغرىسىدا توختىلىشى پىرىزىدېنت كىلىنتۇن ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگوغا" ئەبەدى نورمال سودا مۇناسىۋىتى ئورنى بېرىش "نى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان پەيتكە توغرا كەلدى. گېزىت شۇڭا،: ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرىستاندا ۋە جۇڭگونىڭ باشقا جايلىرىدا دەپسەندە قىلىنىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىگە دىققەت قىلىشى زۆرۈر بولۇپ قالدى" ، دەپ تەكىتلىدى.

" ئۇمۇمى كەچۈرۈم" كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ئامېرىكا شۆبىسىنىڭ دوكلاتىدا، " جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدە سىياسى قاراشلىرىنى تىنچ يول بىلەن ئىپادىلىگەن كىشىلەرنى كەڭ كۆلەمدە باستۇردى، بۇ قېتىمقى باستۇرۇش يېقىنقى 10 يىلدىن بېرى، ئېلىپ بېرىلغان باستۇرۇش ھەرىكەتلىرىنىڭ ئىچىدە كۆلۈمى كەڭ، ۋاستىسى ئەڭ ئېغىر بولغان بېر قېتىملىق باستۇرۇش بولدى، دەپ كۆرسىتىلدى.

"دۇنيا گېزىتى "مۇنداق كۆرسەتتى: دوكلاتىنىڭ مەزمۇنىغا كۆرە شاڭگاڭدا ئاخىرقى سوتنىڭ ئاخىرقى ھۆكۈمىنىڭ بۇزغۇنچىلىقىقا ئۇچرىغانلىقى، ۋى جىڭ شىڭ، ۋاڭ دەن قاتارلىق كىشلەرنىڭ شاڭگاڭنىڭ چېگراسىدىن كىرىشىنىڭ چەكلەنگەنلىكى، شاڭگاڭ قانۇن كومىتېتى ئەزالىرىنىڭ قانۇن شۇناسلارنىڭ، ئادىۋوكاتلارنىڭ جۇڭگو تەرەپكە چېگرادىن كىرىشىنىڭ چەكلەنگەنلىكى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلدى.

"دۇنيا گېزىتى "مۇنداق كۆرسەتتى : "ئۇمۇمى كەچۈرۈم "خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ۋاشىنگتۇن شۆبىسى ئامېرىكىدا سايلامدا

پرىزىدېنت نامزاتىغا كۆرستىلگەن ( دېموكراتلار پارتىيىسىدىن ئال گور ئەپەندى، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىدىن جورجى بۇش ئەپەندى) ، قاتارلىق كىشىلەرنىڭ "ئۇمۇمى كەچۈرۈم "خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى تەييارلىغان باياناتقا قول قويۇپ، كىشىلىك ھوقۇق سىياستىنى ئامېرىكىنىڭ تاشقى سىياستىدە ئاۋۋال ئېتىبار بېرىدىغان سىياسەتلەر قاتارىغا كىرگۈزۈشكە ۋەدە بېرىشىنى تەلەپ قىلدى.
"ئۇمۇمى كەچۈرۈم "خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ۋاشىنگتۇن شۆبىسىنىڭ باشلىقى ۋىلىيام شورت ئەپەندى، ۋاشىنگتۇندا مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش كىلوبىدا، مۇخبىرلارغا دوكلات ئېلان قىلغاندا، "شىنجاڭ"دا مۇستەملىكە ئۇيغۇرستاندا، ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسى زىيانكەشلىككە ئۇچرىشى ئىنتايىن ئېغىرلاشتى، كۈنسايىن ئېغىرلاشتى، نەچچە مىڭلىغان مەھبۇسلار تۈرمىلەرگە تاشلانغاندىن باشقا ئۆلارنىڭ ئىچىدە يەنە نۇرغۇن ئۇيغۇرلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى،" شىنجاڭ"دا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا شۇنداق دىلوغا مۇناسىۋەتلىك ئۆلۈم جازاسى بېرىشىنىڭ نىسبىتى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ باشقا رايونلىرىدا شۇنداق دېلوغا مۇناسىۋەتلىك ئۆلۈم جازاسى بېرىشىنىڭ نىسبېتىدىن ئالقىپ كەتتى "دەپ تەنقىد قىلدى.
"ئۇمۇمى كەچۈرۈم "خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ رەھبىرى ت.كومار ئەپەندى، مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا پرىزىدېنت كىلىنتۇن جۇڭگوغا" ئەبەدى نورمال سودا مۇناسىۋىتى ئورنى بېرىش "نى ئىلگىرى سۈرۈۋاتقان بىر چاغدا "شىنجاڭ" دا8 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلگەن ئۇيغۇر ئايال تىجارەتچى رابىيە قادىرنى ئۇنتۇپ قالدى، دەپ تەنقىد قىلدى. رابىيە قادىرنىڭ ئىككى نەپەر قىزى ئەقدەم روزى، قەقنوس روزىلار مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئانىسى رابىيە قادىرنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرمىدىن دەرھال قويۇپ بېرىشى توغرىسىدا پرىزىدېنت كىلىنتۇن ھۆكۈمىتىنىڭ ياردەم قىلىشىنى تەلەپ قىلدى.

بۇقېتىم ۋاشىنگىتونىدا مۇخبىرلار كىلۇبىدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇخبىرلارنى كۆتۈۋېلىش يىغىنىدا سۆزلەنگەن نوتۇقلار خەلقئارا جەمئىيەتتە ياخشى ئىنكاس، ياخشى تەسىر پەيدا قىلدى. شۇ كۈنى" ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى "ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ يانچۇقچى مۇخبىرلىرى ئاۋۋال خىتاي پاھىشە ئايالنىڭ ئالدامچىلىقىنى باش خەۋەر قىلىپ ئاڭلىتىپ،" ئۇمۇمى كەچۇرۇم" خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى رەھبەرلىرىنىڭ مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش كىلۇبىدا كىشىلىك ھوقۇق توغرىسىدا سۆزلىگە ن نوتقىنى بارى -يوق يېرىم سائەتلىك ئاڭلىتىشنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا پارچە -پۇرات خەۋەر قىلىپ قىستۇرۇپ قويىدى. خىتاينىڭ قولى ئۇزۇنمىكەن ۋەتەندېشىم !نېمە چارە بار، ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلقى تۆت!!!

## ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ كېڭەش پالاتاسى

2000-يىلى6 -ئاينىڭ29 -كۈنى

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئۇمۇمى يىغىنى بۇيىل5 -ئاينىڭ 2-كۈنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رابىيە قادىرنى تۇرمىدىن قويۇپ بېرىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا، قانۇن لاھىيە ماقۇللىغاندىن كېيىن ئەمدى6 -ئاينىڭ28 -كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر كومىتېتىنىڭ قارمىقىدىكى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى قارار لاھىيە ماقۇللاپ : جۇڭگو دائىرلىرىنىڭ "شىنجاڭ ' ئۇيغۇرىستانلىق باي سودىگەر ئايال رابىيە قادىرنى ۋە ئۇنىڭ قولغا ئېلىنغان ئوغلى ئابىلكىم ئابدۇرېھىمنى، شىركىتىدىن قولغا ئېلىنغان خىزمەتچىلەرنى تۇرمىدىن دەرھال قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئاۋام پالاتاسى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر كومىتېتىنىڭ رەئىسى كرىستوفىر سىمىت :رابىيە قادىرنىڭ قىزى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە گۇۋاھلىق بەرگەندە، ئامېرىكىدىكى دادامغا گېزىت پارچىلىرىنى چىقىرىپ بەرگەنلىكى، ئانام رابىيە قادىرنىڭ بىردىن -بىر جىنا يىتى ھېسابلانغان، دېگەن دەپ كۆرسەتتى.

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى خەلقئار مۇناسىۋەتلەر

كومىتېتىنىڭ قارمىقىدىكى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ رەئىسى كىرىس توفىر سىمىت ئەپەندى :53 ياشلىق رابىيە قادىر ئۆتكەن يىلى 8-ئايدا ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەن ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن شۇلار چۈشكەن مېھمانخانىغا شۇ ئۆمەكنىڭ تەكلىپى بويىچە كېتىۋاتقاندا قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىككى نەپەر ئوغلى( ئابلىكىم ئابدۇرېھىم، ئالىم ئابدۇرېھىم )ۋە بىر نەپەر خىزمەتچىسىمۇ قولغا ئېلىنغان ئىدى. نۆۋەتتە بىر نەپەر ئوغلى ئالىم ئابدۇرېھىم تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلدى، دەپ كۆرسەتتى.

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر كومىتېتىنىڭ رەئىسى كىر ستوفىر سىمىت ئەپەندى : رابىيە قادىرنىڭ ئۆمۈرلىكى سىدىھاجى روزىنى ئامېرىكىدا ئەكسىل ئىنقىلابى پائالىيەت قىلدى دەپ قارىغان خىتاي ھۆكۈمىتى، سىدىقھاجى روزىدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆمۈرلىكى رابىيە قادىرنى قولغا ئالدى، دەپ كۆرسەتتى.

**شۇ ئارىلىقتا ئۈرۈمچىدە.....**

2000-يىلى7 -ئاينىڭ5 -كۈنى

6-ئاينىڭ27 -كۈنى رابىيە قادىرنىڭ ئاچىسى ھەجەر قادىر ۋە قىزىمىز روشەنگۈل ئابدۇرېھىم قاتارلىقلار ئاتالمىش ئاپتونوم رايونلۇق سوت مەھكىمىسىگە بېرىپ: ئانىمىز رابىيە قادىر بىلەن كۆرۈشىمىز، جىنايەتچىلەرنى ھۆكۈمنامە ئېلان قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرىدىغان قانۇنىڭلار بارغۇ ؟ئانىمىز رابىيە قادىرنىڭ كېسەل ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ بېرىڭلار، -دېگەندە سوت مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدارى جاڭ ئىسىملىك خىتاي:

-يېقىندا ئىككى،ئۈچ كۈن ئىچىدە بىر تەرەپ قىلىمىز، شۇ چاغدا كۆرۈشتۈرىمىز. ئاغرىپ قالغان بولسا دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارىمىز، دەپ جاۋاپ بەرگەن. شۇ ئارىلىقتا ئۈرۈمچىدە رابىيە قادىرنى ئىككىنچى قېتىم سوت قىلىدىكەن (قايتا سوت قىلىدىكەن) دەيدىغان مىش -مىش خەۋەر

تارقالغان. بۇنىڭ ئۈچۈن رابىيە قادىرنىڭ ئادۋوكاتى 7-ئاينىڭ5 -كۈنى سوت مەھكىمىسىگە بېرىپ، ئىككىنچى قېتىم سوت قىلىدىغان ۋە ھۆكۈم قىلىدىغان بولسا ئادۋوكات بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىشى كېرەك ئىكەن. ئادۋوكات سوت مەھكىمىسىگە بارغاندا:

-ئىككى ھەپتە ئىچىدە ياكى بىر ئاي ئىچىدە بىر تەرەپ قىلىمىز دەپ، جاۋاب بەرگەن. 8.( يىللىق قا ماق جازاسى ئېلان قىلىنىپ بولدى يەنە قانداق بىر تەرەپ قىلىش بۇ؟)- ھازىر رابىيە قادىرنىڭ دىلوسىنى بىر تەرەپ قىلىش بىزنىڭ ھوقۇقىمىز دائىرىسىدىكى ئىش ئەمەس، رابىيە قادىرنىڭ دىلوسىنى مەركەز ئېلىپ كەتتى. مەركەز بىر تەرەپ قىلىدۇ، دېگەن.

يۇقىرىقى ۋەقەلەردىن، ۋە رابىيە قادىرنى ئىككىنچى قېتىم سوت قىلىدىكەن، دېگەن خەۋەرلەردىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن بۇ توغرىدا "ئۇمۇمى كەچۈرۈم "خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى 7-ئاينىڭ4 -كۈنى ھەر قايسى دۆلەتلەردە قۇرۇلغان شۆبە تەشكىلاتلىرى ئارقىلىق پۈتۈن دۇنياغا ھۆججەت تارقاتتى. ھەتتا رېيتىرس ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى 7-ئاينىڭ5 -كۈنى ئاتالمىش" شىنجاڭ" ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سوت مەھكىمىسىگە تېلېفون بېرىپ:

را بىيە قادىرنى قايتا سوت قىلىش پىلانى، تەرتىپلىرى، سەۋەپلىرىنى ئېنىقلاپ جا ۋاپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا سوت مەھكىمىسىنىڭ قوپاللىق بىلەن رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى. يۇقىرىقى مەلۇماتلارنى تېلېفون ئارقىلىق ماگا، قىزىم روشەنگۈل يەتكۈزدى.

**ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى.......**

2000-يىلى7 -ئاينىڭ15 -كۈنى

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ قارمىقىدا قۇرۇلغان دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكى كومىتېتى بۈگۈن14 -كۈنى باياناتى ئېلان قىلىپ: ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت رەھبەرلىرى، جۇڭخۋا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىشلاردا بولغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنغان دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكى مەسىلىسىنى؛ ھەر قانداق دەلىل ۋە ئىسپاتقا ئېرىشمەي تۇرۇپ، ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن سىياسى مەھبۇسلار مەسىلىسىنى؛ رابىيە قادىرنىڭ سىياسى مەسىلىسىنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئالدىغا قويۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلدى.

بۇ لاھىيە ۋە بۇ باياناتتا يەنە ئۇيغۇر تىلىدا ئاڭلىتىش بېرىۋاتقان رادىئونىڭ ۋاقتىنى ئۇزارتىپ بېرىش تەكلىپ قىلىندى ۋە بۇ تەكلىپنى ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقلاپ بېرىشى تەلەپ قىلىندى.

**ئاۋام پالاتاسى ۋە كېڭەش پالاتاسى بىرلىكتە قانۇن لاھىيە ماقۇللىدى**

2000-يىلى7 -ئاينىڭ 24 -كۈنى

بۈگۈن ئالەمنى زىل-زىلىگە سالىدىغان بىر خوش خەۋەر تارقالدى. ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئاۋام پالاتاسى ۋە كېڭەش پالاتاسى بىرلىكتە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ دۆلەت مەجلىسىدە رابىيە قادىرنى ۋە ئۇنىڭ بالا -چاقىلىرىنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرمىدىن دەرھال قويۇپ بېرىشى ئوغرىسىدا قانۇن لاھىيە ماقۇللىدى، قانۇن لاھىيە بىردەك ئاۋاز بىلەن ماقۇللاندى.

بۇخەۋەر، ئەركىن ئاسىيا رادىئو ئىستەنسىسىنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمى، تىبەت بۆلۈمى، خىتاي تىلى بۆلۈمى ئارقىلىق ئاڭلىتىلغاندىن كېيىن، 7-ئاينىڭ26 -كۈنى جۇڭخۋا خەلق جۇمھۇرىيىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ باياناتچىسى چىن گاڭ بايانات ئېلان قىلىپ:

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ دۆلەت مەجلىسى، مەسئۇلىيەتسىز سۆز ئىبارىلارنى ئىشلىتىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى دەپ، كۆرسەتتى ۋە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ دۆلەت مەجلىسىنى ئەيىپلىدى.

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ دۆلەت مەجلىسى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىش كېرەكلىكى توغرىسىدا قانۇن لاھىيە ماقۇللىغاندىن كېيىن، رابىيە قادىرنىڭ سىياسى مەسىلىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى ئامېرىكىدا ئاقسارايغا كىردى. مۇخبىرنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، مەن سىدىقھاجى روزى ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمى ئارقىلىق جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ باياناتىغا رەددىيە بەردىم :

7-ئاينىڭ24 -كۈنى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ دۆلەت مەجلىسى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ، گۇناھسىز رابىيە قادىرنى ۋە بىزنىڭ باللىرىمىزنى تۈرمىدىن شەرتسىز قويۇپ بېرىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا قانۇن لاھىيە ماقۇللىغاندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ باياناتچىسى چىن گاڭ ئەپەندى :

"ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ دۆلەت مەجلىسى مەسئۇلىيەتسىز سۆز ئىبارىلارنى ئىشلىتىپ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى، دەپ بوھتان چاپلىدى.

"بىر دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشى" دېگەن نېمە ؟ بۇ باياناتچى چىن گاڭ ئەپەندى تېخىچە بىر دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشى دېگەن ئۇقۇمنىڭ مېغىزىنى چۈشىنىپ كېتەلمىگەن باياناتچى ئىكەن. ئۇيغۇرىستاندا ياشايدىغان، ئۇيغۇرىستان مېنىڭ ۋەتىنىم دەپ، ياشايدىغان ھەر قانداق بىر ئۇيغۇر ھېچ قاچان" جۇڭگو مېنىڭ دۆلىتىم " دەپ قارىغان ياكى ئېتىراپ قىلغان ئەمەس.ئۇيغۇرىستان1949 -يىلى 10-ئاينىڭ1 -كۈنىدىن باشلاپ خىتايلارغا مۇستەملىكە بولۇپ قالدى، مۇستەملىكە بولغان كۈندىن باشلاپ، تاجاۋۇزچىلىق ئۇقۇمى ۋە تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىگە مەنداش ئاتالمىش خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاشقى ئىشلار

مىنىسترلىكىنىڭ نەزىرىدە ئۇيغۇرستان مۇستەملىكىچى خىتاي جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاتالمىش" ئىچكى ئىشى " بولۇپ قالدى.مۇستەملىكە ئەمەلىيەتتە ھېچ قاچان، مۇستەملىكە قىلغۇچى دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشى بولۇپ قالمايدۇ. بەلكى تاجاۋۇزچىلار بىر ئەلنى تاجاۋۇزچىلىق ئارقىلىق مۇستەملىكە قىلىۋالغان كۈندىن باشلاپ مۇستەملىكە قىلىنغان دۆلەتنىڭ ئىشى، مۇستەملىكىچى دۆلەتنىڭ تاشقى ئىشى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئانىسىنىڭ ئاق سۈتىنى ئېمىپ چوڭ بولىدىغان ۋەتىنى ئۇيغۇرستانغا ئىزچىل سادىق بولىدىغان ھەر قانداق ئۇيغۇر بالىسى ئۇيغۇرستان مەسىلىسىنى ۋە رابىيە قادىر نىڭ سىياسى مەسىلىسىنى ھەر گىز جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى دەپ، قارىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى خەلقئارا جەمئىيەتتە ئۆزۈندىن بېرى بىر دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشى بولماي كەلدى. تېخى يېقىندىلا ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى دۆلىتى باشچىلىقىدىكى 40نەچچە دۆلەت باشلىقلىرى ۋاشىنگتونغا جەم بولۇپ،" كىشىلىك ھوقۇق ئىگىلىك ھوقۇقتىن ئەلا " دىدى، دۇنياغا جاكارلىدى.

بۈگۈن ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ دۆلەت مەجلىسى قانۇن لاھىيە ماقۇللاپ، رابىيە قادىرنىڭ ۋە بالا -چاقىلىرىمىزنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى، ئەمەلىيەتتە 20 مىليۇن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىدۇر. ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى دۆلەت مەجلىسىنىڭ رابىيە قادىرنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا قانۇن لاھىيە ماقۇللىشىنىڭ سەۋەبلىرى قانداقتۇر باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشقانلىق بولماستىن بەلكى خە لقئارا قائىدە پىرىنسىپلارغا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خىتاپنامىسى ۋە نىزامناملىرىغا تامامەن ئۇيغۇن بولغان ھالدا بىر مىللەتنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىغا باغلىق ھۆكۈمران مىللەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشقانلىقتۇر. بۇنداق ئارىلىشىش جۇڭگوغا مۇناسىۋەتسىز. چۈنكى خىتاي مۇستەملىكىچى مىللەتتۇر. شۇڭا باشقا بىر ئەھۋالدا

ختاينىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچراپ ختايغا مۇستەملىكە بولۇپ قالغان بىر مىللەت ئۇيغۇرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشتۇر.،

ھەر قېتىم سايلانغان ئامېرىكىنىڭ دۆلەت قۇرغۇچى دائىلىرى، كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى ئامېرىكا بۇ دۆلەت تاشقى سىياستىنىڭ بىر مەزمۇنىغا ئايلاندۇرۇپ كەلدى. شۇنداقلا خە لقئارا دائىرىدە كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش، كىشىلىك ھوقۇقى دەپسەندە قىلىنغان مىللەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق تەلەپلىرىنى ھىمايە قىلىش مەجبۇرىيىتى، ئاق كۆڭۈل ئامېرىكا خەلقىنىڭ قىممەت قارىشى ۋە ئەخلاق مەجبۇرىيىتى بولۇپ كەلدى. مەن، ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسگە ئۇيغۇرلارنىڭ ختايلار تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنغان كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسگە ئارىلىششىنى، كۆڭۈل بۆلۈشنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەيمەن. مەن ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرىنىڭ تاشقى سىياستىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەزمۇنلىرىنى قوللايمەن.

رابىيە قادىر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسى مەسىلىسى ختاي دۆلتىنىڭ ئىچكى ئىشى ئەمەس، بەلكى تاشقى ئىشىدۇر. ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىچكى ئىشى سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچىدىكى ئىچكى ئىشتۇر.

مەن ۋاشىنگتونغا يەنە يىتىپ كەلدىم. 60 نەپەر ئۇيغۇر ۋەتەنداشلىرىم بىلەن بىللە ختاينىڭ ۋاشىنگتوندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىغا توپلۇنۇپ، 2000-يىلى8 -ئاينىڭ8 -كۈنى ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ رابىيە قادىرنى ۋە بالا -چاقلىرىمىزنى تۈرمىدىن شەرتسىز قويۇپ بېرىشى توغرىسىدا يەنە بىر قېتىم داغدۇغۇلۇق نامايىش قىلدۇق.

**گومنداڭ خىتايلىرى**

2000-يىلى8 -ئاينىڭ15 -كۈنى

مۇشۇ يىلىنىڭ1 -ئايىدا گومنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن پىرېزىدېنتى لىيەنجەن ئەپەندى ئۆزىنىڭ سىياسى تەشەببۇسى- تەيۋەن بىلەن جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەت بولۇپ كىرگەندىن كېيىن، ئىككى قىرغاق ئوتتۇرىسىدا يېڭى تەرتىپ ئورنىتىش، ئىككى قىرغاق مۇناسىۋەتلىرىنى دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ تەرتىپلىرى ئىچىدە قېلىپلاشتۇرۇش تەشەببۇسىنى - لىيەنجەننىڭ سىياسى تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىككى قىرغاق مۇناسىۋىتىنىڭ كەلگۈسى مەنزىرىسىنى تىلغا ئالغاندا لىيەنجەن: دۆلەتلەر ئىتتىپاقى( كانفېدېراتسىيە دۆلەت شەكلى )نى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى. لىيەنجەن تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن "دۆلەتلەر ئىتتىپاقى" دۆلەت شەكلى، تەيۋەن جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا مۇمكىنلىك ئىچىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان دۆلەت شەكلى بولۇپ، تېخى ئۆز ئارا سۆزلىشىشلەر ئارقىلىق بېكىتىلمىگەن. چۈنكى ئىككى قىرغاقنىڭ كەلگۈسى دۆلەت شەكلى ئەندىزىسىنى بىر تەرەپ ئۆز ئالدىغا بېكىتىپ ھۆددىسىدىن چىقالمايتى. چۈنكى، خەلقئارا جەمئىيەت چوقۇم ئارىلىشاتتى.

جۇڭگو بىلەن تەيۋەننىڭ ئوخشاشلا ۋاقىتتا دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىشىنى كۆزدە تۇتقان لىيەنجەن، دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرگەن دۆلەتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان سودا - تىجارەتتە بىر قېلىپ، بىر ئەندىزە بولىشى كېرەك، دەپ قارايتى. كەلگۈسى مەبلەغ سېلىشنى قېلىپلاشتۇرۇشقا، تەرتىپلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدىكەن، جۇڭگو بىلەن تەيۋەن دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىدىكەن، بۇ تەرتىپ ئەندىزىلەرگە ئەمەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئىككى قىرغاق مۇناسىۋىتىنىڭ ئاساسلىق تەرەپلىرىنى تەكىتلىگەندە لىيەنجەن، ئىككى قىرغاق مۇناسىۋىتى نورماللاشقان، ئوخشاش دەرىجىلىك ئۈچ تەرەپ غالىپ چىقىدىغان يەنە خەلقئارا مۇناسىۋەتلەرنى

قوشقاندا بىر گەۋدە بولۇپ تەشكىللىنىدىغان قولايلىق يارىتىدىغان مۇھىتقا ئېرىشىش يەنى جۇڭگو بىلەن تەيۋەن خەلقىئارا جەمئىيەت ئوخشاشلا غەلىبە قىلىش كېرەك دەپ، كۆرسەتتى.

نوپۇزلۇق كىشىلەرنىڭ پىكىرلىرىگە ئاساسلانغاندا، تەيۋەن بىلەن جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرگەندىن كېيىن، يېڭى تەرتىپ بويىچە نۆۋەتتە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە- ئىگىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك. ئىگىلىك ھوقۇقنى مۇقىملاشتۇرۇش يەنى ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى مەيلى ئالاھىدە دۆلەتلەر مۇناسىۋىتى بولسۇن ياكى ئوخشاش دەرىجىلىك دۆلەتلەر مۇناسىۋىتى بولسۇن ئۆز ئارا ئېتىراپ قىلىدىغان ۋاستىلار ئارقىلىقلا ھەل بولىدىغان بىر مەسىلە ئىدى.

لىيەنجەن ئوتتۇرىغا قويغان" دۆلەتلەر ئىتتىپاقى" ، كانفېدېراتسىيە تەيۋەننىڭ ۋە جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ مۇمكىن بولىدىغان ئەندىزىسى ئىدى. يەنە بەزىلەرنىڭ پىكىرلىرىگە ئاساسلانغاندا، ''دۆلەتلەر ئىتتىپاقى ''كانفېدېراتسىيە ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، مۇمكىن بولسا تەيۋەن بىلەن جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرىدە ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ئالاھىدە دۆلەتلەر مۇناسىۋىتى دېگەنلىك بولاتتى. شۇڭا يەنە بەزىلەرنىڭ قارىشىچە فېدېراتسىيىدىن ياۋروپا ئىتتىپاقى شەكلىگىچە ؛ ياۋروپا ئىتتىپاقى شەكلىدىن- دۆلەتلەر ئىتتىپاقى شەكلىگىچە، مۇبادا ئىككى تەرەپ قوبۇل قىلىدىغانلا بولسا، كانفېدېراتسىيە، جۇڭگو بىلەن تەيۋەن مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلغاندا ئوڭايلا قوبۇل قىلغىلى بولىدىغان دۆلەت شەكلى ھېسابلىناتتى. بىراق تىبەتتىچۇ، مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستانچۇ ؟ بۇلارنىڭ مەسىلىسىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؟ شۇڭا خىتاي كوممۇنىست مۇستەملىكىچىلىرى تەيۋەن بىلەن جۇڭگونىڭ دۆلەت مۇناسىۋەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ كانفېدېراتسىيە شەكلىنى قوبۇل قىلمايتى.

فېدېراتسىيە شەكلى بويىچە تەيۋەننى بىرلىككە كەلتۈرگەندە بۇنداق

دۆلەت شەكلىنى تەيۋەن قوبۇل قىلمايتى، تەيۋەن ئوڭايلا بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم دۆلەت شەكلىنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ قالاتتى. تەيۋەن بىلەن جۇڭگو ئىككى دۆلەتنى ياۋروپا ئىتتىپاقى شەكلىدە بىرلىككە كەلتۈرۈش قىياس ۋە تەجربە باسقۇچىدا تۇرغانلىقتىن تېخى مۇقىملاشمىغان دۆلەت شەكلىگە مۇراجىئەت قىلىشنى جۇڭنەنخەينىڭ قوبۇل قىلىشى قىيىن بولسىمۇ،، كانفېدېراتسىيە شەكلىدە بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئەمەلىيەتتە ئىككى تەرەپ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئۆز ئارا ئېتىراپ قىلىش ئاساسىدا تەشكىللىنىدىغان مەمۇرى تەرتىپ بولۇپ سانىلاتتى. مۇئاۋىن پىرېزىدېنت لىيەنجەن تەشەببۇس قىلغان كانفېدېراتسىيە دۆلەت شەكلى، جۇڭگو بىلەن تەيۋەننىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئۆلگىلىك شەكلى بولۇپ قالاتتى. بۇنداق تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويۇش لىيەنجەنگە نىسبەتەن تەسادىپى ئەمەس ئىدى، چۈنكى بۇ پىكرى تەيۋەننىڭ ئىچكى قىسمىدا ئاساسلىق پىكىر ئېقىمى بولۇپ شەكىللەنگەن.

كېيىن بېيجىڭ ھۆكۈمىتى ئالىملارنىڭ كۆز قاراشلىرى ئاساسىدا يۇقىرىقى تەشەببۇسقا ئىپادە بىلدۈرگەندە، يۇمشاق قارشىلىق كۆرسەتكەن. جۇڭگو بىلەن تەيۋەن مۇناسىۋىتىنى كانفېدېراتسىيە دۆلەت شەكلى بويىچە بىر تەرەپ قىلغاندا، بۇ ئۇسۇل ئىككى قىرغاق مۇناسىۋىتىدە بىر ئىلگىرلەش ھېسابلىناتتى. لېكىن، "شىنجاڭ ( "مۇستەملىكە ئۇيغۇرستان) ۋە تىبەتلەر ئورنىدىن دەست تۇرۇپ ئۆزلىرىنى تەيۋەنگە سېلىشتۇرغاندا، گە پ تېپىپ بەرگىلى بولمىغاننىڭ سىرتىدا، جۇڭگو ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ ئىش مەغلۇبىيەتتىن دېرەك بېرەتتى. نېمىشقا مەغلۇبىيەتتىن دېرەك بېرىدۇ، غەلىبىدىن دېرەك بەرمەي !شۇڭا بېيجىڭ كانفېدېراتسىيە دۆلەت شەكلى توغرىسىدا ئويلىنىشنى توختىتىپ قويغان.

لىيەنجەننىڭ ئەقلىدىمانلىرى پىكىر قىلىشىپ، كانفېدېراتسىيە دۆلەت شەكلى مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان دۇنياۋى تەجرىبىلەرگە باي دۆلەت شەكلىدۇر.ئامېرىكا تارىخىدا كانفېدېراتسىيەدىن فېدېراتسىيەگە ئۆزگىرىدىغان مىساللار بولغان ئىدى، سابىق سوۋېتلەر تارىخىدا كانفېدېراتسىيەدىن

مۇستەقىل دۆلەتلەر ئورتاق گەۋدىسىگە ئۆزگىرىدىغان مىساللار بولغان ئىدى. ئەرەپ بىرلەشمە خەلىپىلىكى ھازىرغىچە ئۆز ھالىتى بويىچە مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە. شۇڭا جۇڭگو، تەيۋەن دۆلەتلىرى كانفېدېراتسىيە دۆلەت شەكلىنى ئۆتكۈنچى دەۋرگە ئەندىزە قىلىشنى قوبۇل قىلىدىغانلا بولسا، تۈزۈملەشتۈرۈش، نورماللاشتۇرۇش، ئالاقە شەكىللىرىنى ساقلاپلا قالماي، ئىككى قىرغاق ئوتتۇرىسىدا مۇمكىن بولىدىغان كەلگۈسى تەرەققىياتنىمۇ كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولاتتى. ئىشىنىڭ مۇنداق يۈز بېرىشىنى سىياسى ئادەملەرمۇ بىر -بىرىگە چۈشەندۈرۈپ كېتەلەيتى. خەلقئارا جەمئىيەت قانداق ئىنكاس قايتۇرۇشى مۇمكىن ئىدى، تىبەت ۋە ئۇيغۇرىستان قايسى يولنى تۇتار ئىدى ؟ بۇ چۈشمۇ ياكى يېقىن كەلگۈسىدە ئىشقا ئاشىدىغان رېئاللىقمۇ ؟

**ئوكلوخوما -شانى**

2000-يىلى9 -ئاينىڭ22 -كۈنى

راستىنى ئېيتقاندا ۋاشىنگتوننىڭ تۇرمۇش سەرپىياتى يۇقىرى بولغانلىقتىن، ئوكلوخوما شىتاتىنىڭ شانى شەھرىگە ۋاشىنگتوندىن كۆچۈپ كەتكەن ئىدىم. ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ ۋاشىنگتونغا نامايىشقا كېلەتتىم. ئۇيغۇرنىڭ، رابىيە قادىرنىڭ دەۋاسىنى قىلىش ئۈچۈنمۇ شانى شەھرىدىن ۋاشىنگتونغا كېلەتتىم. قانداق قىلغۇلۇق، تۇرمۇش دېگەن شۇ، ئىنقىلاب دېگەنمۇ شۇ، دەۋا قىلىش دېگەنمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئاسان ئىش، ئوڭاي ئىش بارمىكىنا دۇنيادا، بولسا قەيەردىكىنا ؟!

شۇ كۈنى ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى فېدېرال تەكشۈرۈش ئىدارىسىدىن بىر نەپەر كىشى مېنىڭ شانىدا ئولتۇرۇشلۇق ئۆيۈمگە ئىزدەپ كېلىپ مەن بىلەن سۆھبەتلەشمەكچى بولدى ۋە ئۆزۈمنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىمنى سۆزلەپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلدى.

ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە قادىرنىڭ نۆۋەتتىكى تۈرمە ھاياتى، سالامەتلىكى، تۈرمىنىڭ ئىچىدە يېقىندىن بېرىكى ئەھۋالى توغرىسىدا ئەتراپلىق،

تەپسلى سۆزلەپ بېرشمنى تەلەپ قلدى ۋە ئەتراپلق سوئاللارنى قويدى.مەن تەپسلى جاۋاب بەردىم.

ئۇيغۇرنىڭ كىشلىك ھوقۇق خاتىرسىگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا ئېرىشكەن ھامان ۋاختى -ۋاختىدا بىزگە يوللاپ بەرگىن دېدى.

- "ئۇمۇمى كەچۈرۈم "خەلقئارا كىشلىك ھوقۇق تەشكىلاتغا، " كۆزەتكۈچى" خەلقئارا كىشلىك ھوقۇق تەشكىلاتىغا ماتېرىيال يوللاپ تۇرىمەن، شۇ ماتېرىياللاردىن سلەرگىمۇ قوشۇمچە يوللاپ تۇرسام بولامدۇ، دەپ سوئال قويدۇم.

-بولىدۇ.

-ھازىر ئۇيغۇرلار ئامېرىكىغا كېلىپ يەرلىشىۋاتىدۇ، بۇ توغرىدا سىېنىڭ پىكرىڭ بارمۇ، قانداق پىكرىڭ بار؟

- خىتاينىڭ جاسۇسلىرى ئامېرىكىغا كېلىپ يەرلەشمىسلا، پاكىز ئۇيغۇرلار ئامېرىكىغا كېلىپ يەرلىشىدىغان بولسا، خوش بولىمەن، قارشى ئالىمەن.....

شانى شەھرىدە بىر ئاشخانىدا ئىككى سائەت سۆھبەتلەشتۇق. قىزىم تەرجىمە قىلىپ بەردى. ئوقۇرمەنلەر ئىككى سائەتلىك سۆھبەتتە سۆزلەشكەنلىرىڭ ئاران مۇشۇلا گەپمىدى دەپ سوئال قويۇشۇڭلار مۇمكىن..... مەن ئىككى سائەتلىك سۆھبەتنىڭ باشقا مەزمۇنلىرىنى بۇ يەرگە يازالمايمەن، بەلكى مەڭگۈگە يازالماسلىقىم مۇمكىن. راستىنى ئېيتسام ئۇچاغدا مەن ئامېرىكىنىڭ ئەزىز مېھمىنى ئىدىم.......................بالا ۋاختىڭدا قولۇڭغا پالتا ئېلىپ كۆتەك يېرىپ باققانمۇ..................؟ كۆتەك يارالامسەن............سەنلا ئەمەس سېنىڭ خەلقىڭ پالتا تۇتالامدۇ، پالتا بىلەن كۆتەك يارالامدۇ...............شۇڭا خۇدا دەيمەن........شۇڭا خۇدا دەيمەن. ئارىدىن13 يىل ئۆتتى.....مۇشۇ قۇرلارنى قايتا رەتلەپ نەشرىياتقا يوللاش ئالدىدا يۇقىرىقى قۇرلارنى ئاران يېزىپ قويالدىم. مېنى كىچىرىڭ ئوقۇرمەنلىرىم، مېنى كىچىرىڭ ۋەتەنداشلىرىم. ئالدىڭىزدا كۆتەكلە

بولدىغان بولسا ئىشىنىمەنكى خۇدا بىر كۈنى قولىڭىزغا پالتا بېرىپ، سىزنى كۆتەك يېرىشقا سېلىشى مۇمكىن. ئەپسۇس مېنىڭ يېشىم ئۈلگۈيۈپ قالدى، شۇ كۈنلەرگە ئۈلشالايدىغان بولسىڭىز ۋەتەندىشىم، مەن ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن قولىڭىزغا پالتا ئېلىپ كۆتەك يېرىشىڭىز مۇمكىن. ئاللاھ، شۇ كۈنلەرگە ئۈلاشتۇرغاي!!

**مۇخبىر جۈن ئەپەندى**

2000-يىلى10 -ئاينىڭ18 -كۈنى

ئامېرىكا مەملىكەتلىك س ئېن ئېن تېلېۋىزيە ئىستەنسىزىسىنىڭ مۇخبىرى جۈن ئەپەندى، ئۆيۈمگە تېلېفون بېرىپ : مېنىڭ ئامېرىكا مەملىكەتلىك فوكس تېلېۋىزيە ئىستەنزىسىنىڭ ئوكلوخوما شۆبىسى مۇخبىرلار پونكىتىغا بېرىشىمنى تاپىلىدى. شۆھبىسسىزكى مۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئاۋۋال "ئۇمۇمى كەچۈرۈم" خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ئىشتىن ئاۋۋال س ئېن ئېن تېلېۋىزيىيە ئىسيەنزىسگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىستەنسە رەھبەرلىكىنىڭ سىدىقھاجى روزىنى زىيارەت قىلىپ بېرىشىنى ھاۋالە قىلغان.

مەن قىزىم ئەقدەمنى ئېلىپ ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، ئامېرىكا مەملىكەتلىك فوكس تېلېۋىزيە ئىستەنزىسىنىڭ ئوكلوخوما شۆبىسگە يېتىپ كەلدىم. مۇخبىرلار مېنى، ئايالىم رابىيە قادىر ۋە ئۇرۇمچىدە قالغان باللىرىم توغرىسىدا بىر سائەتلىك تېلېۋىزيە ئىستەنزىسى مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

مۇخبىر - سىسىنىڭ ھاياتىڭدا كۆڭلۈڭگە ئەڭ ئېغىر تەسىر قىلغان نەرسە نېمە؟ دەپ، سوئال قويدى.

-- ئايالىم رابىيە قادىرنىڭ قولغا ئېلىنىشى، تۈرمىدە خىتاي ساقچىلىرىنىڭ جىنايەتچىلەرنى ئاچ قويۇپ قىينىشى، 1972-يىلى 10-ئاينىڭ ئىككىنچى كۈنى تۈرمىدىكى چېغىمدا خىتاي ساقچىلىرىنىڭ پۇتۇمغا كىشەن، قولۇمغا چاتما سېلىپ، دوختۇر خانىغا ئېلىپ بېرىپ 450گىرام

قېنىمنى ئېلىۋېلىشى،يۇقىرىقى ئۈچ ئىشتىن باشقا ئۆز ۋەتىنىمدىن ئايرىلىپ سىياسى پاناھلىق تىلەپ مۇساپىر بولغۇنۇم جەمئى بۇ تۆت قېتىملىق ئىش مېنىڭ ھاياتىمدا ماڭا ئېغىر كەلگەن ئەڭ ئېغىر ئىش بولدى.مەن ياتقان خىتاينىڭ تۈرمىسىدە بۇگۈن ئايالىم رابىيە قادىر ۋە ئوغلۇم ئابىلىكىم ئابدۇرېھىملار ئازاپ چېكىۋاتىدۇ، مېنىڭ ئائىلەمنىڭ كەچۈرمىشىدىن بىر مۇستەملىكە مىللەتنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، دەپ جاۋاب بەردىم. بۇ قېتىمقى زىيارەت خاتىرىسى س ئېن ئېن ئامېرىكا مەملىكەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستەنزىسىنىڭ ئاسىياغا تارقىتىش پىروگىراممىسىدا يېرىم سائەتلىك ئىكرانغا چىقتى.

**ياۋروپا پارلامېنتى**

2000-يىلى 10-ئاينىڭ 22 -كۈنى

ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ سودا كىشىلىك ھوقۇق ۋە سىياسى سۆھبەت ۋەكىللەر ئۇمكى بېيجىڭغا زىيارەتكە كەلگەندە، رابىيە قادىر مەسلىسىنىڭ قانداق مەسلە ئىكەنلىكىنى جۇڭنەنخەيىنىڭ بەگلىرىگە تەپسىلى سۆزلەپ بېرىپ چۈشەندۈرۈپ قويىدى ۋە رابىيە قادىرنىڭ شەرتسىز تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلەتتى. بۇ خەۋەرنى" ئۇمۇمى كەچۈرۈم "خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى شۇ كۈنى پۈتۈن دۇنياغا تارقاتتى.

بۇ قېتىم ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ سودا - تىجارەت ۋەكىللىرىنى ۋە سىياسى سۆھبەت ۋەكىللىرىنى باشلاپ بېيجىڭغا زىيارەتكە كەلگەن، فرانسىيە دۆلىتىنىڭ پرېزىدېنتى شىراك ئەپەندى، تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشكە تىگىشلىك سىياسى مەھبۇسلارنىڭ تىزىملىكىنى بېيجىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئالدىغا قويغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر رابىيە قادىر مەسلىسىنى خىتاي رەھبەرلەرنىڭ ئالدىغا ئايرىم قويۇپ،رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن دەرھال قويۇپ بېرىشنى كەسكىن تەلەپ قىلدى.

گېزىتلەرنىڭ خەۋەرلىرىگە ئاساسلانغاندا پرېزىدېنت شىراك ئەپەندى،

رابىيه قادىرنىڭ سىياسى مەسلىسى بو يىچە ختاي رەھبەرلىرىگە قاتتىق تەلەپ قويغانلىقتىن، سۆھبەتتە نەتىجىگە ئېرىشەلمەي ۋەكىللەر ئۈمكىنى باشلاپ فرانسىيىگە قايتىپ كەتكەن. پەقەت سودا ـ تىجارەت ساھەسىدىلا كېلىشىم ھاسىل قىلالىغان. بۇ خەۋەرنى ماڭا،" كۆزەتكۈچى " خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ۋاشىنگتۇن شۆبىسىنىڭ باشلىقى مايك ئەپەندى تولۇق يەتكۈزدى.

فرانسىيىنىڭ پىرىپزىدېنتى شىراك ئەپەندىنىڭ رابىيە قادىرنىڭ سىياسى مەسلىسى بويىچە ختاي ھۆكۈمىتىگە قاتتىق بېسىم ئىشلەتكەنلىكىدىن چۈچۈپ كەتكەن ختاي ھۆكۈمىتى، ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى سايلام دەۋرىگە كىرگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، رابىيە قاردىرنىڭ ئۈستىدىن چىقىرىلغان ساختا ھۆكۈمنى كۈچكە ئىگە قىلدى.

**يىللىق كەچلىك زىياپەت**

2000-يىلى11 -ئاينىڭ12 -كۈنى

ئەسسالامىلەيكۇم ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە قادىر

مەن، ئوكلوخوما شتاتىنىڭ شانى شەھىرىدىكى ئۆيۈمدىن يولغا چىقىپ11 -ئاينىڭ12 -كۈنى ئاپتۇۋۇزغا ئولتۇرۇپ نىيۇ يورك شەھرىگە يېتىپ كەلدىم.18 - كۈنىگىچە 6 كۈن يىغىنغا قاتناشتىم . يىغىن ئاۋۋال نىۇ يورك شەھىرىدە 3كۈن ئېچىلدى، كېيىن كالفورنىيە شتاتىنىڭ لوس ئانجىلىس شەھىرىدە يەنە ئۈدا3 كۈن ئېچىلدى.يىغىننىڭ ئەسلى نامى "كۆزەتكۈچى" خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ " يىللىق كەچلىك زىياپىتى " دەپ ئاتىلىدىكەن. مەن بۇ يەردە يىللىق كەچلىك زىياپەت "دەپ،ئاتاشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

بۇ يىل خەلقئارا مىقياستا كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش بويىچە ئاكتىپ پائالىيەت قىلغان 5نەپەر دۇنياۋى ئۆلگىلىك كىشى "يىللىق زىياپەت"كە قاتنىششقا تاللاپ ئېلىندى. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى ئەلۋەتتە مېنىڭ ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە قادىر ئىدى. ئىككىنچىسى چېچېنىيىلىك ھاسانبايېف

ئەپەندى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۈچۈنچىسى سىررالئونىدىن كەلگەن ئابدۇل تىجەن كول ئەپەندى ئىدى. ئۇلارنىڭ تۆتىنچىسى ئىئوردانىيلىك رەنا ھۇسەيىن خانىم ئىدى.ئۇلارنىڭ بەشىنچىسى ھىندىستانلىق مارتىن مەكۋان ئەپەندى ئىدى. مەن، نىۋ يورك شەھرىدە ۋە لوس ئانجىلىس شەھرىدە ئىككى شەھەردە ئۆتكۈزۈلگەن" كەچلىك زىياپەت"كە ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە قادىرغا ۋەكىل بولۇپ قاتناشتىم.

11-ئاينىڭ12 -كۈنى ئەتىگەن سائەت11 ، 50مىنۇت ئۆتكەندە "كۈزەتكۈچى" خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ 102 قەۋەتلىك ئىمپىرىيە بىناسىنىڭ34 - قەۋىتىدىكى ئىشخانىسىدا مېنىڭ يىغىندا سۆزلەيدىغان سۆزۈم تەييارلاپ بېرىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن زالغا چىقىپ ھەر قايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرىنى سۈرەتكە تارتىش باشلاندى. كەچ كىرگەندە "كۈزەتكۈچى" خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ رەھبىرى مېكى خانىم بىزنى نىۋ يوركتا ئافغانىستان ئاشخانىسىغا تەكلىپ قىلدى. يەنە" كۈزەتكۈچى " خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنى قۇرۇشقا كۈچ چىقارغان ھازىر پىنسسىيگە چىقىپ كەتكەن5 نەپەر كىشمۇ تاماققا بىللە تەكلىپ قىلىندى. تاماق ئۈستىدە بولۇنغان پاراڭلار "كىشىلىك ھوقۇق"، "ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق تەلەپلىرى"، " دۆلەت قۇرۇش، قانداق دۆلەت قۇرۇش" توغرىسىدا داۋاملاشتى. ئەسلىدە كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى بىر مىللەتنىڭ" مۇستەقىللىق دەۋالىرىغا ئارىلاشمايتى. بۈگۈن نېمە بولدى، تاماققا تەكلىپ قىلىنغان بۇ مۆھتەرەملەر يۇقىرىقىدەك سۆھبەت قۇرۇپ مېنى بەك خوش قىلىۋەتتى. مېكى خانىم :

-سەن ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق تەلەپلىرى توغرىسىدا بىز بىلەن ئالاقە قىلغاندىن باشقا ئامېرىكىدا يەنە قانداق پائالىيەت قىلىۋاتىسەن دەپ، سوئال قويدى.

-مەن سىلەرگە ئۇيغۇرلارنىڭ دەپسەندە قىلىنغان كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى توغرىسىدا ماتېرىيال يوللىسام، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسگە

ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق تەلەپلىرى توغرىسىدا ماتېرىيال يوللايمەن.
13- چېسلا ئەتىگەن سائەت 8:00دە مېيكى خانىم بىزنى باشلاپ( تەرجىمانلىق قىلىپ بېرىۋاتقان ئۆكىمىز تۇردى خوجا) ئىككىمىزنى باشلاپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تۇرۇشلۇق بىنانىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ كەلدۇق. سائەت توشمىغىچە دەرۋازىدىن كىرىشكە يول قويۇلمىغانلىقتىن سىرتتا كۈتۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇق. نيۇ يورك شەھىرىنىڭ كۆڭۈللۈك ئەمما يامغۇرلۇق ئاسمىنىدىن قارا يامغۇر قۇيۇۋەتتى. مېيكى خانىم يامغۇرلۇق كىيىپ ئالللىقاچان تەييارلىق قىلىپ چىققان ئىكەن. ئۆكىمىز تۇردى خوجا قولىغا يامغۇرلۇق تۇتۇۋالغان ئىكەن، مەن كىيىمىم ھۆل بولۇپ كەتسە مەيلى ئەمما دوپپام ھۆل بولۇپ كەتمىسۇن،- دېدىمدە، دوپپامنى قاتلاپ يانچۇغۇمغا سېلىۋالدىم.
تىزىملاتقاندىن كېيىن بىز، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ ۋالىسى مەررۇي روبىنسۇن خانىمنىڭ كاتىپى ئىلزابىت ستاما توپلۇ (تەكتى گىرتسىيلىك )خانىمنىڭ ئىشخانىسىغا كىردۇق. ئوتتۇرا ياشلىق زىلۋا بويلۇق، كوكسى تولۇق، كۆز لىرى يوغان، كىشىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ گەپ قىلىدىغان، قارىماققا خىزمەتكە ئەستا يىدىل مۇئامىلا قىلىدىغان بۇ خانىم بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. مەن ئايالىم رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەردىنى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سىياسى دەردىنى، رابىيە قادىرنىڭ تۇرمىدىكى ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى بىر -بىرلەپ سۆزلەپ ئۆتتۇم. ( رابىيە قادىرنىڭ تۇرمە ئىچىدىكى ئەھۋالىدىن قانداق خەۋەر تاپتىڭ دەپ، سوئال قويىشىڭلار مۇمكىن. بىر نەپەر ئايال ئۇيغۇر ساقچىنى، بىر نەپەر ئايال خىتاي ساقچىنى تۇرمىدە رابىيە قادىرغا مەسئۇل قىلىپ قويغان ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ئايال ساقچى رابىيە قادىرنىڭ ئەھۋالىدىن ئۇرۇمچىدىكى باللىرىمنى ئۆزىنىڭ خىزمىتى دائىرىسىدە خەۋەرلەندۇرۇپ تۇراتتى. )شۇنداق قىلىپ رابىيە قادىرنىڭ تۇرمىدىكى ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ ئۆتتۇم. بۇ توغرىدا تەييارلىغان ماتېرىيالىمنى قوشۇمچە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق

دەردىگە ئائىت ماتېرىياللارنى ئىلزابىت خانىمغا تاپشۇرۇپ بەردىم. ( ماتېرىياللار قېنى دېمەكچى بولساڭلار " مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاننىڭ كۈندۈلۈك خاتىرلىرى "ماۋزۇلۇق، " دۆلەت مەجلىسگە يوللانغان مەكتۇپلار" ماۋزۇلۇق كىتابلىرىمغا قاراڭلار)

تەرجىمان : قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭمۇ كىشىلىك ھوقۇقلىرىنىڭ ئېغىر تەھدىتكە دۇچ كەلگەنلىكىنى، ئۇيغۇرىستاندىن شۇ دۆلەتلەرگە سىياسى پاناھلىق تىلەپ مۇساپىر بولۇپ چىققان ئۇيغۇرلارنى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ تۇتقۇن قىلىپ خىتاي ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىۋاتقانلىقىنى تەپسىلى تونۇشتۇرۇپ ھەم قىستۇرۇپ ئۆتتى.

بىزنى بۇ ئىشخانىغا باشلاپ كىرگەن ۋە ماڭا مەخسۇس مەسئۇل بولغان "كۆزەتكۈچى "خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ رەھبىرى مېيكى خانىم، مېنىڭ سۆزلىرىمنى تەرجىمە ئارقىلىق دىققەت بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇراتتى. كۆزلىرى سەل كىچىك بولسىمۇ لېكىن كۆزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان بۇ ئايال 70لەرگە يېقىنلاپ قالغان بولسىمۇ شۇنداق تېتىك، شۇنداق چەبدەس ئىدىكى، يو ل يۈرىدىغان بولسا، بىز قوغلاپ دېگۈدەك بولسىمۇ ئاران يېتىشۋالاتتۇق. ئانىلارغا خاس مېھرىۋانلىقى ئۇنىڭ چىرايىدىن ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

چۈشتىن كېيىن نىۋ يورك شەھرىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان "ئوتتۇرا ئاسىيا سوتسىيال ئىنستېتوتى"غا يېتىپ كەلدۇق. بۇ مەكتەپ بىر نەپەر كاپىتالىستنىڭ غەمخورلىقىدا قۇرۇلغان، مەخسۇس ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىنى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرخىل مەسىلىلىرىنى، ئوتتۇرا ئاسىيادا كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى، قىسقىسى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۆتمۈشىنى، تارىخىنى ۋە ھازىرقى سىياسى مەدەنىيىتىنى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كەلگۈسىنى ۋە ئىستىقبالىنى تەتقىق قىلىدىغان مەكتەپ ئىكەن.

سورىغان سوئاللارغا جاۋاب بىرىپ سۆزۈمنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن بىزنى كۈتۈۋالغۇچى، ئېرىكا دەيلى خانىم:

- بىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا دېگىنىمىز جۇڭگۇنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، دەپ كۆرسەتتى. مەن خوش بولغىنىمدىن تېپىچەكلەپ كەتتىم، تەرجىمە قىلىۋاتقان ئۇكام تۇردى خوجا ئەپەندى ماڭا بىر قارىۋېتىپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى. بۇنداق دېگەنلىك ئەمەلىيەتتە خىتاينىڭ ئۇيغۇرىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنى ئامېرىكا ئېتىراپ قىلمايدۇ، دېگەنلىك ئەمەسمۇ؟ سىياسەتتە ئېھتىياتچان بولۇپ يۈرۈيدىغان ئامېرىكىلىقلار، سەزگۈر سىياسى ئىبارىلارنى كەمدىن -كەم ئىشلىتەتتى.

"سوتسىيال ئىنىستىتوت " نىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىپ، ئېرىكا دەيلى خانىمغا خوش ئېيتىپ، ئامېرىكىنىڭ نوپۇزلۇق گېزىتلىرىدىن بىرى ھېسابلانغان" ۋول كوچىسى گېزىتى "ئىدارىسىغا يېتىپ كەلدۇق. گېزىتخانە تەھرىر بۆلۈمىگە كىردۇق. بىزنى بۇ گېزىتنىڭ خەلقئارا بېتىنىڭ مۇئاۋىن تەھرىرى قۇبۇل قىلدى. تەھرى مېنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ئۇيغۇرلار ئۈستىدە توختۇلۇپ:

-ئۇيغۇرلار مەسىلىسى بىزگە يېڭى تېما ئىدى، لېكىن قولىمىزدا يېتەرلىك ماتېرىيال يوق،دەپ كۆرسەتتى. ئۇكىمىز تۇردى خوجا:

- يېقىندىن بېرى بۇ گېزىتتە رابىيە قادىر ۋە ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ئىككى قېتىم ماقالە ئېلان قىلىندى، دېدى ۋە گېزىت رە ھبەرلىرىگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتتى.

14 - چىسلا كەچ سائەت 6:00 يېرىمدا نىۋ يورك شەھرىدە دۆلەتلىك مۇزىينىڭ ( كۆرگەزمە خانىنىڭ) زالىغا توپلاندۇق. 850 نەپەر يۇقىرى قاتلام جەمئىيەت ئەزالىرى ۋە ھەر ساھە ھەر كەسپ ئەھلى " كەچلىك زىياپەت"كە تەكلىپ بىلەن قاتناشتى. بىز زالدا يىغىن ۋە زىياپەت باشلاشتىن بۇرۇن ئامېرىكىلىق مېھمانلار بىلەن تونۇشتۇق، بىر -بىرمىزنى ئۆز ئارا تونۇشتۇردۇق. پاراڭلاشتۇق، بىللە سۈرەتكە چۈشتۇق، ئۆزئارا مۇڭداشتۇق. مېھمانلار ئورۇنلىرىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن مەنمۇ مېيكى خانىم بىلەن بىللە باشقىلار قاتارى قىزغىن چاۋاك، ئوتتەك ئالقىشلار ئىچىدە سەھنىگە چىقىپ، ئالدىن تەييارلىۋالغان يازما سۆزۈمنى سۆزلەشتىن

ئاۋۋال، مېيكى خانىم رابىيە قادىرنىڭ تەرجىمھالىنى ئوقۇپ يىغىن زالىدىكى مېھمانلارغا تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى.رابىيە قادىر توغرىسىدا ئىشلەنگەن ھۆججەتلىك فىلىم سەھنىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېكراندا قويۇلۇپ تۇردى. مەن سەھنىدە جاراڭلىق ئۇيغۇر تىلىدا جاراڭلىق سۆزلىدىم، بېشىمدىكى بادام دوپپىنىڭ ھۆسنى ۋە سەھنىدە جاراڭلىغان ئۇيغۇر تىلى قوشۇلۇپ، ئامېرىكىلىق يىغىن ئەھلىنىڭ ئېڭىدا بۇ قانداق مىللەت ؟ دېگەن تۇيغۇنى پەيدا قىلدىغۇ، دەپ ئويلىدىم ئەلۋەتتە شۇنداق ئويلىدىم. بۇ مىللەتنىڭ ياكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىم ئىكەنلىكى رابىيە قادىر توغرىسىدا ئىشلەنگەن ھۆججەتلىك فىلىمدا تونۇشتۇرۇلغانلىقتىن، ئامېرىكا خەلقىنىڭ ئېڭىدا تۇغۇلغان بۇ قانداق مىللەت؟ دېگەن سوئالغا ئېنىق جاۋاب بېرىلگەن ئىدى.

102 - 15 چىسلا ئەتىگەندە، ھەممە كىشى نىۋيورك شەھرىدىكى قەۋەتلىك ئىمپېرىيە بىناسىنىڭ 34 - قەۋىتىدىكى "كۆزەتكۈچى " خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ يىغىن زالىغا توپلاندۇق. بۇ تەشكىلاتنىڭ باشلىقى قارا تەنلىك كىشى ئۇلۇغ تەرىپىگە سىدىقھاجى روزىنى، سول تەرىپىگە چېچېنىيىلىك ھاسانبايېفنى ئولتۇرغۇزدى. بۇ بىر سىياسى مەنزىرە ئەمەسمىدى ؟ چېچېنىيە مەسىلىسى، ئۇيغۇرستان مەسىلىسى روسىيە بىلەن خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر ئەمەسمىدى؟ بۇ يىغىندا مەن، ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ۋە تۈرمەئىچىدىكى ھاياتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۈم. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ۋا تارىختا دۆلەت قۇرغانلىقىنىمۇ قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۈم. يىغىندىن كېيىن، بۇ تەشكىلاتنىڭ قارا تەنلىك باشلىقى مېنىڭ قولۇمنى چىڭ سىقىپ خوشلاشتى. ئايرىم -ئايرىم ھالدا سۈرەتكە چۈشتۇق ۋە كوللېكتىپ ھالدىمۇ سۈرەتكە چۈشتۇق.

چۈشتىن كېيىن 5 نەپەر دۇنياۋى كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرى، مېھمانخانىدىن ئايرىلىپ نىۋ يورك شەھرى ئايروپىلان ئىستەنزىسى

تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. بىز يەنە سەپەرگە ئاتلاندۇق. كالفورنىيىگە ئۇچىدىغان نۆۋەتچى ئايروپىلان نىۋ يورك شەھىرىنىڭ سۈزۈك ئاسمىنىغا كۆتۈرۈلدى.....

خەير خوش نىۋ يورك خەلقى !

خەير خوش نىۋ يورك شەھرى !

خەير خوش" كۈزەتكۈچى "خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى ۋە رەھبەرلىرى!

خەير خوش مىيكى خانىم!!!

**رابىيە قادىر ئۆمۈرلۈكۈم نەدە سەن**

2000-يىلى11 -ئاينىڭ18 -كۈنى

نىۋ يوركتىن ئۇچقان ئايروپىلان تەخمىنەن 6 سائەتتىن كېيىن كالفورنىيە شىتاتىنىڭ لوس ئانجىلىس شەھىرىگە قوندى. بۇ تەرەپلەر ۋاقىت جەھەتتىن ئامېرىكىنىڭ شەرق تەرىپىدىن پەرقلەنگەچكە تېخى قاراڭغۇ چۈشمىگەن ئىدى." كۈزەتكۈچى " خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرىدىن بىر قانچە كىشى ئايروپورتقا چىقىپ، دۇنياۋى كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرىنى قارشى ئالدى.

16-چىسلا ئەتىگەن سائەت00: 9 دا ئەدىلفىيا تېلېۋىزىيە ئىستەنزىسىدە پىروگىراممىا باشقۇرغۇچىنىڭ ھەرىبىرىمىزنى ئايرىم -ئايرىم زىيارەت قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق. نۆۋەت ماڭا كەلگەندە پىروگىراممىا باشقۇرغۇچى ماڭا :جۇڭگۇ پارچىلىنامدۇ، تەيۋەن جۇڭگۇ بىرلىشەمدۇ، تەيۋەن نېمىشقا ھازىرغىچە مۇستەقىللىق جاكارلىمايدۇ؟ دەيدىغان ئاجايىپ ئۆتكۈر، كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان سوئاللارنى تاشلىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى مەسىلىلىرى، ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە قادىرنىڭ تۈرمە ھاياتى توغرىسىدا سوئاللار قويۇلغاندا مەن، قىسقا، قىسقا جاۋاب بەردىم. تېلېۋىزىيە زىيارەت خاتىرىسى17 -چىسلا كەچ سائەت 9:00

ئەدىلفىيا تېلېۋىزىيىسىنىڭ ئېكرانى ئارقىلىق كالىفورنىيە خەلقىگە كۆرسىتىلدى.

16 -چېسلا كەچ سائەت 7:30دا لوس ئا انجېلىس شەھرىدە ھەيۋەتلىك بىر مېھمان خانىنىڭ ھەيۋەتلىك بىر زالىغا توپلاندۇق.مېھمانلار ئارقا -ئارقىدىن كېلىشكە باشلىدى. نىۋ يورك شەھرىدىكىگە ئوخشاشلا 850نەپەر مېھمان كەچلىك زىياپەتكە قاتناشتى. ھەر ساھە، ھەر كەسىپ ئەھلىدىن مېھمان بولۇپ كەلگەنلەردىن باشقا بىز كىنولاردا كۆرۈپ تونۇيدىغان خالىلىۋۇدنىڭ ئەرتىسلىرى جۈملىدىن ئەر ئايال ئەرتىسلەردىن ئەننېد بېنىڭ خانىم، مابىڭ فاررىل ئەپەندى، جېيمىس مارتىن لاۋسۇن ئەپەندى، جۇن لېت گاۋ ئەپەندى، جولىيا ئورماندى خانىم قاتارلىق ئەرتىس، ئارتىسكىلار كەچلىك زىياپەتكە قاتناشتى.

خۇددى" كۈزەتكۈچى "خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ رەھبىرى كېنىند روت ئەپەندى، نىېۋ يورك شەھرىدە كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرىنىڭ دوكلات بېرىش پائالىيىتىنى تەشكىللىگەندەك، "كۈزەتكۈچى "خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ لوس ئانجېلىس شەھرىدە تۇرۇشلۇق رەھبىرى ۋە ۋەكىلى ۋىكتورىيە بېكىن خانىم كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرىنىڭ لوس ئانجېلىس شەھرىدە دوكلات بېرىش پائالىيىتىنى تەشكىللىدى.

كەچ سائەت 7:30 دە ئاۋۋال زىياپەت بېرىلدى. ئاندىن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى سەھنىگە چىقىپ، ئامېرىكىلىقلار ياخشى كۆرىدىغان " ئەركىنلىك " ناخشىسىنى ھەرىكەتلىك ئورۇنلىدى. ئۇيغۇرغا ئوخشاش مەزلۇم مىللەتلەرنىڭ يۈرەك رىتىمى شۇ تاپتا" ئەركىنلىك "ناخشىسىنىڭ ئودارىغا تەڭكەش بولغاندەك بولدى.

"كۈزەتكۈچى "خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ رەھبىرى كېنىند روت ئەپەندى نىۋ يورك شەھرىدە نوتۇق سۆزلىگەندە : رابىيە قادىر بۈگۈن بىزنىڭ ئارىمىزغا كېلەلمىدى، ئۇ ھازىر خىتاينىڭ تۈرمىسىدە دەپ، كۆرسەتكەندەك، داڭلىق ئەرتىس ئەننىد بېنىڭ خانىم بۈگۈن بۇ زالدا يىغىن

ئېچىش نۇتقى سۆزلىگەندە : رابىيە قادىر بىزنىڭ ئارىمىزغا يېتىپ كېلەلمىدي، ئۇ ھازىر خىتاينىڭ تۈرمىسىدە، دەپ كۆرسەتتى.سەھنىگە رابىيە قادىر ئۈچۈن بىر ئۈستەل بىر ئورۇندۇق قويۇپ قويۇلغان ئىدى.

ئاۋۋال چېچېنىيىلىك ھاسانوپ سۆزلەپ ئۆتتى: تېببى داۋالا ئۈسكىنىلىرى كام، داۋالاشقا يېتىشمەيدۇ، چېچېنىيە خەلقى ئۇرۇش مەيدانىدا يارىلىنىۋاتىدۇ، بۇ خەلققە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمى كېرەك.

- سىررالىئون بۇ دۆلەتتە ئىچكى ئۇرۇش توختىمىدى، كىشىلىك ھوقۇق ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلىندى، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ۋە قۇدرەتلىك دۆلەتلەرنىڭ سىررا لىئوننىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن، -دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى، ئابدۇل تېجەن ئەپەندى.

ماڭا ھەمرا بولغان خاللىۋۇتنىڭ ئارتىسى جېيمىس مارتىن لاۋسۇن ئەپەندى سەھنىگە چىققاندا زالدىكىلەر ئورنىدىن تۇرۇپ گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتتى. جېيمىس مارتىن لاۋسۇن ئەپەندى، رابىيە قادىرنىڭ تەرجىمھالىنى تونۇشتۇرۇپ ئوقۇپ ئۆتتى.ئۇنىڭ بىگۇناھ قولغا ئېلىنغانلىقنى، ئۇنىڭ تۈرمىدىكى ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرىپ يىغىن ئەھلىگە يەتكۈزگەندىن كېيىن، سۆزى ئاخىرلاشقاندا مېنى سەھنىگە تەكلىپ قىلدى.

مەن نىۋ يورك شەھرىدە قارشى ئېلىنغاندەك، چاۋاك سادالىرى ئىچىدە سەھنىگە چىقتىم. چاۋاك چېلىۋاتقان كىشىلەر مېنىڭ ئۆز خەلقىم ئەمەس بەلكى ماڭا ئەسلا تونۇش بولمىغان لېكىن زۇلۇم چەككەن ھەر قانداق ئىنسانغا ۋە ھەر قانداق مىللەتكە كۆڭلى بەك يېقىن تۇرىدىغان ئامېرىكا خەلقى ئىدى. مەن چىققان سەھنە ئۇيغۇرلار ماڭا ياساپ بەرگەن سەھنە ئەمەس، بەلكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ دەردۇ-ھالى ۋە نۆۋەتتىكى سىياسى ماجالى تۈپەيلى شۇلارغا كۆڭۈل بۆلگەن ئامېرىكا خەلقى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ماڭا ياساپ بەرگەن سەھنە ئىدى. پەرق شۇ يەردىكى، ئۆز خەلقىنىڭ بەختى -سائادىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ ياق، بۇ يەردە

بەخت سائادەت دېگەننى ئېغىزغا ئالمايلا تۇرايلى، بىر مىللەتنىڭ هايات قېلىش، هالاك بولۇش قىسمىتىگە مۇناسىۋەتلىك ۋەزىيەتكە باغلىق كۆرەش قىلغان بىر ئادەم ئۆز مىللىتى ياساپ بەرگەن سىياسى سەھنىگە چىقماي، ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرىنىڭ كالىفورنىيە شىتاتىغا كېلىپ ئۇيغۇر ئۈچۈن سىيا سى سەھنىگە چىققانلىقى، ئامېرىكا خەلقىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكىنى، مەندەك بىر غېرىپ مۇساپىرنىڭ بۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك بەدەل تۆلىگەنلىكىنى بىر خۇدا غا بىلدۈرىمىزكى، بەندىگە سۆزلەپ بېرىشنىڭ ۋە بەندىگە بىلدۈرۈشنىڭمۇ هېچ قانچە زۆرۈرىيىتى يوق ئىشتۇر. شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىدۇكىم، ئۇيغۇر نىڭ هۆرلۈكى ۋە مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۆرەش قىلىدىغان ئۇيغۇرلار، رابىيە قادىر بىلەن سىدىقهاجى روزىغا ئامېرىكىلىقلار ياساپ بەرگەن بۇ سىياسى سەھنىگە ئۇيغۇرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى بىر -بىرلەپ چىقىپ كېلىدۇ. كۆرەش قىلىشقا پۇرسەتلا بولىدىكەن بۇ سەھنىدىن ئۇيغۇر ۋە ئۇيغۇر دېگەن ئىسىم ھەر گىز ئىختىيارى چۈشۈپ كەتمەيدۇ!

شۇنداق، مەن بۇگۈن ئامېرىكىلىقلار ئۇيغۇرغا ياساپ بەرگەن سىياسى سەھنىگە چىقتىم. سۆزۈمنى" :كۆزەتكۈچى "خەلقئارا كىشىلىك هوقۇق تەشكىلاتىنىڭ ۋە ئامېرىكا خەلقىنىڭ نۆۋەتتە كىشىلىك هوقۇق مەسىلىسى بېيىجە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىشىلىك هوقۇق مەسىلىلىرىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىمەن دەپ، باشلىدىم.

جېيمىس مارتىن لاۋسۇن ئەپەندى ئەنگىلىزچە تـەرجىمىسىنى ئوقۇپ بەردى.

رابىيە قادىر، مېنىڭ ئۆمۈرلۈكۈم سودا -تىجارەتتچى ئۇيغۇر ئايال ئىدى. 60يىۋەن خىتاي پۇلى بىلەن ئىگىلىك تىكلىگەن، ئۆز خەلقىگە دا ۋاملىق مېهرىبانلىق كۆرستەتتى، ئاجىز بەقۇۋۇل بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلەتتى...يېتىم- يېسىرلارنىڭ، ئاجىز مېيىپلارنىڭ هالىدىن خەۋەر ئالاتتى.....ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلەتتى....ئۇ گۇناهسىز ئىدى.... خىزمەت تەكشۈرۈش ئۈچۈن

ئۈرۈمچىگە يىتىپ كەلگەن ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ ۋەكىللىرى چۈشكەن مېھمانخانىغا، شۇلارنىڭ تەكلىپى بويىچە شۇلار بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندا، خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى. چەتئەلگە ئاخبارات يوللىدى دەپ، جىنايەت ئارتتى.ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ماڭا قانۇنلۇق پوچتا ئارقىلىق چىقىرىپ بەرگىنى يەرلىك گېزىتلەر ئىدى. خىتايدا گېزىتلەرنى چەتئەلگە چىقارماسلىق توغرىسىدا ياكى گېزىتلەرنى چەتئەلگە چىقىرىشنىڭ قانۇنسىزلىقى توغرىسىدا تۈزۈلگەن قانۇنمۇ يوق ئىدى. ئۇنداقتا رابىيە قادىر قايسى قانۇنغا خىلاپلىق قىلدى؟ خىتاي ھۆكۈمىتى رابىيە قادىرغا8 يىللىق قاماق جازاسى ئېلان قىلدى. رابىيە قادىر قولغا ئېلىنغان كۈندىن باشلاپلا ئامېرىكا خەلقى، "كۈزەتكۈچى "خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى رابىيە قادىرنىڭ سىياسى پاجىئەسىگە ئوخشاشلا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خىتايلار تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنغان كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىگە كۆڭۈل بۆلدى.

جېيمس مارتىن لاۋسۇن ئەپەندى، رابىيە قادىرنىڭ تەرجىمھالىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىغاندا سەھنىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېكراندا رابىيە قادىر توغرىسىدا ئىشلەنگەن ھۆججەتلىك فىلىم قويۇلۇپ تۇردى. ئۇيغۇرنىڭ ئۆزگىچە مىللەت مۇزىكىسى، ئۇيغۇرستاننىڭ ھازىرقى ئېچىنىشلىق تۇرمۇشى، ۋە رابىيە قادىرنىڭ" مىڭ ئانا شىركىتى قۇرۇش" مۇراسىمىنىڭ كامېرالىق كۆرۈنۈشى مۇڭلۇق مۇزىكا ساداسى ئىچىدە ئېكراندا ھازىر بولغاندا، زال ئىچى تىم-تاس بولۇپ كەتتى. لوس ئانجېلىس شەھرىنىڭ 850 نەپەر ئوغۇل-قىز، ئەر-ئايال پەرزەنتلىرى ئۇيغۇرلار توغرىسىدا، رابىيە قادىر توغرىسىدا ئويلاۋاتاتتى.....پىكىر قىلىۋاتاتتى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئەزاسى ئەد ۋۇرد پورتېر ئەپەندى، رابىيە قادىر توغرىسىدا توختۇلۇپ ئۆتكەن ئېكراندىكى كۆرۈنۈشنىڭ مەنزىرىسىگە ئەگىشىپ، "كۈزەتكۈچى "خەلقئار كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ۋاشىنگتۇن شۆبىسىنىڭ مەسئۇلى مايك جېن جىرى زەك ئەپەندى، ئېكراندا رابىيە قادىرنى تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق، "بۇ مىللەت ئۇيغۇر خەلقى

ئۆزۈندىن بىرى مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىۋاتقان خەلق " دەپ جاكارلىغاندا، زال ئىچىدىكى تىمتاسلىق گۇرۇك -گۇرۇك قىلغان ئاۋازلارغا ئورۇن بوشۇتۇپ بەردى.

شۇنداق، ! ئامېرىكا خەلقى ئۇيغۇر دېگەن بۇ مىللەتكە كۆڭۈل بۆلمەكتە. قىسقىچە تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەنگەن ئامېرىكا خەلقى ئۇيغۇرلارنى تونۇپ يەتتى، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسى مەقسىدىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى.

ئۇيغۇرلارغا يېڭى ئىرا، يېڭى ئەسىر نىۇ يورك، لوس ئانجىلىس شەھەرلىرىدىن باشلاندىمۇ، -قانداق ؟ ئويلايتىم، تەساۋۋۇرىمغا كىرىپ كېلىۋاتقان پاكىتلارنى ئويلىغانسېرى يەنە قايتا تۇغۇلغان سوئاللارغا جاۋاب تاپالمايتىم. كىشىنى ھەيران قىلىدىغان بىر يېرى شۇكى، كىشىلىك ھوقۇق جەڭچىلىرىدىن يىللىق" كەچلىك زىياپەت"كە قاتناشتۇرۇلغان ھىندىستانلىق مارتىنىدىن باشقا تۆت نەپەر كىشىنىڭ ھەممىسى ئىسلام دۆلەتلىرىدىن كەلگەن كىشلەر ئىدى.ئامېرىكىلىقلار بۈگۈن بۇ يەردە كىشىلىك ھوقۇق يىغىنى ئېچىپ ئۇلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش بويىچە كۆرسەتكەن تۆھپىلىرىنى مەدھىلىمەكتە. بۇ ھەرىكەت، يېقىندا خىتاي ھۆكۈمىتى توقۇپ چىقارغان :" ئامېرىكا مۇسۇلمانلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ" ، دېگەن سەپسەتەگە بېرىلگەن قاتتىق زەربە ئەمەسمۇ ؟

ئامېرىكىلىقلار ئۆز قەلبىنى ئىزھارلاپ :" ئىنسانىيەتتە ياشايدىغان ئادەملەر ھەممىمىز ئوخشاش، ئادەملەر بىر -بىرىگە كۆيۈنىشى، غەمخورلۇق قىلىشى لازىم" ، دېيىشتى. بەش نەپەر كىشى ( ھىندىستانلىق، ئىئوردانىيىلىك، سېرراليئونلۇق، چېچېنىيىلىك، ئۇيغۇرىستانلىق )بەش نەپەر كىشى سەھنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىزىلدۇق. ئارقىمىزدا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى "بىز يېڭىمىز"، دېگەن كۆرەش ناخشىسىنى باشلىۋەتتى. مەن مۇڭ ئىچىگە غەرق بولدۇم. كۆزۈمدىن تارام-تارام ياش تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئامېرىكا خەلقىنىڭ قىزغىنلىقى، مېھرىۋانلىقى مېنىڭ تەساۋۇرۇمدىن ئالقىپ كەتتى. بۇ مەنزىرىلەر تۇرمىدە ياتقان ئۆمۈرلۈكۈم

رابىيە قادىرنىڭ چۈشىگە كىرگەنمىدۇ؟ زال ئىچىدە خالىلىۋاتقان ئەرتىسلىرى مەن بىلەن تەڭ يىغلىدى. مېنىڭ ئاۋازىم بوغۇلۇپ كەتتى، مىكرافون ئالدىغا كەلدىمدە : ئاللاھ، ساڭا يار بولسۇن ئامېرىكا!!!ئاللاھ، ساڭا يار بولسۇن، ئۇيغۇر خەلقى! دەپ توۋلىدىم.

رابىيە قادىرغا خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق شەرەپ مۇكاپاتى تارقىتىپ بېرىلدى. تاپشۇرۇپ ئالدىم، كىشىلىك ھوقۇق پائالىيىتىمىز لوس ئانجىلىس شەھرىدە ئاياقلاشتى..... ئاپتۇۋۇز قوز غالدى.....چىراق نۇرى تەبىئەت قاراڭغۇسىغا بۆسۈپ كىرىپ كەتتى......

خەير خوش كالىفونىيە خەلقى!

خەير خوش لوس ئانجىلىس خەلقى!

**ب د ت كىشىلىك ھوقۇق مەھكىمىسىنىڭ ۋالىسى 2**

- مەررۇي روبىنسۇن خانىم

2000-يىلى11 -ئاينىڭ23 -كۈنى

22-كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرى بويىچە يۇقىرى دەرىجىلىك ۋالىسى مەررۇي روبىنسۇن خانىم، ئىككى كۈنلۈك جۇڭگو زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ سابىق باياناتچىسى سۇن يىشىنىڭ ئاغزى ئارقىلىق :باراۋەرلىك ئاساسىدا مەسلىھەتلىشىش ۋە تەرتىپلىك ئىلگىرلەش ئاساسىدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى بىلەن ھەمكارلىشىشنىمۇ ئۆزلۈكسىز ياخشىلايمىز دەپ، بىلدۈردى.

باياناتچى سۇن يىشى: مەررۇي روبىنسۇن خانىم 11-ئاينىڭ 20 كۈندىن 21-كۈنگىچە خىتايىنى زىيارەت قىلدى، ئىلگىرى كېيىن خىتاينىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن، مۇئاۋىن ۋەزىرى چيەن چېچىن، مۇئاۋىن تاشقى ئىشلار ۋەزىرى ۋاڭ گۇۋاڭ قاتارلىق كىشلەر بىلەن كۆرۈشتى.ھەمدە ئىككى تەرەپنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ساھەلىرىدە تېخنىكىلىق ھەمكارلىشىش توغرىسىدا ئەسلەتمىگە ئىمزا قويىدى. روبىنسۇن خانىم خىتايدا ئۆتكۈزۈلگەن،" ئىقتىساد، جەمئىيەت، مەدەنىيەت ھوقۇقى خەلقئارا ئەھدىنامىسى " قاتارلىق ب د ت نىڭ نىزامنامىلىرى، قانۇنلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش يىغىنىغىمۇ قاتناشتى دەپ كۆرسەتتى.

باياناتچى سۇن يىشى : روبىنسۇن خانىم خىتايىنى زىيارەت قىلغان مەزگىلدە، كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى بويىچە خىتاي رەھبەرلىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ ئۆز ئارا چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇردى دەپ، كۆرسەتتى. شۇ قېتىمقى زىيارىتىدە روبىنسۇن خانىم رابىيە قادىرنىڭ سىياسى ۋە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا،جياڭ زېمىنىنىڭ ئالدىغا قويغان تۇرسا، باياناتچى سۇن يىشى ئەپەندى، روبىنسۇن خانىم

رابىيه قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسى مەسىلىسىنى جىياڭ زېمىننىڭ ئالدىغا قويدى، دېمەكچى!!!

**ئالاھىدە بىر كۈن**

2000-يىلى12 -ئاينىڭ15 -كۈنى

نيۇ يورك شەھرىدە خىتاي تىلىدا نەشىر قىلىنىدىغان "دۇنيا گېزىتى"نىڭ 15- دېكابىر سانىغا "كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى بويىچە ئامېرىكا، خىتاي دۆلەتلىرى ئۆز ئارا بىرىبىرىگە تەنبىھ بېرىشتى" ، سەرلەۋىلىك بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلدى.

ئامېرىكا بىلەن خىتاي دۆلەتلىرى بۈگۈن14 -كۈنى " فالۇن گۇڭپىسى "تەشكىلاتىغا ئالاقىدار مەسىلىلەر بويىچە ئۆز ئارا تەنبىھ بېرىشتى. خىتاينىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن "فالۇن گۇڭپىسى" تەشكىلاتىنىڭ ئامېرىكىدا خىتايغا قارشى پائالىيەت قىلىۋاتقانلىقىنى تىلغا ئېلىپ، شۇڭا ئامېرىكا تەرەپنىڭ بۇتەشكىلاتىنىڭ ئا مېرىكىدا خىتايغا قارشى پائالىيەت قىلىشىنى چەكلەشنى تەلەپ قىلدى.

ئامېرىكا تەرەپكە كەلسەك، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى بۈگۈن چۈشتىن كېيىن يىغىن ئېچىپ، بېيجىڭ دائىرلىرىنىڭ "فالۇن گۇڭپىسى " تەشكىلاتى ئەزالىرىنى باستۇرۇپ كىشىلىك ھوقۇققا خىلاپلىق قىلغان قىلمىشىغا جىددى كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن يەنە ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدا كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىلىرى بويىچە سۆھبەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مۇراجىئەت قىلدى.

خىتاينىڭ ۋاشىنگتۇندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ باياناتچىسى جاڭ شاۋيەن ئەپەندى، ئامېرىكا، خىتاي مۇناسىۋەتلىرىنى ئەسلەپ ئۆتۈشكە مۇناسىۋەتلىك چاقىرىلغان مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا سۆز قىلىپ: ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدە "فالۇن گۇڭپىسى" ، تەشكىلاتى جىددى چۈشكۈنلۈشۈپ، خىتايغا ئىزچىل قارشى تۇرىدىغان سىياسى تەشكىلاتقا

ئايلاندى. بەلكى، ئامېرىكا خىتاي مۇناسىۋەتلىرىگە كۈنسايىن تەھدىت پەيدا قىلدى دەپ، كۆرسەتتى.
ئاقسارايىنىڭ باياناتچىسى بۈگۈن ئاقسارايدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا بايانات ئېلان قىلىپ : خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ھۆكۈم ئېلان قىلىنغان" فالۇن گۇمپىسى" تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى تىڭ جۈن يەننى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشى توغرىسىدا نىۋ يورك شەھەر ئاھالىسى نامايىش قىلىپ، چاقىرىق قىلغان بولىسمۇ، تىڭ جۈن يەن تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلمىدى دەپ، كۆرسەتتى.
ئاقسارايىنىڭ باياناتچىسى يەنە: ئامرىكا ھۆكۈمىتى قايتا- قايتا ھەيدەكچىلىك قىلغان بولىسمۇ بېيجىڭ ھۆكۈمىتى" شىنجاڭ" لىق باي سودىگەر ئايال رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشنى رەت قىلىپ كەلدى دەپ، كۆرسەتتى.
ئاقسارايىنىڭ باياناتچىسى ئاخىردا: خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ چىركولارنى نابۇت قىلىشنى توختىتىشى توغرىسىدا ؛" فالۇن گۇمچىسى" تەشكىلاتى ئەزالىرىنى باستۇرۇشنى توختىتىشى توغرىسىدا ؛ شۇنداقلا ئۇيغۇر ئايال سودىگەر رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قۇيۇپ بېرىش توغرىسىدا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى جۇڭگو تەرەپكە داۋاملىق بېسىم ئىشلىتىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.
شۇنداق قىلىپ مېنىڭ خېنىم رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى پىرېزىدېنت كىلىنتون ھۆكۈمىتىنىڭ قولىدىن بۇ بايانات ئارقىلىق يېڭىدىن سايىلىنىپ، پىرېزىدېنت بولۇپ ئاقسارايغا كىرىدىغان جورجى بوش ھۆكۈمىتىنىڭ قولىغا ئۆتتى.مېنىڭ ئەنسىرەشلىرىم، ئامېرىكىدا ھۆكۈمەت ئالماشسا، رابىيە قادىرنىڭ سىياسى پاجىئەسە تاشلىنىپ قالارمۇ دەپ، ئەنسىرەيدىغان ئەنسىرەشلىرىم بىھۇدە بولۇپ چىقتى. بىراق، ئىنسان ئىدىمدە!

**بۈگۈن.........**

2001-يىلى4 -ئاينىڭ10 -كۈنى

ئەنگلىيىدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان، ئەنگلىيە گىرەۋدانى تەكتى ئىرانلىق دوستۇم مەھدەتتىن ماڭا، ئۇكلوخوما شانى شەھىرىدىكى ئۆيۈمگە تېلېفون كەلدى.

دوستۇم مەھدەت :

- مېنى بۈگۈن خىتاي ھوكۇ مىتىنىڭ ئەنگلىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئەلچىخانىغا چاقىرتتى. مەن ئەلچىخانىغا يېتىپ كەلدىم، باش ئەلچى ماڭا :

- رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بەرسەك، چەتئەلگە چىقسا، سىياسى پائالىيەت قىلمايدىغانلىقىغا كاپالەت بېرەلەمسەن؟ - دېدى. مەن:

-كاپالەت بېرىمەن دەپ، جاۋاب بەردىم.

-دوستۇم سىدىق، رابىيە خانىم تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىپ، ئامېرىكىغا سىنىڭ يېنىڭغا بارغاندىن كېيىن ئىككىڭلار بىرلىشىپ سىياسى پائالىيەت قىلمايدىغانلىقىڭلار توغرىسىدا، سەن ماڭا كاپالەت بەرگىن، مەن باش ئەلچىگە كاپالەت بېرىمەن. ئۆز ئالدىمغا ھەم كاپالەت بېرىمەن، دېدى دوستۇم مەھدەت ئەپەندى. مەن دەەرھال جاۋاب قايتۇردۇم :

-كاپالەت بېرىمەن دوستۇم، رابىيە قادىر بۇ دۆلەت قۇدرەتلىك ئامرىكا دۆلىتىگە خىتاينىڭ تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىلىپ يېتىپ كېلىدىغان بولسا، ھەر قانداق ئەھۋالدا سىياسى پائالىيەتكە ئارىلاشمايدۇ. مەن ھەم ئامېرىكىدا سىياسى پائالىيىتىمنى توختىتىمەن، دەپ جاۋاب بەردىم.

دوستۇم مەھدەت مۇشۇ شەرتلەر بويىچە خىتاينىڭ ئەنگلىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بىلەن ـوختام تۈزۈدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. دوستۇم مەھدەتتىن يەنە قانداق خەۋەر كېلىدۇ، شۇ خەۋەرنى ساقلاپ ياتتىم. ھەر قانداق سىياسى پائالىيەتلەرگە ئارىلاشماسلىق توغرىسىدا "ئۆزۈم ئۆزۈمگە ۋەدە بەردىم ."

ختاي ھۆكۇمىتى ئامېرىكا ۋە غەرب دۇنياسىنىڭ بېسىمى ئاستىدا رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا" جىنايەتچى "لەردىن "ۋەدە" ئېلىشقا ئادەتلەنگەن ختاي ھۆكۇمىتى، رابىيە قا دىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىش مەسىلىسىدە كىمدىن" ۋەدە "ئېلىشى كېرەك ؟ ختاينىڭ ھەر قانداق بىر دۆلەتتىكى باش ئەلچىخانىسى نېمىشقا ماڭا بىۋاستە تېلېفون ئۇرمىدى؟ نېمىشقا3 - بىر ئۇيغۇرنى ئوتتۇرىغا سالمىدى؟ ئۇيغۇرنى ئوتتۇرىغا سالغاندا چېنىپ قالىدۇ دەپ، ئەنسىرىگەنمىدۇ؟ بۇ ھېكايىلار پەقەت ختاي ھۆكۇمىتى ۋە ئۇنىڭ لوندۇندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى چۇشەندۇرۇپ بېرىدىغان ھېكايىلاردۇر.

دوستۇم مەھدەت، تەكتى ئىرانلىق كىشى، ئەنگىلىيە ئو كېسفورت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى ئىدى.1994 -يىلى رابىيە قادىر، سىدىقھاجى روزى ئەر -ئايال ئىككىمىز،" ئەنگىلىيە28 -چىلەر گۇرۇھى" نىڭ تەكلىپىگە ماقۇل بولۇپ، لوندۇننى زىيارەت قىلغاندا تونۇشقان ۋە ئۆز ئارا دوست بولۇشۇپ قالغان ئىدۇق. مەھدەت ئەپەندى ئاۋۋال بىزگە لوندۇندا تەرجىمانلىق قىلغان ياقۇپ داموللامنىڭ ئوغلى تۇرسۇن ياقۇپ ئەپەندىنىڭ تونۇشى ۋە دوستى ئىكەن. ئاز-تولا تۈركچە سۆزلەيتى.

مەن" ۋەدەم"دە تۇرالمىدىم. 2001-يىلى 4-ئاينىڭ29 - كۈنى ئامېرىكىلىق قىز، كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىسى كەيسى خانىم، ماڭا تېلېفون بېرىپ ۋا شىنگتونغا كەل، - دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىغا، سەنەتورلارغا رابىيە قادىرنىڭ سىياسى پاجىئە سىنى سۆزلەيمىز، دېگەندە ماقۇل دېدىم. "ۋەدەم"دە تۇرالمىدىم. يەنى دوستۇم مەھدەت ئارقىلىق ختاينىڭ ئەنگىلىيىدە تۇرۇشلۇق با ش ئەلچىسىگە بەرگەن" ۋەدەم"دە تۇرالمىدىم. چۈنكى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ سىياسى دەۋاسىنى قىلىدىغان كىشىنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ دەرۋازىسىغا ئېلىپ بارىدىغان سىياسى پائالىيەتنىڭ يولى ئالدىمدا سوزۇلۇپ ياتاتتى. مەن بۇ يولغا چىقتىم. مەن داغدام يولغا چىقتىم. رابىيە خېنىم سېنى ئاللاھ، قا

تاپشۇردۇم.

**ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ.......**

2001-يىلى5 -ئاينىڭ3 -كۈنى

ئوكلوخومانىڭ شانى شەھىرىدە ئاپتۇۋۇزغا ئولتۇرۇپ5 -ئاينىڭ2 -كۈنى ۋاشىنگتۇنغا يىتىپ كەلدىم. ئامېرىكىلىق قىز، كەيسى خانىم، ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەيدىغان ماينۇر يۇسۇپ قاتارلىقلار قاتناش بېكىتىگە ئالدىمغا چىقىپ كۈتۈپ ئالدى. مەنمۇ ئۆزەممۇ ئالدىراڭغۇ بىر ئادەم. يېنىمدىن بىر چەكنى چىقىرىپ، 500 دوللار يېزىلغان بىر چەكنى چىقىرىپ، كەيسى خانىمغا ئۇزاتتىم. ئۇ مېنىڭ ئالدىمغا چىقىش ئۈچۈن ياكى ئاپتۇۋۇزغا ئولتۇرۇپ ياكى تاكسىغا ئولتۇرۇپ كېلىدۇ، -دە. كەيسى خانىم چەكنى قولىغا ئېلىپ تۇرىۋىدى، ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەيدىغان ماينۇر يۇسۇپ يۈگۈرۈپ كەيسى خانىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قولىدىن چەكنى ئېلىپ ئالدى - كەينىگە قاراپ كەتتى. بىر قارىغاندا تولۇمۇ مەدەنىيەتسىزلىك قىلدى، بىر قارىغاندا ئۇ شۇنداق قىلىشى كېرەك ئىدى. مېنىڭ قانچە پۇللۇق چەك يېزىپ كەلگەنلىكىمنى بىلىۋېلىشى كېرەك ئىدى. بۇ ئىشلارغا ھەيران بولمۇدۇم لېكىن گۇمانلاندىم. بىراق، دەرھال بىر پىكىرگە كېلەلمىدىم.ماينۇر يۇسۇپ خانىم مېنى كىچىك ئوغلى بىلەن بىللە ماشىنىسىنى ھەيدەپ ۋىرجىنىيە شىتاتىدىكى ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. ماينۇر يۇسۇپ خانىمنىڭ دادىسى يۇسۇپ ھاجىم ۋە ماينۇر يۇسۇپنىڭ ئانىسى بىللە توغقان يوقلاش ئۈچۈن ۋەتىنىمىزدىن ئاتۇشتىن ئامېرىكىغا ۋاشىنگتۇنغا كەلگەن ئىكەن. سالاملاشتۇق، ھال -ئەھۋال سوراشتۇق. ماينۇر يۇسۇپ خانىمنىڭ ئۆيىدىن ئۇزاپ چىقىپ، ۋاشىنگتۇن شەھىرى نىيۇ يورك كوچىسىدىكى ئافرىكىلىق ئاچقان8 - نومۇرلۇق مۆتەلگە كېلىپ ياتاققا ئورۇنلاشتىم.

ئەتىسىدىن باشلاپ كەيسى خانىمنىڭ يېتەكلىشى بويىچە ۋاشىنگتۇندىكى تۆت چوڭ بىنا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ راي بورىن بىناسى، روسسېل بىناسى، كەننون بىناسى قاتارلىق دۆلەت مەجلىسى

ئەزالىرىنىڭ ئىشخانە بىنالىرى ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىنىڭ ۋە سەنەتورلارنىڭ ئىشخانىلىرىغا كىرىپ، كاتىپلار، ئىشخانە خىزمەتچىلىرى بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەردىنى، ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە قادىرنىڭ سىياسى پاجىئەسىنى سۆزلەپ بەردىم. بىر قولۇمدا رابىيە قادىرنىڭ تۈرمە ھاياتىغا، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەردىگە ئائىت ماتېرىياللارنى كاتىپلارغا تاپشۇرغان بولسام، بىر قولۇمدا ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسى مۇستەقىللىق تەلەپلىرىگە ئائىت ماتېرىياللارنى ئىشخانىلارغا مەسئۇل كاتىپلارغا تاپشۇردۇم.

ھەر كۈنى ئەتىگەندە سائەت 6:00 دە ئورنۇمدىن تۇرىمەن. ياتاقـتا قايناق سۇ بىلەن ناشتىلىق قىلىمەن، كەچتە قايتىپ كېلىدىغان چاغدا يولدا ئىككى نان سېتىپ ئالىمەن. نىيۇ يورك ئەۋنىيۇ كوچىسىدىكى مېھمانخانىدىن يولغا چىقىپ، پىيادە ئارقا كوچىلاردا توپ -توغرا ئىككى سائەت يول مېڭىپ، باشتا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن تۆت بىنانىڭ ئىچىدىكى بىر بىنانىڭ ئالدىغا كېلىمەن، كەيسى خانىم قايسى بىنانىڭ ئالدىدا ساقلاپ تۇر دېسە، شۇ بىنانىڭ ئالدىدا ساقلاپ تۇرىمەن. تاكسىغا ئولتۇراي دېسەم، ھەركۈنى بېرىپ كېلىشكە 80 دوللارغا تاكسىغا ئولتۇرۇش بۇ،مەن قىلالمايدىغان ئىش ئىدى.

تۆت بىنا ئارىلىقىدا، كەيسى خانىم بىلەن بىللە، بەزىدە ئابلىمىت تېلەك تەرجىمە قىلىپ بەرسە، بەزىدە پەيزىئاۋاتلىق مەمەتجان تەرجىمە قىلىپ بەردى، بەزى تەرجىمان يوق، كەيسى خانىم،"كەچۈرۈم "تەشكىلاتى تەييارلىغان ماتېرىياللار ۋە" كۈزۈتۈش "تەشكىلاتى تەييارلىغان ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ، ئۇيغۇرنىڭ ۋە رابىيە قادىرنىڭ سىياسى دەردىنى دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىغا چۈشەندۈرۈپ، پائالىيەت قىلدۇق، توپ-توغرا 27 كۈن پائالىيەت قىلدۇق. بەزىدە مايىنۇر يۈسۈپ ئائىلىسى بويىچە كېلىپ بىز بىلەن ھەرىكەتكە قاتنىشىپ پائالىيىتىمىزگە ھەمرا بولدى.

جەمئى 90 نەپەر دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىنىڭ، سەنەتورلارنىڭ

ئشخانسغا كردىم، كاتىپلار بىلەن كۆرۈشتۇم.

دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى مېنى، ئۇيغۇرغا مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىدىكەن، خەتەرلىك ئادەم ئىكەن دېگەنمىدۇ، كالۋا ئاخماق ئادەم ئىكەن دېگەنمىدۇ ياكى ئۇيغۇرنىڭ مۇستەقىللىقىنى بىز بەرمەيمىز، مىللەتىڭنىڭ كۈچى بولسا مۇستەقىللىقنى ختايدىن ئالسەن دېگەنمىدۇ ياكى بىز سېنىڭ دەردىڭنى ئاڭلايمىز، سەن بىزدىن پايدىلان دېگەنمىدۇ..... بىلمىدىم.... بىلگۈچى ئاللاھ، چېچنىيىلىك شۇنداق دەۋا قىلغان ئىكەن، تىبەت دالاي لاما شۇنداق دەۋا قىلغان ئىكەن ئەلۋەتتە مەنمۇ شۇنداق دەۋا قىلدىم....

**مەن.......**

2001-يىلى5 -ئاينىڭ8 -كۈنى

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ بىناسى ئالدىغا ۋاشىنگتۇن ۋاختى 1:30 دا يېتىپ كەلدىم. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇكىمىز رىشات ئابباس نىۋ يورك شەھرىدە پويىزغا ئولتۇرۇپ ۋاقتىدا ئۇلگۇرۇپ شۇ يەرگە بىنانىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. بىزگە ئەگىشىپ يۇرگەن كىشىلەرنى ئۇ كۈنى ئۇستۇلۇق بىلەن ئازدۇرۇپ قويدۇق. رەسمىيەت ئۆتكەندىن كېيىن لېفىت بىلەن4 - قەۋەتكە كۆتۈرۈلدۇق.

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پاۋىلىنىڭ ئاسىيا، شەرقى جەنۇبى ئاسىيا ئىشلىرى بويىچە مۇئاۋىنى ياكى مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى مايىك فا مېيلى ئەپەندى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ قارمىقىدىكى كىشىلىك هوقۇق كومىتېتىنىڭ رەئىسى سۆزىن خانىم يەنە باشقا3 نەپەر كىشى جەمئى 5 نەپەر كىشى ئىككىمىزنى كۈتۈپ ئالدى.ئۇيغۇرلار توغرىسىدا سورالغان سوئاللارغا بىرمۇ بىر جاۋاب بەردىم. رابىيە قادىرنىڭ تۇرمە هاياتىغا ئالاقىدار تەييارلانغان ماتېرىيالالارنى ئۆز قولۇم بىلەن سۆزىن خانىمغا تاپشۇردۇم. پىلانلىق

توغۇت، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنى پىلانلىق ئۆلتۈرۈشكە ئالاقدار ماتېرىياللارنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق تەلەپلىرى توغرىسىدا ئۆزۈم تەييارلىغان خەت ۋە ھۆججەتلەرنى ( بۇ ماتېرىياللار قېنى دەپ، سوئال قويساڭلار مېنىڭ نەشر قىلىنغان 6 توم كىتابىمنى ئوقۇساڭلار شۇ كىتابلارنىڭ ئىچىدىن چىقىدۇ )مايىك فامپىلى ئەپەندىمنىڭ قولىغا تاپشۇردۇم. ئاخىردا ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە قادىرنى، ئوغلۇم ئابىلىكىم ئابدۇرېھىمنى خىتاينىڭ تۈرمىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ بېرىڭلار، ئامېرىكا خەلقى !دېدىم. يېرىم سائەت ئورۇنلاشتۇرۇلغان كۆرۈشۈش بىر سائەت داۋام قىلدى.

### سەنەتور ۋېلستۇن

2001-يىلى5 -ئاينىڭ9 -كۈنى

ۋاشىنگتۇن ۋاقتى چۈشتىن كېيىن3:00 دە سەنەتور ۋېلستۇن ئەپەندىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدۇق. ئامېرىكىلىق قىز، كەيسى خانىم شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى. ئىشخانىغا ئىككىمىز بىللە كىردۇق. ئىشىكتىن كىرىپلا بايقىدۇقكى، ئەنۋەر يۇسۇپ بىلەن ماينۇر يۇسۇپنىڭ دادىسى يۇسۇپ ھاجىم، ئۇلارنىڭ ئانىسى ھەتتا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بالا -چاقلىرى مەكتەپنى تاشلاپ بىزدىن بۇرۇن ئىشخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ بولغان ئىكەن. بۇ نېمە ئىش ؟ ئۇلارغا ھېچكىم بۇنداق ئۇختۇرۇش قىلمىغان ئىدىغۇ؟ بۇ ئىشخانا سەنەتور ۋېلستۇننىڭ كاتىپىنىڭ ئىشخانىسى ئىدى. كەيسى خانىم ئىككىمىز ئىشخانىغا كىرىپ كەلدۇق. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرى توغرىسىدا، قولغا ئېلىنغان رابىيە قادىرنىڭ تۈرمە ھاياتى توغرىسىدا ئاۋۋال كەيسى خانىم كاتىپقا دوكلات قىلدى، كاتىپ چىرايلىق بىر قىز ئىكەن، كۆزلىرى كۈلۈپلا تۇراتتى، ھەرىكىتى بەك چاققان ئىدى. ھەرىكىتىدىن بۇ قىزنىڭ كەمتەرلىكى چىقىپ تۇراتتى.ئاندىن مەن سۆز ئېلىپ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دەردىنى رابىيە قادىرنىڭ سىياسى پاجىئەسىنى سۆزلىدىم. كاتىپ قىز ماڭا تىكىلىپ قاراپ

تۇرۇپ ئاڭلىدى. ئەنۋەر يۇسۇپ تۇرانى تەرجىمە قىلىپ بەردى. ئايال كاتىپ:

-بىلىمىز. رابىيە قادىر توغرۇلۇق تولۇق ماتېرىياللارغا ئېرىشتۇق. رەتلەپ چىقىپ سەنەتور ۋېلستۇنغا تاپشۇردۇم. رابىيە قادىر توغرىسىدا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ماقۇللىغان قانۇن لاھىيىسى سەنەتور ۋېلستۇن تەييارلاپ ئوتتۇرىغا قويغان قانۇن لاھىيە ئىدى.( رابىيە قادىر توغرىسىدا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە2000 -يىلى5 -ئايدا،7 -ئايدا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئاۋام پالاتاسى، كېڭەش پالاتاسىدا ماقۇللانغان قانۇن لاھىيە دەل سەنەتور ۋېلستۇن ئوتتۇرىغا قويغان قانۇن لاھىيە ئىدى.)

ئايال كاتىپ بىلەن بىر سائەت پاراڭلاشقاندىن كېيىن سەنەتور ۋېلستۇن ئىچكەركى ئىشخانىدىن چىقىپ، مېنىڭ قولۇمدىن يېتىلەپ ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىرىپ، بىللە سۈرەتكە چۈشتۇق. ئوتتۇرا بويلۇق دىقماقىنە كەلگەن بۇ ئادەم شۇ ۋاقىتتا 50 ياشلار ئۆپچۆرىسىدە كۆرۈنەتتى.ئىنگىلىزنىڭ ئۇچىغا دېگۈدەك كىچىك ساقال قويۇۋالغان ئىدى. كاتىپ قىز ھەممىمىزنى سۈرەتكە تارتتى . سۈرەتكە بىللە چۈشكەنلەر، ئابلىمىت تېلەك، كەيسى خانىم، ماينۇر يۇسۇپ ۋە ئۇنىڭ ئاتا -ئانىسى، ئەنۋەر يۇسۇپ ۋە ماينۇر يۇسۇپنىڭ باللىرى ئىدى. ماينۇر يۇسۇپنىڭ ئېرى ئازات مامامۇتمۇ شۇ قاتاردا بار ئىدى. سۈرەتكە چۈشۈش ۋە سەنەتور ۋېلستۇن بىلەن كۆرۈشۈش جەريانىنى، ماينۇر يۇسۇپ باشتىن - ئاخىر كامېراغا ئالدى. ئۆزى قاتارغا تۇرۇپ سۈرەتكە چۈشكەندە باشقىلارنىڭ قولى ئارقىلىق كامېراغا ئالدى......

**ئۈرۈمچىدىن تېلېفون كەلدى**

2001 -يىلى5 -ئاينىڭ10 -كۈنى

ئۈرۈمچىدىن تېلېفون كەلدى..... ياتاقتا تېلېفون قۇبۇل قىلدىم. 10- چىسلا ئۈرۈمچى ۋاختى كەچ سائەت 10يېرىمدا خىتاي ھۆكۈمىتى 400 نەپەر ئەتراپىدا قوراللىق ساقچى تەشكىللەپ، ئۈرۈمچى شەھرىنىڭ بۇلاق بېشى كوچىسىغا جايلاشقان رابىيە قادىر سودا سارىيىغا، سودا -تىجارەت قىلىۋاتقان تۆت نەپەر بالىمىزغا ھۇجۇم قىلدى. رابىيە قادىر سودا سارىيىنىڭ ئالدىغا يول بويىغا قويۇلغان بوتكىلار، دۇكانلارنى ئۈرۈپ چاقتى، كەچلىك بازارنى ۋەيران قىلدى. كىران ھەيدەپ كىرىپ 76 دانە بوتكا دۇكاننى سۆكۈپ، 100دانە يۈك ماشىنىسىغا قاچىلاپ ئېلىپ كەتتى. رابىيە قادىر سودا سارىيىنىڭ ئىشىك -دېرىزىلىرىنى ئۈرۈپ چاقتى. ئۇيغۇر تىجارەتچىلەرنى ئۈرۈپ يىقىتتى، ئاچام ھەجەر قادىرنى ئۈرۈپ ئۇنىڭ قولىنى سۇندۇرۇۋەتتى.تەخمىنەن300 مىڭ دوللار ھېسابىدا ئىقتىسادى زىيان سالدى. ئوغلىمىز ئالىم ئابدۇرېھىمنى يۈك ماشىنىسىنىڭ كوزۇپىغا ئېلىپ چىقىپ، يۈكۈندۈرۈپ ئولتۇرغۇزۇپ، خىتاي ساقچىلار ماشىنىغا چىقىپ ئويان ئۆتۈپ بىر كاچات سالدى، بۇيان ئۆتۈپ بىر كاچات سالدى. ئاھ، خورلۇق ! خىتاينىڭ مىللەتكە، ئۇيغۇر مىللىتىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش خورلۇقى! ئىنسانى خورلۇق !شۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر تاماشىبىنلار تاماشا كۆرۈپ قاراپ تۇردى. بۇ تاماشىبىنلار مىللەتنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ خورلۇنۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلمىدى، ھېس قىلالمىدى.

بۇ ۋەقە قانداق يۈز بەردى ؟ مەن9 -چىسلا ۋاشىنگتۇن ۋاختى چۈشتىن كېيىن سائەت3:00 دە، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ سەنەتورى ۋېلىستۇن بىلەن كۆرۈشۈپ بىللە سۈرەتكە چۈشكەندىن كېيىن يۇقىرىقى ۋەقە 24 سائەت ئىچىدە يۈز بەردى. سەنەتور ۋېلىستۇننىڭ ئىشخانىسىغا كىرگەنلىكىمنى، سەنەتور بىلەن كۆرۈشكەنلىكىمنى، بىللە سۈرەتكە چۈشكەنلىكىمنى خىتاينىڭ مەخپى ئىشلار ئىدارىسىغا كىم يەتكۈزۈپ قويدى؟!شۇنچە تىز، ھە؟ !مەن، مۇشۇ تاپتا، مېنىڭ ئامېرىكىدا

ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا دەۋا قىلغانلىرىمنى، قىلغان ئىشلىرىمنى، ماڭغان يوللىرىمنى، ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەجلىسىگە كىرىپ، كىشىلىك ھوقۇق بويىچە خىتاينىڭ شۇ كۈنلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلغانلىرىنى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىگە دوكلات قىلغان ئىشلىرىمنى خىتاينىڭ مەخپى ئىشلار ئىدارىسىغا چېقىپ قويغان كىشىنى شۇ تاپتا خائىن دېسەم قوشۇلامسىلەر ئۇيغۇر ئادەملەر ؟ مەن ئامېرىكىدا ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن سىياسى پائالىيەت قىلدىم، خائىن خىتاينىڭ بىخەتەرلىك ئورگانلىرىغا چېقىپ قويدى، خىتاي ئۈچ ئالماقچى بولدى، ئۈرۈمچىدە رابىيە قادىر سودا -سارىيىنىڭ ئالدىدىكى دۇكانلارنى ئۆرۈپ چاقتى، باللىرىمىزنى ئۆرۈپ خورلىدى، ساقچىلار قايرىپ، ھەجەر قادىر ئاچىمىزنىڭ قولىنى سۇندۇرۇۋەتتى. ۋەتەنپەرۋەرلىككە، ۋەتەنپەرۋەرلەرگە بېرىلگەن جاۋاب مانا مۇشۇنداق بولدۇ........بىر بەندىنىڭ ئىچ ئاغرىتىشىغىمۇ ھاجىتىم يوق. بىر بەندىنىڭ ياردەم قىلىشىغىمۇ ھاجىتىم يوق. ھەممىنى خۇدا كۆرۈپ تۇرسۇن!

## گۇۋالىق ئېلىش ۋە گۇۋالىق بېرىش يىغىنى

2001-يىلى5 -ئاينىڭ15 -كۈنى

مەن ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنىڭ تەكلىپ قىلىشى بويىچە، راي بورىن بىناسىغا بېرىپ، ئىككىنچى قەۋەتكە كۆتۈرۈلۈپ، 202-نومۇرلۇق زالغا كىردىم.ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى ۋە ئايالىم رابىيە قادىرنىڭ سىياسى ھاياتى توغرىسىدا گۇۋالىق بېرىش ۋە گۇۋالىق ئېلىش يىغىنى ئېچىلدى. مەن شۇ يىغىنغا قاتناشتىم. بۈگۈن بۇ يىغىنغا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىدىن تام لەنتوس ئەپەندى، فرانكىلىن ۋولف ئەپەندى، دەننا رورا باكېر ئەپەندى قاتارلىق نوپۇزلۇق ئەربابلار قاتناشتى. بۇرۇنلاردا ئېچىلغان بۇنداق يىغىنلارغا ئادەتتە دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىنىڭ كاتىپلىرىلا قاتنىشاتتى. بۇ قېتىم يۇقىرىقى رەھبەرلەرنىڭ بۇ يىغىنغا قاتناشقانلىقى گۇۋالىق بېرىش ۋە

گۇۋالىق ئېلىش يىغىنىنىڭ شۇ دەقىقىدە ئەھمىيىتىنىڭ گەۋدىلەندۈرۈلىدىغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

ئۇلاردىن باشقا، گۇۋالىق بېرىش ۋە گۇۋالىق ئېلىش يىغىنىغا يەنە ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى مايىك فامپىلى ئەپەندى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ قارمىقىدىكى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ رەئىسى سۆزېن خانىملارمۇ قاتناشتى.قارىغاندا بۇگۇنكى ئىش ئۇنداق ئاددى ئەمەستەك كۆرۈنەتتى.

دۆلەت مەجلىسى ئەزاسى، ئاۋام پالاتاسى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر كومىتېتىنىڭ رەھبىرى تام لەنتوس ئەپەندى، گۇۋالىق بېرىش يىغىنىدا خىتاي دەپسەندە قىلىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى توغرىسىدا توختۇلۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى( ئادەتتە ياردەمچى دۆلەت ئىشلار كاتىپىمۇ دېيىلىدىكەن) مايىك فامپىلى ئەپەندى سۆز ئېلىپ: خىتاي دەپسەندە قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى توغرىسىدا، رابىيە قادىرنىڭ تۇرمە ھاياتى توغرىسىدا توختۇلۇپ ئۆتتى:

بۇ مىللەت ئۇيغۇرلار،20 -ئەسىرنىڭ30 -40 - يىللىرىدا ئىككى قېتىم دۆلەت -جۇمھۇرىيەت قۇرغان مىللەت ئىدى"، دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى مايىك فامپىلى ئەپەندى.

گۇۋالىق بېرىش ۋە گۇۋالىق ئېلىش يىغىنىغا يەنە "كۇزەتكۇچى " خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ۋاشىنگتۇن شۆبىسىنىڭ رەھبىرى مايىك ئەپەندىم قاتناشتى. يىغىندىن كېيىن مەن، رەھبەرلەر بىلەن قىزغىن كۆرۈشتۇم، رەھبەرلەرمۇ مەن بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ ئەھۋالىمنى سوراشتى.

مايىنۇر يۇسۇپ بۇ يىغىنغا ئائىلىسى بىلەن بىللە كېلىپ باشتىن- ئاخىر ئاكتىپ قاتناشتى. مايىنۇر يۇسۇپ" خانىم"نىڭ ئوغلى قۇربانجان ئازاد، گۇۋالىق بېرىش ۋە گۇۋالىق ئېلىش يىغىنىنىڭ پۈتۈن جەريانىنى كامېراغا ئالدى. مەن كامېراغا ئېلىپ بېرىلىك دېمىگەنتىم. ياكى باشقىلار مايىنۇر

يۇسۇپكە شۇنداق ۋەزىپە تاپشۇرمىغان ئىدى. مايىنۇر يۇسۇپ نېمىشقا بۇ يىغىننى كامېراغا ئالماقچى بولدى؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ خانىمنىڭ ئوغلى بىر كۈنلۈك مەكتەپنى تاشلىۋېتىپ، يىغىنغا قاتنىشىپ، پۈتۈن يىغىن جەريانىنى كامېراغا ئالدى..........خۇدا سەن يېنىمدىمۇ.......؟ مەن يالغۇز قالدىم خۇدا.

مېنىڭ تەييارلىغان ماتېرىيالىمنى ۋە ئۆمۈرلۈ كۆم رابىيە قادىرنىڭ تۈرمە هاياتىغا مۇناسىۋەتلىك تەييارلىغان ماتېرىياللىرىنى رەتلەپ توغرىلاپ، ئەنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، ئۇكىمىز ئالىم سېيتوپ ئەپەندى، بۇ يىغىنغا دوكلات بەردى. دۆلەت مەجلىسىنىڭ نۇپۇزلۇق ئەربابى تام لەنتوس ئىشخانىسىنىڭ ئىشخانە باشلىقى خانىس ئەپەندى يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. بۇ يىگىت ياپ-ياشلا بالا هەر دائىم ئۇچراتسام كۈلۈلۈپلا تۇراتتى. بۈگۈنمۇ كاستۇم بۇرۇلكىنى قاتۇرۇپ كىيىپ قېتىپ ئالغان ئىدى.

### شۇ كۈنى.....

2001-يىلى6 -ئاينىڭ23 -كۈنى

ئوكلوخوما شتاتىنىڭ شانى شەھرىدىن ۋاشىنگتونغا 7-قېتىم سەپەر قىلدىم. مەن تېخى تۈنۈگۈن دېگۈدەك، 5-ئاينىڭ29 -كۈنى ئوكلوخوما شتاتىنىڭ شانى شەھرىگە ئۆيۈمگە قايتىپ كەلگەن ئىدىم. بۈگۈن6 - ئاينىڭ23 -كۈنى يەنە يولغا چىقتىم. بۇ قېتىم قىزىم ئەقىدەمنى، كىچىك قىزىم قەقنۇسنى يېنىمغا ئېلىپ ئۇلار بىلەن بىللە يولغا چىقتىم.

ۋاشىنگتون شەھرىنىڭ نىۋ يورك كوچىسىدىكى هېلىقى مېهمانخانىغا مەن هەر قېتىم كەلسەم چۈشۈپ ئۆتىدىغان هېلىقى مېهمانخانىغا مېهمان بولۇپ چۈشتۇق. بىر كۈنلۈك ياتاق هەققى 70دوللار ئىدى.5 -ئايدا كەلگەن چېغىمدا ئۆزۈم يالغۇز ئىدىم. ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرۇپ ياتاقتىن چىقاتتىم، مېنىرال سۇ تۇگىگەندە ياتاقنىڭ ترۇبىسىدىن سۇ قاچىلاپ ئېلىپ، بىر نان بىر بوتولكا سۇنى سومكامغا سېلىپ بوينۇمغا ئاساتتىم. تاكسىغا

ئولتۇرسام مېھمانخانىدىن ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى بىنالىرىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ قويۇشقا 40 دوللار ئالاتتى. كېلىپ كېتىشكە كۈندە 80 دوللار خەجلەش ماڭا ئېغىر كېلەتتى. شۇڭا ئەتىگەن سائەت6:00 دە ياتاقتىن چىقىپ، پىيادە يول مېڭىپ 8:00دە دۆلەت مەجلىسى بىنالىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ بولاتتىم. 9:00غىچە ياكى سائەت10:00 غىچە تاماكا چېكىپ ئايلىنىپ يۈرەتتىم، كەيسى خانىم يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن ئىشخانىلارغا يۈرۈش قىلاتتۇق.

بۇ قېتىم ئىككى قىزىمنى يېتىلەپ پىيادە يول يۈرۈپ، دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئەزالىرى تۇرۇشلۇق بىنانىڭ ئالدىغا كەلدىم. كەيسى خانىم بىلەن بىللە ئىشخانىلارغا كىردۇق. كەيسى خانىم بۈگۈنمۇ ھەر كۈندىكىدەك چىرايلىق كىيىنىپ ئالغان ئىدى. چوڭ كۆزلىرى بىلەن مېنىڭ قىزلىرىمغا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ ئىككىلىسىنىڭ بېشىنى سىلاپ قويدى. كەچتە قايتارىمىزدا باللىرىم ئىككى سائەتلىك يولنى پىيادە مېڭىپ بولالمىدى. قىينىلىپ كەتتى. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئوكلوخوما شىتاتىغا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم. دەۋانى يېرىم يولدا توختىتىشقا، ئۈمۈرلۈكۈم رابىيا قادىر دەۋاسىنىمۇ يېرىم يولدا توختىتىشقا مەجبۇر بولدۇم. دۆلەت مەجلىسى بىنالىرىغا يېقىن يەردىن، شەھەر ئىچىدىن ياتاق ئېلىپ يېتىش بۇ مەن ئۈچۈن مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئىقتىسادى كۈچۈم يەتمەيتى. بۇ قېتىم يەنە كەيسى خانىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە 20 نەپەر دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىم. ئىشخانە مۇدىرلىرى ۋە ئىشخانە ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشتۈم. رابىيە قادىرنىڭ سىياسى پا جىئەسى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەردىنى سۆزلەپ ئۆتتۈم. ئۆكىمىز مەمەتجان ئىشلەۋاتقان ئىشنى، ئوقۇۋاتقان ئوقۇشنى تاشلاپ ياكى رۇخسەت ئېلىپ مەن ۋە كەيسى خانىم بىلەن ئىشخانىلارنى بىرلىكتە ئارىلاپ يۈرۈپ سۆزلىگەن سۆزلىرىمنى تەرجىمە قىلىپ بەردى. ئاۋال كەلگەندە دېگۈدەك بىر ئاي ئايلاندىم، بۇ قېتىم ئىككى بالامنى ئېلىپ كېلىپ بىر ھەپتە ئايلاندىم. ئىككى قېتىمدا 100نەپەردىن ئارتۇق

دۆلەت مەجلسى ئەزالرىنىڭ ئىشخانىسغا كىردىم، دەردىمنى ئېيتتىم، ئۇلارنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئاڭلىدىم.

بىر قېتىم مەلۇم بىر ئىشخانىغا كىرگەندە،ئىككى كىشى ئولتۇرغان ئىكەن. بىز بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن ئىچكىرىدىكى ئىشخانىغا كىرىپ كېتىپ بېشىغا بىر دوپپا كىيىپ چىقتى. بۇ دوپپا بىزنىڭ يەكەنلىكلەر كۆپ كىيىدىغان ئىگىز قاسقانلىق بادام دوپپا ئىدى. يېنىمغا كېلىپ دوپپىمىز ئوخشامدىكەن، دېدى.

-ئوخشايدىكەن.

-مەن يېقىندا تاجىكىستانغا بارغان ئىدىم، تىك ئۇچار ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ، سىلەرنىڭ ۋەتەنگە يېقىن چېگرالارغىمۇ باردۇق. دوپپىنى شۇ يەردە ئالغان ئىدىم.....دېگەندە يۈرۈكۈم گۈپپىدە قىلىپ قالدى. دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئەزالىرى تاجىكىستانغا ۋە تاجىكىستاننىڭ بىزنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرالىرىغا يېقىن جايلىرىغا نېمىشقا بارغاندۇ؟

ئوكلوخوما شىتاتىغا شانى شەھرىدىكى ئۆيۈمگە قايتىپ كېلىپ، 15كۈن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدىم. بىر نېمە بولۇپ قالارمەنمۇ..... باللىرىم كىچىك ئىدى نەلەردە مۇساپىر بولۇپ قالار....، ئاھ، خۇدا ئۆز پاناھىڭدا ساقلا!ئوڭ پۇتۇمنىڭ ئالقىنى، دۈمبىسى ئىشىپ كەتتى، ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى.مەن ساقىيىشىم كېرەك ئىدى، ئورنۇمدىن تۇرۇشۇم كېرەك ئىدى.... بۇ ئەلۋەتتە ياش چوڭايغانسېرى يېتىپ كېلىدىغان كېسەللىك ئالامىتى ئىدى. ئاغرىپ قالسام رابىيە خېنىم سىنىڭ يولۇڭنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسگە كىم ماڭىدۇ، سېنى خىتاينىڭ تۈرمىسىدىن كىم قۇتقۇزار؟! چەكسىز سوئاللار.... ۋە بۇ سوئاللارغا تەييار چەكسىز جاۋابلار.... لېكىن بەزى ئۇيغۇرلار مۇنداق سوئال قويۇشنىمۇ بىلمەيدۇ. قويۇشنى بىلگەندىمۇ سوئاللارغا جاۋاب تېپىشنىمۇ بىلمەيدۇ. چۈنكى بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كۈن كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق كۈن كەلمىگەن. شۇڭا ئۇلار بۇنداق سوئال قويالمايدۇ، شۇنداق سوئاللارغا شۇنداق جاۋابمۇ تاپالمايدۇ. ئۇلار ئۈچۈن ھەممە نەرسە بەرى بىر. ئۇلار

ئۇچۇن ھەممە ئادەم ئوخشاش، ئۇلار ئۇچۇن سەللىسى بار ئادەمنىڭ ھەممىسى، ناماز ئوقۇغان ئادەمنىڭ ھەممىسى ياخشى ئادەم...... خىتاينىڭ مىڭگە يۇيۇش تەشۋىقاتى ئارقىلىق روھى ئېزىلىپ كەتكەن بۇ ئۇيغۇرلار، مۇھەببەت بىلەن نەپرەتنىڭ، ھەق بىلەن ناھەقنىڭ پەرقىنى ئايرىيالمايدۇ. خائىن بىلەن ممللەت مۇناپىقلىرىنىڭ، بۇلار بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ پەرقىنى ئاجرىتالمايدۇ. ئۇلارغا ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش.

مەن، ۋاشىنگتۇندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئارىلىقتا سەنەتور ۋىلستۇن تېلېۋىزىيىدە نۇتۇق سۆزلەپ مېنىڭ ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە قادىرنىڭ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرى توغرىسىدا ئۈچ مىنۇت توختالدى. بۇ ئىش ئامېرىكىدا " سىياسى پاناھلىق "تىلىگەن ئۇيغۇرلار ئۇچۇن ھېچ گەپ ئەمەس، ئەمما مەن ئۇچۇن، ھازىرغىچە بىر يەردە سىياسىغا مۇناسىۋەتلىك ئىسمى چىقمىغان ئۇيغۇر ئۇچۇن، رابىيە خېنىم ئۇچۇن، بىزنىڭ باللىرىمىز ئۇچۇن ئۇلۇغ ئىش، بۇيۇك بىر ئىش ئىدى، ئەلۋەتتە. كۆڭلۈم جايىغا چۈشكەندەك بولدى. بىر نەچچە كۈن ئارام ئالدىم. بىر تەرەپتىن كېسىلىمگە شىپالىق ئىزدىدىم...

**تەيۋەن بوغىزىدا**

2001-يىلى7 -ئاينىڭ12 -كۈنى

خىتاي بىلەن تەيۋەن ئوتتۇرىسىدا يەنە" كەلگۈسى بىر جۇڭگو"، توغرىسىدا تالاش تارتىش باشلىنىپ كەتتى. تەيۋەننىڭ گومىنداڭ پارتىيىسى يېقىندا "دۆلەتلەر ئىتتىپاقى" تەشەببۇسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئىككى تەرەپنى بېرلىككە كەلتۈرۈش ئۇچۇن ئىزدىنىدىغان بىر خىل ئەندىزە دەپ، كۆرسەتتى. خىتاي مۇتەخەسسلىرى ئۆزۈن ماقالىلارنى يېزىپ قارشى تۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەشتى. قارىغاندا بېيجىڭ تەرەپ "فېدېراتسىيە"، "دۆلەتلەر ئىتتىپاقى"، قاتارلىق سىياسى ئۇقۇملارغا قوشۇلماي يەنىلا" بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم"، دۆلەت شەكلىنى تەكىتلەيدىغان ئوخشايدۇ.

بېيجىڭ نېمىشقا بۇنداق قاتتىق مەيداندا چىڭ تۇرۇۋېلىپ، بوشاشمايدۇ، چۈشەندۈرۈشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى شۇكى،دۆلەتنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشىدىن قورقىدۇ. ختتا يىنىڭ بۇ بىر ئەۋلات رەھبەرلىرى، تېخنىكا بيروكراتلىرى بولۇپ، ئىنقىلاپچىمۇ ئەمەس، نەزەرىيىچىمۇ ئەمەس ئىدى. ھەر قانداق مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە ياكى ماۋنىڭ نەرسىلىرىگە تەدبىق قىلاتتى ياكى دىڭنىڭ نەرسىلىرىگە تەدبىق قىلاتتى.

" دۆلەتلەر ئىتىپاقى"،" فېدېراتسىيە" سىياسى تەدبىرلىرىنى ئىنكار قىلغان ماۋزېدۇڭ، ئەينى چاغدا 28ئۆلكىنىڭ مۇستەقىل دۆلەت بولۇشىنىمۇ تەشەببۇس قىلغان بولۇپمۇ خونەن ئۆلكىسىنىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى ئاكتىپ تەشەببۇس قىلغان ماۋزېدۇڭ ئىدى.لېكىن ختتاي كوممۇنىستلىرى دۆلەت قۇرماقچى بولغاندا ھەممىدە سوۋېتلەرنى ئۈلگە قىلغان.، سابىق سوۋېتلەردىكىدەك" جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقى"قۇرۇشنى تەكلىپ قىلىپ، " جۇڭخۇا فېدېراتسىيىسى "قۇرۇشنى ئويلاشقان. بۇنداق جۇمھۇرىيەت قۇرۇشنى1922 -يىلى پارتىيىنىڭ پروگراممىسىغا كىرگۈزگەن. بۇ سىياسەت1945 -يىلىغىچە داۋاملاشقان. ماۋزېدۇڭ پارتىيىنىڭ7 - قۇرۇلتىيغا دوكلات بەرگەندە، پارتىيىنىڭ2 - قۇرۇلتىيدا بېكىتىلگەن سىياسەتنى پايدىلىنىپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇش مەسىلىسىنى مۇھاكىمىگە قويۇپ،" جۇڭخۇا دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقى" قۇرماقچى بولۇشقان. 1949-يىلغا كەلگەندە، ماۋزېدۇڭ قوگنى ئېلىپ يۈزىگە چاپلىۋالدى.

پارتىيىنىڭ تارىخىنى تەدقىق قىلغۇچى لۇڭ يۈجى ئەپەندى، زىيارەت قۇبۇل قىلغاندا:

ماۋزېدۇڭ1949 -يىلى "فېدېراتسىيىلىك تۈزۈم "نى يولغا قويۇش مەسىلىسى بويىچە شۇ چاغدا مىللەتلەر خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولغان لى ۋى خەندىن سورىغاندا، لى ۋى خەن "فېدېراتسىيىلىك دۆلەت تۈزۈمى " گە قارشى تۇرۇپ، ئازسانلىق مىللەتلەرگە مىللى ئاپتونومىيە قۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىپ، ھەر قايسى مىللەتلەرگە ئاپتونوم رايون قۇرۇپ

بەرگەن ئىكەن.

يېرىم ئەسىر ئۆتۈپ كەتتى. دۇنيادا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. خىتاي ھۆكۈمىتى نۇرغۇن قېتىم سىياسى ھەرىكەتلەرنى قوزغاپ چىقتى، نەچچە قېتىم ئوردا ئۆزگىرىشى قىلىپ باقتى. لېكىن جۇڭگۇ جەمئىيىتى ئۆزگەرمەي قېلىۋەردى. بۈگۈن يەنىلا ئۆتمۈشتىكىگە ئوخشاش خىتاي ھۆكۈمىتى يېڭى زاماندا كونا مەسىلىگە دۇچ كەلدى. مۇستەملىكە تىبەت، مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان خىتاينىڭ قولىدا ئاپتونوم يۇرگۈزۈلگەن جايلار بولۇپ، خىتاي بۈگۈن تارىختىكىگە ئوخشاشلا بۇ رايونلارنىڭ مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىشىغا دۇچ كەلدى. مۇبادا تەيۋەن بىلەن جۇڭگۇ "دۆلەتلەر ئىتتىپاقى "دۆلەت شەكلى بويىچە ئارىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ئولتۇرىدىغانلا بولسا، بۇ ئىش جۇڭگودا دۆلەت تۈزۈمىنىڭ زور دەرىجىدە ئۆز گىرىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇنداختا مۇستەملىكە تىبەت، مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاننىڭ مۇستەقىللىق تەلەپلىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؟

**رابىيە قادىر**

2001-يىلى7 -ئاينىڭ16 -15 -كۈنلىرى

مەن بىلەن ھەمكارلىشىپ، ماڭا ياردەم قىلىپ لوندۇندا مەخپى ئىشلەۋاتقان بىر كىشى ئەندى بۈگۈن ئىسمىنى ئاشكارىلىسام بولىدۇ (ئىسمى ئەكبەر مىجىت) شۇ ۋاقىتتا ماڭا لوندۇندىن تېلېفون بەردى ( مەن بۈگۈن بۇ ماتېرىيالنى2013 -يىلى 10-ئاينىڭ29 -كۈنى رەتلەۋاتىمەن ) ئەكبەر مىجىتكە" كۆزەتكۈچى "خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ رەھبىرى مېيكى خانىم تېلېفون بەرگەن ئىكەن.مېيكى خانىم تېلېفوندا:

"-رابىيە قادىر ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ دەپتىرىگە بىرىنچى قېتىم تىزىلدى، سىدىقتىن باشقا ھەر قانداق بىر كىشى بۇ خەۋەردىن خەۋەردار بولمىسۇن " دېگەن ئىكەن.

مەن خەۋەر تاپتىم، مۇشۇ قۇرلارنى ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ۋەتەنداشلىرىممۇ بۇ خەۋەردىن مۇشۇ تاپتا خەۋەردار بولدى.شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلارغا سىياسى پاناھلىق ئېلىشنىڭ داغدام يولى ئېچىلدى.

رابىيە قادىرنىڭ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىپ ئامېرىكىغا كېلىشىگە شۇ ئان ئىشەندىم. ھەممىدىن ئۇلۇغ بىر ئىش شۇ بولدىكى، كېيىن سىياسى پاناھلىق ئالىدىغان ھەر قانداق بىر ئۇيغۇر مانا مۇشۇ ئاساس بويىچە ئامېرىكىدا سىياسى پاناھلىق ئېلىشقا ھوقۇقلۇق بولدى،مۇھىمى يوللۇق بولدى. ھازىر تور بېتىگە چىقىشۇپلىپ رابىيە قادىر بىلەن سىدىقھاجى روزىنى ھاقارەت قىلىۋاتقان، ئامېرىكىغا كېلىپلا شۇ يول بىلەن يۇقىرىقى تەرتىپلەر بويىچە سىياسى پاناھلىققا ئېرىشىۋاتقان ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەيدىغان ھەر قانداق بىر ئادەم بۇ ئىشنىڭ زادى قانداق بىر ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشى بەسى مۈشكۈلدۇر.

2001-يىلى7 -ئاينىڭ16 -كۈنى، ماڭا ھەمرا بولۇپ ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ بىنالىرىغا، دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىنىڭ ئىشخانىلىرىغا بىللە كىرگەن، مەن بىلەن بىللە دەۋا قىلغان كەيسى خانىم ماڭا ۋاشىنگتۇندىن تېلېفون بەردى.ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى كېڭەش پالاتاسىنىڭ 80نەپەر ئەزاسى خەت يېزىپ، خەت ئۈستىگە ئىمزا قويۇپ، رابىيە قادىرنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرمىدىن شەرتسىز قويۇپ بېرىشى توغرىسىدا، خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىپ، جۇڭنەنخەينىڭ ياساۋۇللىرى بېگى جياڭ زېمىنگە ئەۋەتىپ بېرىپتۇ. بۇ ھەرىكە ت جياڭ زېمىنگە قانچىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ؟80 نەپەر سەنەتور خەت يازغان، قول قويغان ئىكەن چوقۇم خىتاي ئوردىسى زىلزىلىگە كېلىدۇ !مېنىڭ5 - 6-ئايلاردا كەيسى خانىم بىلەن بىللە ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ بىنالىرى ئارىسىدا قىلغان پائالىيەتلىرىم ئاخىرى نەتىجە بەردى. قارىڭە، ما بۈيۈك دۆلەت ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىغا قارىڭە دوستۇم، مەندەك بىر چەتئەللىككە ئىچ ئاغرىتىپ، شۇنداق ئەمگەكلىرى بىلەن مېنى ۋە ئۇيغۇرنى قوللىغانلىقىغا قارىڭە دوستۇم !

**ياساۋۇللار بېگى جياڭ زېمىن**

2001-يىلى7 -ئاينىڭ 19 -كۈنى

جياڭ زېمىن، موسكۋادا روسىيىنىڭ پىرېزىدېنتى ۋىلادىمىر پۇتىن بىلەن "دوستلۇق ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى" ئىمزالاپ، بىرلەشمە بايانات ئېلان قىلغاندىن كېيىن، روسىيە بىلەن جۇڭگۇ ئىككى دۆلەتنىڭ نۆۋەتتىكى مۇناسىۋىتى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئۇمۇمى يۈزلۈك دىققەت - ئېتىۋارىنى قوزغىدى. روسىيە بىلەن جۇڭگۇنىڭ" دوستلۇق، ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى"، قاراتمىلىققا ئىگە، بۇ شەرتنامە ھازىرقى دۇنيادا بىردىن - بىر دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەت ئامېرىكىغا قارىتىلغان، دېيىشتى.

پىرېزىدېنت بۇش ھۆكۈمىتىنىڭ يەر شارى خاراكتېرلىك تەرتىپكە سېلىش سىياسىتىگە دۇچ كەلگەندە، روسىيە ۋە خىتاي دۆلەت باشلىقلىرى يېقىندىن بىرى ئارقا -ئارقىدىن ئۇچرۇشۇپ، ئاۋۋال شاڭخەي 5 دۆلەت يىغىنىدا، ئەمدى بۇگۈن موسكۋادا ئۇچرۇشۇپ،ئىككى دۆلەتنىڭ دېپلوماتىك يېقىنچىلىقىنى ئىپادىلەپ، پىرېزىدېنت بۇشنىڭ دېپلوماتىك سىياسىتىگە قارشى مۇقام تۇتۇلماقچى بولدى. پىرېزىدېنت بۇش ئاقسارايغا كىرگەندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ خەلقئارا سىياسەت ساداسى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. شۇڭا جياڭ زېمىننىڭ قىلىقلىرى كۆپىيىپ، پىرېزىدېنت بۇش ياۋروپا دۆلەت باشلىقلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، جياڭ زېمىن ئوتتۇرا ئاسىيالىق پادىچىلارنى شاڭخەيگە چاقىرىپ كېلىپ ئۇيغۇرغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنىڭ يوللىرى ئۇستىدە ئىزدەندى.

جياڭ زېمىن موسكۋاغا كەلگەن كۈنلا، ئالدىراپ - تېنەپ روسىيە بىلەن " دوستلۇق، ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى "ئىمزالىدى. بۇ شەرتنامە روسىيە بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدا 51يىلدىن كېيىن يەنە بىر قېتىم ئىمزالانغان شەرتنامە بۇلۇپ قالدى. شەرتنامە ئىمزالانغاندىن كېيىن جياڭ زېمىن ئاغزى -ئاغزىغا تەگمەي، شەرتنامىنىڭ ئاساسلىق مۇددىئاسى، ئىتتىپاق تۈزمەسلىك، قارشىلاشماسلىق، قاراتمىلىقى يوق شەرتنامە دەپ تەشۋىق قىلىشقا باشلىدى. شۇنداقمۇ ئەمەسمۇ؟

بۇنىڭدىن 51 يىل بۇرۇن،1950 -يىلى2 -ئاينىڭ14 -كۈنى خىتايىنىڭ رەئىسى ماۋزېدۇڭ بىلەن ستالىن ئوتتۇرىسىدا" جۇڭگو، سوۋېت، دوستلۇق، ئىتتىپاقداشلىق، ھەمكارلىق شەرتنامىسى" ئىمزالانغان. بۇنىڭدىن يەنە بۇرۇنچۇ؟1945 -يىلى8 -ئاينىڭ14 -كۈنى ستالىن بىلەن خىتاي گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ دىپلوماتلىرى ئوخشاشلا " جۇڭگو، سوۋېت دوستلۇق، ئىتتىپاقداشلىق شەتنامىسى "ئىمزالىغان ئىدى.ئىككى قېتىم ئىمزالانغان" موسكۋا شەرتنامىسى"،" يالتا شەرتنامىسى" نىڭ رامكىسى ئىچىدە،،" يالتا شەرتنامىسى "ئارقىلىق بەلگىلەپ بېرىلگەن خەلقئارا سىياسەتنىڭ دائىرىسى ئىچىدە ئىمزالانغان شەرتنامىلار ئىدى. روسىيىدە كوممىنىزىم ئىمپېرىيىسى يىمىرىلگەندىن كېيىن بۇ قېتىم موسكۋادا ۋىلادىمىر پۇتىن بىلەن جياڭ زېمىن ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان "جۇڭگو، سوۋېت شەرتنامىسى"، ئاۋۋلقى پەيتلەردە ئىمزالانغان شەرتنامىلارغا ئوخشاش بىر خىل رامكا ئىچىدە، بەلگىلە نگەن خەلقئارا سىياسەت دائىرىسىدە ئىمزالاندىمۇ ياكى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش ئىچىدە تۇرغان دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ ئالدىدا، روسىيىنى يەنە بىر قېتىم ئارقا تېرەك قىلىش، خىتاي جياڭ زېمىنگە زۆرۈر بولۇپ قالدىمۇ؟

جياڭ جېشى، ماۋزېدۇڭ، ستالىن قاتارلىق 3 نەپەر خەلقئارا جاللاتلار ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان ئاۋۋالقى شەرتنامىلار ئۇيغۇرىستان مەسىلىسىنى ئارقا كۆرۈنۈش ۋە ئالدىنقى سەپ قىلغان بولسا، بۇقېتىم پىرېزىدېنت ۋىلادىمىر پۇتىن بىلەن جياڭ زېمىن ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان شەرتنامە ئوخشاشلا ئۇيغۇرىستان مەسىلىسىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلامدۇ، - قانداق؟

ئاۋۋالقى پەيتلەردە ئىمزالانغان شەرتنامىلارنىڭ ئەكسىچە، دەيدۇ، خىتاي مىللەتچىلىرى : بۇ قېتىمقى شەرتنامىنىڭ ئىمزالىنىشى ئامېرىكىغا قارىتىلغان. چۈنكى، سوغاق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ، پىرېزىدېنت بوش ئامېرىكىدا ھاكىمىيەت بېشىغا كەلگەندىن كېيىن، ئامېرىكا دۇنيانىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى.ۋەزىيەت خىتاي بىلەن روسىيىگە

پايدىسىز بىر تەرەپكە قاراپ راۋاجلاندى.

بۇ قېتىم ئىمزالانغان شەرتنامە ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن تۆۋەن مۇقامدا ئىمزالاندى، ئىشلىتىلگەن سۆز -ئىبارىلار مۇلايىم بولدى، يۇمشاق بولدى.ئۇرۇشپەرەستلىك، تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلىشقا ئۆزگەردى. شۇ ئارقىلىق روسىيە خىتاي دۆلەتلىرى ستىراتېگىيىلىك شىرىكلىك مۇناسىۋىتى ئورناتقاندەك بولدى.

**رابىيە قادىرنىڭ سىياسى مەسىلىسى**

2001-يىلى7 -ئاينىڭ28 -كۈنى

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ كېڭەش پالاتاسى ۋە دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئاۋام پالاتاسى،2000 -يىلى7 -ئاينىڭ28 -كۈنى ئىككى پالاتا ئەزالىرى بىرلىشىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسى جىنايەت بىلەن قولغا ئېلىنغان رابىيە قادىرنى خىتاينىڭ تۈرمىسىدىن شەرتسىز قويۇپ بېرىشى توغرىسىدا قانۇن لاھىيە ماقۇللىغان ئىدى. بىر يىل توشقان كۈ نلەردە يەنى2001 -يىلى7 -ئاينىڭ28 -كۈنى ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرىنىڭ دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پاۋېل ئەپەندى، بېيجىڭنى زىيارەت قىلدى ۋە رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى بېيجىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئالدىغا قويدى.شۇ كۈنى ئامېرىكىنىڭ ئەڭ داڭلىق ئوگچى گېزىتى،" ۋاشىنگىتۇن ۋاقىت گېزىتى"، ماقالە ئېلان قىلىپ :" يۇقرى دەرىجىلىك سىياسى جىنايەتچىلەر جۇڭگودا دەرھال تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىدۇ" سەرلەۋىلىك ماقالىسىدا رابىيە قادىرنىڭ ئىسمىنى3 -ئورۇنغا قويۇپ، تىبەتلىك بىرسىنىڭ ئىسمىنى4 - ئورۇنغا قويۇپ چۈشقۇر مەزمۇنلۇق بىر خەۋەر تارقاتتى.. بۇ ماقالىنىڭ روھىدىن خەۋەر تېپىپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. تېلېفون ئارقىلىق ئۇرۇمچىگە باللىرىمغا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزدۇم.ئۆزۈم بىر ئىشەنچكە، گەرچە تېخى يىتىپ كەلمىگەن بولسىمۇ، ئامېرىكا بۇ قۇدرەتلىك دۆلەتنىڭ سىياسى بېسىمى ئارقىلىق خىتاينىڭ رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشى مۇمكىن بولغان بىر

ئوتلۇق ئىشەنچكە ئىگە بولدۇم.

**"ۋاشىنگتون ۋاقىت گېزىتى"**

2001-يىلى8 -ئاينىڭ 5-كۈنى

بۇ گېزىت8 -ئاينىڭ3 -كۈنى مۇنداق خەۋەر قىلدى:

خىتاينىڭ ئازادلىق ئارمىيىسى2 -كۈنى تارىختىن بېرى تۇنجى قېتىم زور كۆلەملىك ھەربى مانېۋىر ئۆتكۈزۈپ،" شىنجاڭ"، ( مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستان) مۇستەقىلچىلىرىگە پوپۇزا ئىشلەتتى. بىر نەچچە يۈز برونېۋىك، تانكا ۋە باشقا ئارمىيە خىللىرى ۋە قوراللىرى بويىچە، قەشقەر شەھىرىدىن12 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىير ئىگىزلىككە چىقىپ، 4كۈن ھەربى مانېۋىر ئۆتكۈزدى. تىك ئۇچارلار ۋە كۆرەشچى ئايروپىلانلار بۇ ئىگىزلىكنى ھەربى نىشان ۋە قارانچۇق قىلدى.( بۇ يەر، ئېھتىمال قەشقەر شەھرى بىلەن ئاتۇش ئوتتۇرىسىدىكى ئۈچ مېرۋان تاغلىرى -تۆپىلىكلىرى بولسا كېرەك)

ئوتتۇرا ئاسىيا رايوندا مۇداپىئەنى ماسلاشتۇرغۇچى،لەنجۇ ھەربى رايونى يۇقىرى دەرىجىلىك گېنېراللارنى ئەۋەتىپ،69210 - بىرىگادىنىڭ ۋە باشقا قىسىملارنىڭ بىر نەچچەمىڭ ئەسكىرىنىڭ ھەربى مانېۋىرىغا قوماندانلىق قىلدى. مانېۋىرنىڭ تەپسىلاتى قەشقەر خەلقىگە ئۇختۇرۇلمىدى، لېكىن قەشقەرگە زور كۆلەمدە ھەربى يۆتكەپ كەلگەنلىكىنى يوشۇرالمىدى.

قەشقەرنىڭ بىر نەپەر ئاھالىسى مۇنداق دېدى :

- ھەربى مانېۋىر بىز ئۇيغۇرلارغا قارىتىلمىغان بولسا، ئۇ چاغدا كىمگە قارىتىلغان بولىدۇ؟ ئۇيغۇرىستان مۇستەقىلچىلىرى يېقىندىن بېرى زوراۋانلىق قىلىشقا باشلىدى، مەسىلەن،1998 -يىلى قەشقەردە خىتاينىڭ 8نەپەر ساقچىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى،1998 -يىلى10 -ئايدا سىياسى مەھبۇسلار غۇلجا شەھەر تۈرمىسىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، خىتاينىڭ 8

نەپەر تۇرمە ساقچىسىنى ئۆلتۈردى.1999-يىلى ئۇيغۇرستان مۇستەملىكىچىلىرى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ لوپ ناھىيىسىدىكى راكېتا قورالىرى بازىسىغا قوراللىق ھۇجۇم قىلىپ، 27نەپەر ھەربى خىتاينى يارىلاندۇردى، 2000-يىلى9 -ئايدا ئۈرۈمچىدە بومبا قاچىلانغان ماشىنىنى پارتلىتىپ، 80دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلدى، 240 ئادەم يارىلاندى، دەپ خەۋەر قىلدى بۇ گېزىت.

قالتىس بولۇپ كەتتىغۇ ئۇيغۇرلار، قالتىس ئىشلارنى قىلىۋاتىدىغۇ ئۇيغۇرلار، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ئۇيغۇرلارنى ئادەمدەك ياشاشقا يول قويمىغانلىقتىن، ئۇيغۇرلار قوزغۇلۇپ خىتايلارنىڭ ياششىغا يول قويماسلىقى بۇ ئەقىلغا ئۇيغۇن بىر ئىشقۇ؟ مۇستەملىكىچىلەرگە پەقەت كۈچ بىلەنلا قارشى تۇرۇش كېرەك، بۇنىڭدىن باشقا يول يوق!يۇقىرىقى خەۋەرلەرگە ئىشەنمەسلىكنىڭ مۇمكىنمۇ؟ بۇ خەۋەرنى ئۇ ئەمەس، بۇ ئەمەس، ئامېرىكىنىڭ" ۋاشىنگىتۇن ۋاقىت گېزىتى " خەۋەر قىلىۋاتىدۇ، جۇمۇ؟!

**رابىيە قادىر سودا سارىيى**

2001-يىلى8 -ئاينىڭ 7-كۈنى

خىتاينىڭ قوراللىق ساقچى قىسىملىرى ھەمدە بازارنى تەرتىپكە سالغۇچى قىياپىتىگە كىرىۋالغان خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ مەخپى ساقچىلىرى بۈگۈن رابىيە قادىر سودا سارىيىغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇششاق تىجارەتچىلەر ۋە ۋە پىششىپ يىتىلگەن تىجارەتچىلەر بېرلىشىپ، قوغۇن-شاپاق، ئەخلەت- چاۋالارنى خىتاي ساقچىلارنىڭ يۈزىگە ئاتتى....بىر مەيدان مۇشلۇشۇش بولۇپ ئۆتتى...قاغىلىقتىن كېلىپ رابىيە قادىر سودا سارىيىنىڭ ئالدىدا مىلىچ -مالچىلىق بىلەن تىجارەت قىلىۋاتقان بىر نەپەر تىجارەتچىنى خىتاي ساقچىلىرى تۇتۇپ كەتتى.

ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە قادىر، ئوغلىمىز ئابلىكىم ئابدۇرېھىم قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، خىتاي ساقچىلىرىنىڭ تەساۋۇرىدا رابىيە قادىر سودا سارىيى ئۇيغۇر مىللەت ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ بازىسىغا ئايلىنىپ قالغاندەك

كۆرۈنەتتى. تېخى يېقىندىلا5 -ئاينىڭ10 -كۈنى خىتاي ساقچىلىرى بۇ سودا سارايغا ھۇجۇم قىلىپ دۇكانلارنى چېقىپ كەتكەن ئەمەسمىدى، بۈگۈن يەنە ھۇجۇم قىلدى. خۇدا ئۇيغۇرنىڭ قولىغىمۇ بىر قورال ئاتا قىلساڭچۇ خۇدا!

## "ھەپتىلىك ئوبزور"

2001-يىلى8 -ئاينىڭ7 -كۈنى

"ۋاشىنگتۇن ۋاقىت گېزىتى"، ھەپتىلىك ئوبزور ماقالىسى ئېلان قىلىپ،:" ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پاۋېل 7-ئاينىڭ28 -كۈنى بېيجىڭغا زىيارەتكە كەلگەندە، خىتاي بىلەن ئامېرىكا ھەر ئىككى تەرەپ يارىشىپ قالغاندەك قىياپەتنى ئاشكارىلىدى"، دەپ كۆرسەتتى. يارىشىپ قېلىش دېگەن نېمە؟ ئىككى دۆلەت قاچان قېيدىشىپ قالغان ئىدى ؟ جەنۇبى دېڭىز ھاۋا تەۋەلىكىدە ئىككى دۆلەتنىڭ كۆرەشچى ئايروپىلانلىرى بىر -بىرىگە سوقۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئىككى دۆلەت تېخىچە قېيدىشىپ يۈرەمدىغاندۇ؟ بۈگۈن شۇڭا يارىشىپ قالدىغاندەك قىياپەتنى ئاشكارىلىدىمۇ؟ يارىشىپ قېلىش كەيپىياتىنىڭ كەينىگە يەنە كەلگۈسىدە ئىككى دۆلەت توقۇنۇشتىن ساقلىنالمايدىغان بەزى ئامىللار يوشۇرۇنغانمۇ، -يوق؟

دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پاۋېلنىڭ بېيجىڭنى زىيارەت قىلىشى ئىككى دۆلەتنىڭ كەلگۈسى مۇناسىۋەتلىرىگە مۇقام بەلگىلەپ بېرىش قىممىتىگە، رولىغا ئىگە بولغانمۇ، -يوق.تەيۋەن بوغىزىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تەيۋەن، جۇڭگو ئىككى دۆلت مۇناسىۋتىنىڭ تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشلىرى ۋە ئۆولىن پاۋېلنىڭ بېيجىڭ زىيارتىتىنىڭ نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا،ئامېرىكىنىڭ بىر جۇڭگو سىياسىتى ۋە بۇ سىياسەتنىڭ يۇشۇرۇن ماھىيەتلىرى تېخىمۇ روشەنلەشمەكتە.

يېقىندىن بېرى جۇڭگونىڭ ئىقتىسادى تېز تەرەققى قىلدى دەيدىغان گەپلەر ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى. ئىقتىسادى تەرەققى قىلغان ئىكەن،

ختاينىڭ ھەربى ئىشلىرىمۇ، دۆلەتنىڭ يەنە باشقا ئۇنىۋېرسال كۈچىمۇ ئۈلگۈيدۇ، باش كۆتۈرىدۇ، دېگەن گەپ.ئۇنداقتا ختاينىڭ باش كۆتۈرۈشى ئامېرىكىغا قانداق تەسىر كۆرستىدۇ، مەسىلە قانداق تەسىر كۆرستىدۇ دېگەنلام مەسىلە ئەمەس، ختاينىڭ باش كۆتۈرۈشگە ئامېرىكا قانداق مۇئامىلە قىلىدۇ، دېگەن مەسىلىدۇر.

جۇڭگۇ ئىقتىسادى تەرەققى قىلسا ئامېرىكا باشچىلىقدىكى غەرپ دۆلەتلىرىگە سودا -تىجارەت پۇرستى يىتىپ كېلەتتى. پۇرسەتنىڭ يىتىپ كەلگەنلىكى غەرپلىكلەر ئۇچۇن ختايدا ئىچكى بازارنىڭ پىشىپ يىتىلگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. نېمانچە شۇنداق ئاسانلا پىشىپ يىتىلىشتۇ،-بۇ. بازارنى پۇشۇرۇپ بېرىپ، جۇڭگۇلۇقلارنىڭ ئىجتىمائى سېتىۋېلىش كۈچىنى ئۆستۈرۈپ بېرىپ، ئېچىقاپ كەتكەن ختايلار نىڭ قورسىقى تويۇپ تىزىنى ئالماپ، ئەسنەپ ئولتۇرۇپ،- كىلىگلار غەرپلىكلەر بازار تەييار بولدى، دەيدىكەندە؟ ختاينىڭ ئامېرىكا باشچىلىقدىكى دۆلەتلەرگە قويىدىغان تەلەپلىرى يوقمىكىنە ؟ خوجام، ئامېرىكا خوجام ھېلىقى بى، كىشىلىك ھوقۇق دېگەن سىياسەتلىرىنى بىر دەم توختۇتۇپ تۇرسىلا دېمەمدىكىنە؟ بازار پىشىپ يىتىلگەن ھامان ختاينىڭ شۇنداق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىشى بۇ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا داۋاملىق ئۇچراپ تۇرىدىغان نورمال ئىش ئىدى. بۇ ئەھۋال ئامېرىكىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى تەكتىلەيدىغان تاشقى سىياسىتىنى، ئىقتىسادى مەسىلىلەردىن ئايرىۋېتىشكە ئاساس بولۇپ بېرەتتى. شۇنداقلا ختاي دۆلىتىنىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەت بولۇپ كىرىشىنى قوللىشى ئامېرىكا ئاۋۋال ئويلايدىغان، ئاۋۋال ئېتىبار بېرىدىغان بىر مەسىلە بولۇپ قالاتتى.

ختاينىڭ ئىقتىسادى تەرەققىياتىنىڭ كۆلىمى كېڭىيىشكە باشلىسا، ئارمىيىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ تەلەپلىرى كۆن تەرتىپكە قويۇلۇپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈلچىمىنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرۈش تەلەپ قىلىنسا، ختاي شۇ ۋاقىتقا يەتكەندە ھەربى تەسىر قىلىش كۈچى ۋە

سياسى تەسر قىلىش كۈچى تەييارلاپ قانداق مىجەزنىڭ دەپ، يېڭىنى شىمايىلاپ قوپىدىغان بولسا، ئاسىيادا كېڭەيمىچىلىك قىلىش بىلەن ئاسىيادا زومىگەرلىك قىلىشنى بىرلەشتۈرۈپ، رايون خاراكتېرلىك زومىگەر دۆلەتكە ئايلانماقچى بولسا، ھېلىقى پىششىپ يېتىلگەن بازارغا ئېرىشمەكچى بولغان غەرپلىكلەر نېمىنى كەم، نېمىنى ئارتۇق ئويلاپ قالار؟

ختاي ھۆكۈمىتى شۇ كۈنلەرگە يېتىپ بارغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيادا كىمنى دوست مىللەتكە ۋە كىمنى دۈشمەن مىللەتكە ئايرىپ مۇئامىلە قىلىشى مۇمكىن؟ ئاسىيانىڭ شەرقىدە ۋە شىمالى ئاسىيادا كىمنى دوست دۆلەت ۋە كىمنى دۈشمەن دۆلەتكىلە ئايرىشى مۇمكىن. بۇ پەقەت بىر پەرەز. لېكىن ۋاقىت ئەتە يا ئۆگۈنلام يېتىپ كېلىدۇ. ختاينىڭ باش كۆتۈرۈشى ئاسىيا ئۈچۈن زۆرۈر بولۇپ قالغاندىمۇ، ياكى ختاينىڭ باش كۆتۈرۈشى ئاسىياغا ۋە دۇنياغا تەھدىت بولۇپ قالغاندىمۇ، تەيۋەن ئارقىلىق ختاينى چەكلەپ تۇرۇشتىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى سىياسەت غەرپلىكلەرنىڭ قولىدا يەنە قانچىلىك ۋاقىت كوزۇر بولۇپ تۇرالىشى مۇمكىن؟ختاي تەھدىت پەيدا قىلىدىغان بولسا، غەرپلىكلەر ختاينىڭ تەھدىتىگە قارشى تەھدىت پەيدا قىلىشنىڭ يوللىرىغا، ئۇسۇللىرىغا ئىزدىنىشى مۇمكىنمۇ؟ئامېرىكا تەيۋەندە ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرامدۇ، -يوق، ئامېرىكا تەيۋەندە تەيۋەن مۇستەقىللىقىنى ئوتتۇرىغا چىقىرامدۇ، -يوق، تىبەت ۋە ئۇيغۇرىستان شۇ كۈنلەرگە يېتىپ بارغاندا قانداق مۇئامىلىگە ئۇچرىشى مۇمكىن. جۇڭگونىڭ" پىششىپ يېتىلگەن بازىرى"نى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، تىبەت بىلەن ئۇيغۇرىستان مەسىلىسىنى غەرپلىكلەر تاختى بېشىغا ئېلىپ قويامدۇ، -قاندىق؟

خىلمۇ -خىل ئالامەتلەر تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان بىر مەسىلىگە ئايلىنىپ، سىياسىئونلارنىڭ جاۋاب بېرىشىنى كۈتۈپ تۇرمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئالامەتلەر ئامېرىكىنىڭ،"بىر جۇڭگو سىياسىتى"، دەيدىغان سىياسىتىگە تىكىلىپ قاراپ قالدى. بەزى گېزىتلەر :" خىلمۇ

خىل ئالامەتلەر ئامېرىكىنى بىر جۈڭگۈ سىياستى بويىچە ئىپادە بىلدۈرۈشكە زورلىمقتا، مۇبادا پىرېزىدېنت بوش، ۋاتىكان بىلەن خىتاينىڭ ئالاقىلىرىغا ئارىلىششىنى خالايدىغانلا بولسا، ئامېرىكىنىڭ بىر جۈڭگۈ توغرىسىدا سىياستىنىڭ ۋە پوزىتسىيىسىنىڭ نېمە ئىكە نلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق بىلىۋالغىلى بولاتتى"، دېيىشتى.

**رابىيە قادىر سودا ـ تىجارەت سارىيى**

2001-يىلى8 -ئاينىڭ10 -كۈنى

ئۈرۈمچىدە خىتاي ساقچىلىرى را بىيە قەدىر سودا ـ تىجارەت سارىيىغا يەنە بىر قېتىم هۇجۇم قوزغاپ كەلدى. بازاردىن قايتىپ كېلىۋاتقان ئوغلىمىز ئالىم ئابدۇرېهىمنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ساقچى:

-سالاهىيەت كىنىشكەڭنى چىقار، دېدى. ئالىم ئابدۇرېهىم:

-نېمشقا؟

-ساقچى- چىقار، دېدىم چىقار. ئالىم ئابدۇرېهىم سالاهىيەت كىشكىسىنى چىقىرىپ كۆرسەتتى. ساقچى:

- جۈر ساقچىخانىغا، ئالىم ئابدۇرېهىم:

-نېمە جىنايىتىم بار ؟ ئېيتىپ بەر ساقچىغا ئاندىن بارىمەن، دېدى. ئۆكتەم خىتاي ساقچىلىرى ئالىم ئابدۇرېهىمنىڭ يۈزىگە بىر كاچات سالدى.

ئۈرۈمچى ۋاقتى كەچ سائەت6:20 مىنۇت ئۆتكەندە، ئالىم ئابدۇرېهىمنى خىتاي ساقچىلىرى جەنۇبى قوۋۇق ساقچىخانىسىغا ئېلىپ كىرىپ :

-7 - چىسلا ئادەم ئۇردۇڭمۇ؟ دەپ، سوئال سوراق قىلدى.

-يارىلىنىپتۇ... بۇ ۋەقەنىڭ تەسىرى ئىنتايىن يامان بولدى....سەنلەر، ساڭا ياردەملەشكەن ئادەملەرنى قەيەردىن تېپىپ كېلىشتىڭ؟ !ئوغلىمىز ئالىم ئابدۇرېهىم:

-مەن ئۇرۇمەن دەپ، قولۇمنى كۆتۈرگەن ئىدىم، بىراق، بۇ يەرگە كەلگەنلەر بىزنىڭ" ئۇلۇغ " ساقچىلىرىمىز بولغاچقا قول ياندۇرمىدىم دەپ،

جاۋاب بەردى.
سوراق قىلغۇچى قازاق ساقچى ئىكەن، بۇ قازاقنىڭ ئىسمى قوناقباي ئىكەن.
شۇ كۈنى خىتاي ساقچىلىرى رابىيە قادىر سودا -تىجارەت بىناسىغا تىجارەت قىلىپ كەلگەن قايتىش ئالدىدا تۇرغان 200نەپەر تىجارەتچىنى تۇتۇپ كەتتى. بۇلار ئۈرۈمچى ئايرودرومنىڭ يېنىدا يېڭى سېلىنغان يىغىۋېلىش لاگېرىغا سولاپ قويۇلدى.ئالدى- كەينىگە120 يۈەندىن 300يۈەنگىچە جەرىمانە قويۇپ،3 كۈندىن كېيىن بىر -بىرلەپ لاگېردىن قويۇپ بەردى. قويۇپ بېرىشتىن ئاۋۋال مەجبۇرلاپ تەكشۈرۈشنامە يازدۇردى.
2001-يىلى8 -ئاينىڭ14 -كۈنى خىتاي ساقچىلىرى رابىيە قادىر سودا -تىجارەت سارىيىغا يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلىپ كەلدى.8-ئاينىڭ 10- كۈنىدىن باشلاپ رابىيە قادىر سودا سارىيىنىڭ ئالدىدا خىتاي بىخەتەرلىك نازارىتىنىڭ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ توختۇتۇپ قويۇلغان ماشىنىلىرى 8-ئاينىڭ14-كۈنى كەچ سائەت 6:00 دە بۇ بازاردىن چېكىنىپ چىقىپ كەتتى.

**لوندۇندىن تېلېفون كەلدى**

2001-يىلى9 -ئاينىڭ1 -كۈنى
لوندۇندىن،" ئۇمۇمى كەچۈرۈم "خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ ئىشخانىسىدىن ماڭا جىددى تېلېفون كەلدى، تېلېفوندا :رابىيە قادىرنى تۈرمىدە سۈرەتكە تارتىپ، تۈرمىدىن ئۈرۈمچىدىكى ئۆيىگە چىقىرىپ بېرىلگەن سۈرىتىنى دەرھال نىۋ يورك شەھىرىدىكى "كۈزەتكۈچى " خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ ئاسىيا بۆلۈمىگە مېيكى خانىمغا ۋە لوندۇن" ئۇمۇمى كەچۈرۈم" خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ئىشخانىسىغا ئەۋەتىپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلدى.
9-ئاينىڭ2 -كۈنى نىۋ يورك شەھرى" كۈزەتكۈچى "خەلقئارا

كشلىك هوقۇق تەشكىلاتى ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ ئىشخانىسىغا ۋە لوندۇن " ئۇمۇمى كەچۈرۈم "خەلقئارا كىشلىك هوقۇق تەشكىلاتى ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ ئىشخانىسىغا بىر پارچىدىن ئىككى پارچە سۈرەت ئەۋەتىپ بەردىم.

لوندۇن" ئۇمۇمى كەچۈرۈم "خەلقئارا كىشلىك هوقۇق تەشكىلاتى ئىشخانىسىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە،9-ئاي ئىچىدە رابىيە قادىرنىڭ كىشلىك هوقۇقى ۋە سىياسى مەسلىسى بويىچە يەنە بىر قېتىم دۇنياۋى هەرىكەت قوزغاش پىلانى بار ئىكەن.

تۈرمىدە رابىيە قادىرنى سۈرەتكە تارتىش مەسلىسى ئۇرۇمچىدىكى باللىرىممۇ ۋە ئامېرىكىدىكى باللىرىم ۋە مەنمۇ ئاڭلىمىغانلا بىر ئىش ئىكەن...... بۇ خەۋەردىن هەيران قالدىم،- يۇ، يەنىلا يۇقىرىقى تەشكىلاتلارنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلدىم.

**لوندۇندىن يەنە تېلېفون كەلدى**

2001-يىلى9 -ئاينىڭ4 -كۈنى

لوندۇندىن يەنە تېلېفون كەلدى.5 -ئاينىڭ10 -كۈنى خىتاينىڭ 400كىشلىك ساقچى قوشۇنى ئۇرۇمچىدە رابىيە قادىر سودا-تىجارەت سارىيىغا ۋە باللىرىمىزنىڭ تۇرالغۇسىغا هۇجۇم قىلغاندا، بۇزۇۋېتىلگەن تىجارەت دۇكانلىرى، چېقىۋېتىلگەن ئىشىك -دېرىزە،سۆكۈپ كېتىلگەن بوتكا، دۇكان ئىزلىرى سۈرەتكە تارتىلغان، كامېراغا ئېلىنغان بولسا، بۇ سۈرەتلەر بىزگە كېرەك، دەرهال يوللاپ بەرگىن دېدى.

مەن ئۇرۇمچىگە باللىرىمغا تېلېفون بەردىم. نەخ مەيدان سۈرەتكە، كامېراغا ئېلىنغان ئىكەن، باللىرىم بۇ نەرسىلەرنى ماڭا قايسى يوللار بىلەن چىقىرىپ بېرەلىشى مۇمكىن؟ پوچتا ئارقىلىق.... ئېلىشىپ قالدىممۇ نېمە ؟ بۇ مۇمكىنمۇ؟ ئوهۇي، چەتئەلگە چىقىدىغان ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر ئارقىلىق كامېرا ئارقىلىق سۈرەتكە ئېلىنغان چېقىۋېتىلگەن سودا -تىجارەت مەيدان خاتىرىسىنى باللىرىم ماڭا، ئامېرىكىغا يەتكۈزۈپ بېرەلىشى

مۇمكىنمۇ؟ باللىرىم جۇرئەت قىلالىشى مۇمكىن، لېكىن بۇ ماتېرىياللارنى باللىرىمنىڭ قولىدىن ئېلىپ، چەتئەلگە ئېلىپ چىقىپ مېنىڭ قولۇمغا تاپشۇرۇپ بېرەلەيدىغان بىر ئۇيغۇر ئوتتۇرىغا چىقالارمۇ ؟ بۇنداق قىلىش شۇنداق قىلىش نىيىتىگە كەلگەن ئۇيغۇر ئۈچۈنمۇ، مېنىڭ ئۈرۈمچىدىكى باللىرىم ئۈچۈنمۇ خەتەرلىك بىر ئىش. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرلار، ھەتتا تونۇش بىلىشلەرمۇ ئۈرۈمچىدىكى ئۆيىمىزنىڭ بوسۇغۇسىدىن تۈزۈك مېڭىپ ئۆتەلمەيۋاتسا!

لوندۇن ماڭا مۇنداق بىر ۋەزىپە تاپشۇردى :سىياسى پاناھلىق تىلەپ گېرمانىيە دۆلىتىگە يېتىپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇمۇمى سانى قانچە، گېرمانىيە ھۆكۈمىتى بۇلارنىڭ ئىچىدە قانچە كىشىگە سىياسى پاناھلىق بەردى. قانچە كىشىگە سىياسى پاناھلىق بەرمىدى، قانچە كىشى سىياسى پاناھلىق ئالالمىدى؟

ئېنىقلاپ دەرھال دوكلات قىلىشىم كېرەك ئىكەن.دېمەك......

مەن،5 -ئايدا ۋاشىنگتونغا كېلىپ، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ، دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىنىڭ ئىشخانە مۇدىرلىرى ۋە كاتىپلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە، تۈركىيە، گېرمانىيە، بىلگىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن، سىياسى پاناھلىق ئالالمىغان يېتىمچى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى ئاغزاكى، قىسقىچە قىلىپ، كاتىپلارغا ۋە ئىشخانە مۇدىرلىرىغا دوكلات قىلغان ئىدىم. مۇشۇ دوكلاتىم رول ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن. مەن شۇ دۆلەتلەردە سىياسى پاناھلىق ئالالمىغان ئۇيغۇر كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى تونۇش بىلىشلەر تېلېفون قىلغاندا شۇلارنىڭ شۇنداق ئۈچۈرلارنى ئېيتىپ بېرىشىدىن خەۋەردار بولاتتىم. ھېچكىم بۇ توغرىدا بىر پارچە ماتېرىيال تەييارلاپ ياكى تۈركىيىدىن ياكى گېرمانىيىدىن ماڭا بىر پارچە ماتېرىيال ئەۋەتىپ بەرمىگەن ئىدى. ئەمما تور بېتىگە چىقىۋېلىپ" مۇستەقىللىق تەلەپ قىلمىدى" يەي، دەپ ئادەم تىللايدىغان ئۇيغۇرلار سامانىدەك ئىدى، تەشكىلات قۇرۇپ ئۆزلىرىنى لىدىر دەپ، جاكارلايدىغان ئۇيغۇر ئادەملەرنىڭغۇ، سانى يوق. شۇڭا ئامېرىكىدا

ئۇيغۇرلارنى بىلدىغان ئامېرىكىلىق سىياسى ئادەملەرنىڭ ئاغزىدا بىر ئىبىز يۇمۇر - بەش نەپەر ئۇيغۇر، تۆت تەشكىلات قۇرىدۇ، تۆت تەشكىلاتقا 5نەپەر كىشى دائى بولىدۇ " دەيدىغان يۇمۇر تارقىلىپ يۈرۈيدىكەن. شۇنداق،بۇ كىشىلەر دائى بولۇش بىلەن ئاۋارە لېكىن سىياسى پاناھلىق ئالالمىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا ماتېرىيال تەييارلاپ ماڭا يوللاپ بېرىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق. چۈنكى ئۇيغۇر، ئۇيغۇرغا ئىشەنمەيدۇ، ئۇيغۇر، ئۇيغۇرنى كۆزگە ئىلمەيدۇ،-دە.

مېنى كەچۈرۈڭ قېرىنداشىم، ئەسلىدە سىياسى پاناھلىق ئالالمىغان ئۇيغۇرلار توغرىسىدا مەندىن دوكلات تەلەپ قىلغان تەرەپ......كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى....... ئىدى.

مەن دەرھال تۇتۇش قىلىپ، گېرمانىيىدە سىياسى پاناھلىق ئېلىپ، ئىستىقامەت قىلىۋاتقان، ھازىر بېرلىندا يەرلەشكەن، ئوت يۈرەك ئۇيغۇر مىللەتچىسى تۇرسۇن تېلىۋالدىغا تېلېفون بەردىم. بۇ يىگىت تۇرسۇن تېلىۋالدى ماڭا، تۆۋەندىكىدەك مەلۇمات بەردى:

-سىياسى پاناھلىق تىلەپ گېرمانىيىگە كىرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ( بۇنىڭ ئىچىدە خىتايغا ساقچى بولۇپ ئىشلىگە كىشىلەرنىڭ بالا - چاقىلىرىمۇ بار ئىدى)،ئۇمۇمى 350 نەپەر ئەتراپىدا، بۇلارنىڭ ئىچىدە 150 نەپەر كىشىگە گېرمانىيە ھۆكۈمىتى سىياسى پاناھلىق بېرىپتۇ. قالغان 250 نەپەر ئۇيغۇرغا گرمانىيە ھۆكۈمىتى سىياسى پاناھلىق بېرىشنى رەت قىلىپتۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە 20 نەپەر كىشى گېرمانىيىنىڭ فرانكفورت شەھرىدە ياشايدىكەن، ئۇلارمۇ سىياسى پاناھلىق ئالالماپتۇ.

گېرمانىيىدە ئۇيغۇر كىشىلەر سىياسى پاناھلىق ئالغىچە، بىز كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشاۋاتقان مىللەت، مىللەت نامىمىز ئۇيغۇر دېيىشىدىكەن، سىياسى پاناھلىق ئېلىشىپ بولغاندىن كېيىن بولسا، ئۆزلىرىنى بىز تۈرك دەپ، ئاتىشىدىكەن.شۈبھىسىزكى، تۈركىيە بىر دېمۇكراتىك دۆلەت دەپ، ئاتىلىدىغان بۈگۈنكى كۈنلەردە، گېرمانىيىنىڭ تۈركلەرگە سىياسى پاناھلىق بىرىش ۋەزىپىسى يوق، -ئىدېدە.

گېرمانىيلىكلەر تۈرك دېگەن ئىسمنى بىلىدۇ، ئەمما ئۇيغۇر دېگەن ئىسمنى بىلەمدۇ، -يوق. ئۇيغۇر دېگەن ئىسىم بىلەن تۈرك دېگەن ئىسمنىڭ نېمە ئالاقىسى بار- يوقلىقىنى بىلەمدۇ، -يوق.

**قىزىم ئەقىدەم**

2001-يىلى9 -ئاينىڭ6 -كۈنى

قىزىم ئەقىدەم" ئامېرىكا مەملىكەتلىك رادىئو ئىستەنزىسى ئارقىلىق"ئىرقى كەمسىتىش"توغرىسىدا نۇتۇق سۆزلىدى. ئەلۋەتتە رادىئو ئىستەنزىسى قىزىم ئەقىدەمگە سوئال چىقىرىپ بەرگەن ئىدى.

خىتاي بىلەن ئۇيغۇرنىڭ مۇناسىۋىتى ئىرقى كەمسىتىش ۋە ئىرقى ئايرىمچىلىق مۇناسىۋىتى بولماستىن، تاجاۋۇزچىلىق بىلەن تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشتۇر، -دېدى قىزىم ئەقىدەم. شۇڭا ئۇيغۇرستاندا ئىرقى مەسىلە مەۋجۇت ئەمەس، مەۋجۇت مەسىلە مىللەت مۇستەقىللىقى مەسىلىسىدۇر.

ئانىسى رابىيە قادىر توغرىسىدا قىزىم ئەقىدەم :

-ئانام جىنايەتچى ئەمەس، سودىگەر ئايال ئىدى. نۇرغۇن كەمبىغەللەرگە، ئىگە- چاقىسىز يېتىملارغا غەمخورلۇق قىلغان. ئۆز خەلقىنى سۆيىدىغان، ئۆز خەلقىنىڭ بەختى، ھاياتلىق كاپالىتى ئۈچۈن كۆرەش قىلىدىغان، ئۇيغۇرلارنىڭ ھوقۇق تەلەپلىرىنى قوغداش ئۈچۈن كۆرەش قىلىدىغان بىر ئانا ئىدى.

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەندە، شۇلارنىڭ تەلىپى بويىچە، ئانام رابىيە قادىر، ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ، ئۇلار چۈشكەن مېھمانخانە ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى ۋە8 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

-ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت مەھكىمىسى ئانام رابىيە قادىرنىڭ تۈرمىدىكى سىياسى ھاياتى توغرىسىدا بۈگۈنگىچە ئىككى قېتىم بايانات

ئېلان قىلدى، ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەجلىسى ئانام رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ۋە ئۇنىڭ گۇناھسىز قولغا ئېلىنغانلىقى توغرىسىدا بۇگۈنگىچە ئىككى قېتىم قانۇن لاھىيە ماقۇللىدى. لېكىن،خىتاي ھۆكۈمىتى ھازىرغىچە ئانام رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بەرمىدى.

قىزىم ئەقىدەمنىڭ رادىئو نۇتقى 2001-يىلى9 -ئاينىڭ6 -كۈنى ئوكلوخوما ۋاقتى سائەت1:00 دە ۋاشىنگتون ۋاقتى سائەت2:00 دە پۈتۈن ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىچىگە ئاڭلىتىلدى. شۇ كۈنى قىزىم ئەقىدەم ئوقۇۋاتقان مەكتەپنىڭ بىر نەپەر پىروفېسسورىدىن تېلېفون كېلىپ قىزىم ئەقىدەمنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

## ئۈرۈمچى ۋە پېنتىگان

2001-يىلى9 -ئاينىڭ11 -كۈنى

ئۈرۈمچى....

خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ باجىياخۇ تۈرمىسىدىن ئۈرۈمچىدىكى ئۆيىمىزگە باللىرىمىزغا تېلېفون كەلدى. تۈرمە باشلىقلىرى باللىرىمىزنى تۈرمىدىكى ئانىسى رابىيە قادىر بىلەن كۆرۈشتۈرمەكچى بولغان ئىمىش.

باللىرىمىز قاھار ئابدۇرېھىم، ئابلىكىم ئابدۇرېھىم ( ئابلىكىم ئابدۇرېھىم 2001-يىلى2 -ئاينىڭ25 -كۈنى قەرەلى توشۇپ ئولانبايدىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىلگەن ئىدى)ئالىم ئابدۇرېھىم قاتارلىق ئوغۇللىرىمىز، باجىياخۇ تۈرمىسگە بېرىپ، ئۈرۈمچى ۋاختى ئەتىگەن سائەت11:00 دىن 11:30يېرىمگىچە ئانىسى رابىيە قادىر بىلەن كۆرۈشتى. ئانا -بالا ئوتتۇرىسىدا ئەينەك تام، باللىرىم ئانىسى بىلەن تېلېفون ئارقىلىق سۆزلەشتى. ھەي، ھايات، ھەي ھاياتلىق!

ئامېرىكىنىڭ كالىفورنىيە شتاتى لوس ئانجېلىس شەھرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ۋە رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا، نۇتۇق سۆزلەش مۇراسىمىدا تارتىلغان مېنىڭ سۈرىتىمنى ئوغلۇم

قاھار ئەينەككە چاپلاپ تۇرۇپ كۆرسەتكەندە، 7-ئاينىڭ28 -كۈنى ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرىنىڭ دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پاۋېل ئەپەندىنىڭ بېيجىڭدە خىتاي رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە، رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىش مەسلىسىنى خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ ئالدىغا قويغانلىقىنى ئوغلۇم قاھار بىر يول بىلەن ئانىسى رابىيە قادىرغا يەتكۈزگەندە، چۈشەندۈرگەندە، مېنىڭ ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە قادىر ھەيران قاپتۇ.

دۇنيادا ھەيران قالىدىغان ئىشلار ئىنتايىن كۆپ ئىدى، ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە قادىر! گۇناھسىز رابىيە قادىرنى خىتاي ساقچىلىرى قولغا ئالغاندا، خالايىق دېگۈدەك ھەيرانۇ -ھەس قېلىشقانتى. لېكىن مېنىڭ ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە قادىر بۇ ئىشنىڭ زادى قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيتى. شۇ رابىيە خېنىم بۈگۈن ئۇيغۇرلارنى دۇنياغا تونۇتقان ئىدى.

بۇ قېتىم،ئۇرۇمچىدىكى باللىرىم، تۈرمىدىكى ئانىسى رابىيە قادىر بىلەن كۆرۈشۈش جەريانىدا، ساقچى رابىيە قادىرنىڭ ئارتۇق بىر جۈملە سۆزلىشىگە رۇخسەت قىلمىدى. رابىيە قادىر پەقەت :

باللىرىم تىنچلىقمۇ، ئامېرىكىدىكى" شىركىتىم " نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ، دېگەن سوئالللارنىلا سورىيالىدى.

بىر نەپەر ئۇيغۇر تىللىق خىتاي، باللىرىم بىلەن ئانىسى رابىيە قادىر ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت جەريانىنى خاتىرلەپ تۇردى. ئىككى نەپەر خىتاي ساقچى رابىيە قادىرنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئايلىنىپ يۈردى. بادام مېغىزى، ياڭاق مېغىزى، مايلىق قىزىلمۇچ قاتارلىق يېمەكلەرنى قۇبۇل قىلىپ، ساقچى خىتايلار ئايالىم رابىيە قادىرغا تاپشۇرۇپ بەردى. مەن بۇ قېتىمقى كۆرۈشتۈرۈشنىڭ تەپسىلاتىنى شۇ كۈنى لوندۇنغا، "ئۈمۈمى كەچۈرۈم" كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىغا، ئۇكام ئەكبەر مىجىت ئارقىلىق يەتكۈزۈپ بولۇپ، ئەمدىلا تېلېفوننىڭ قېشىدىن ئايرىلىپ تۇرۇشۇمغا تېلېۋىزوردا دەھشەتلىك بىر خەۋەر قۇلۇغۇمنىڭ تۈۋىدە ۋە كۆزۈمنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى.....

-نۇ يورك شەھرىدە دۇنيا سودا -تىجارەت مەركىزى پارتلىتىلدى.....قايسى مەخلۇق پارتلاتتى....بەش بۇرجەكلىك بىنا پارتلىتىلدى..... قايسى مەخلۇق پارتلاتتى....؟ئامېرىكا تارىخىدا ئىككىنچى قېتىم يۈز بەرگەن فىرىلخارىبىر ۋەقەسى ئەمە سىمۇ،بۇ؟ نۇ يورك شەھرى دۇنيا سودا -تىجارەت بىناسى، ۋاشىنگتۇن شەھرى پېنتىگان.... ئەنە شۇنداق تېرورىستلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى.

ئوساما بىن لادىن، ئەرەبىستاندا تۇغۇلغان ئىمىش.... روسىيە ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە، ئامېرىكىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن كىشى ئىمىش....ئافغانىستاندا روسىيىگە قارشى تۇنجى پاي ئوقنى ئاتقان كىشى، مۇشۇ كىشى ئىمىش....چېچېنىيىدە قوراللىق ھەرىكەت باشلىغان كىشىمۇ، مۇشۇ كىشى ئىمىش. بوسنىيە، كوسوۋو قاتارلىق مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە تۇنجى پاي ئوقنى مۇستەقىللىق ئۇچۇن ئاتقان كىشىمۇ، مۇشۇ كىشى ئىمىش. بۇ كىشى شۇنداق كىشى بولىدىغان بولسا، ئامېرىكىغا قارشى ئوق ئاتىمەن دېمەي، ئۇيغۇرىستانغا كىرىپ خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە ئوق ئاتقان بولساڭ، پۈتۈن دۇنيا سېنى قوللىغان بولاتتى. ئاخماق ! چاشقاننىڭ ئۆلگىسى كەلسە، مۆشۈكنىڭ قۇيرىقىغا ئېسىلىپتۇ دېگەن گەپ، ئەسلىدە مۇشۇنداق گەپ ئىكەن،-دە.

**ئوغلىمىز قاھارنىڭ ئۆيىگە ھۇجۇم قىلىشتى**

2001-يىلى9 -ئاينىڭ12 -كۈنى

ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت 10:00 دا، خىتاي قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تارماق ئەتىرىتى، شۇ كۈنى ئاقسۇ كونا شەھەردە ئوغلىمىز قاھار ئابدۇرېھىمنىڭ ئۆيىگە بېسىپ كىرىپ،قانۇنسىز ئۆي ئاختۇردى. تېرروستلارنىڭ ئامېرىكىغا ھۇجۇم قىلىش پۈرستىدىن پايدىلانغان خىتاي ساقچىلىرى شۇ كۈنى ئۆيگە باغ-ۋارانغا قارايدىغان ئابېلكىم ئىبرايىم دەيدىغان( ئۈچ تۇرپانلىق ) بالىنى تۇتۇپ كەتتى. ئوغلىمىز قا ھار تېخى ئۈرۈمچىدىن ئاقسۇغا قايتمىغان ئىدى.

7-ئاينىڭ14 -كۈنى ئاقسۇ كونا شەھەردە ئوغلىمىز ئالىم ئابدۇرېھىمنىڭ تويى بولغان كۈنى ئەلبەتتە تويغا كەلگەن مېھمانلار توي ئوينايدۇ، دە. بۇ قېتىم ئابېلىكىم ئىبرايىمنى تۇتۇپ كەتكەن ساقچىلار ئۇنىڭدىن:

-تويغا كىملەر قاتناشتى دەپ، سوئاللار سورىدى.

ئوغلىمىز قاھارنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى قۇربان توختىنىيازنى تۇتۇپ كېتىپ، ئىككى سائەت سوراق قىلغاندىن كېيىن،ئەتىسى كۈندۈز سائەت 10:00دا كىبسەلچان ئوغلىمىز ئادىلنى ساقچىخانىغا ئېلىپ كېلىپ:

-ئامېرىكىدىن خەت كېلەمدۇ، ئامېرىكىدىن تېلېفون كېلەمدۇ، -سەن ئامېرىكىغا تېلېفون بېرەمسەن ؟، دېدى سوئال -سوراق قىلدى.كىبسەلچان ئوغلىمىز ئادىل:

-بۇ سوئاللارنى مەندىن سورىغىچە بىخەتەرلىك نازارىتى -ئىدارەڭدىن سورىساڭ بولمامدۇ، -دېدى. جاۋاب جايىدا بېرىلدى.

ئېپىسكوپ بېللى گېرخامنىڭ سۆزلىگەن نۇتقى

2001-يىلى 9-ئاينىڭ15 -كۈنى

ھەممىز ئىنسانىيەتكە تەئەللۇق بولغاچقا ئېپىسكوپ بېللى گېرخامنىڭ سۆزلىگەن نۇتقىنى ختاي تىلىدىن تەرجىمە قىلىپ ئۇشبۇ توپلامغا كىرگۈزدۈم. ئامېرىكىلىقلار قانداق تەپەككۇر قىلىدۇ، ئۇيغۇر ۋەتەنداشلىرىم كۆرۈپ باقسۇن دېگەن نىيەتكە كەلگەن ئىدىم........

- بۈگۈن ھەمممىز بىرلىكتە يېمىرىلمەس ئېتىقادىمىزنى قايتىدىن تەكىتلەپ ئولتۇرۇپتۇق. ئاللاھ، بىزگە كۆڭۈل بۆلمەكتە. بىز قايسى مىللەتكە قايسى ئىرىققا تەۋە بولمايلۇق، ئاللاھ،بىزنىڭ غە مگۇزارىمىزدۇر. دىنى ۋە سىياسى ئارقا كۆرۈنۈشىمىز قانداق بولىشىدىن قەتئى نەزەر ئاللاھ، بىزگە كۆڭۈل بلمەكتە. ئىنجىلدا ئۇ،" تەسەللى بەرگۈچى ئاللاھ، "دېيىلگەن. بىز ھەر قانداق مۇشكىلاتقا دۇچ كەلگەندە ئاللاھ، بىزگە تەسەللى بېرىدۇ. بىز قانچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتمەيلۇق، ھەپتىنىڭ ئىككىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن ئامېرىكىدا يۈز بەرگەن ۋەقە توغرىسىدا

قورقۇنۇچلۇق، ۋەھىمە، سىلكىنىش، بىزارلىق، ئاغرىنىش، غەزەپلىنىش، ئىچ ئاغرىتىش توغرىسىدا تەسراتلىرىمىزنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمىز.

9-ئاينىڭ11 -كۈنى بىزنىڭ تارىخىمىزدا ئۇنتۇلمايدىغان بىر كۈن بولۇپ قالدى.

بۇگۈن بىز شەپقەتسىز سۇيىقەستنى پىلانلىغۇچىلارغا، بۇ سۇيىقەستنى ئىجرا قىلغۇچىلارغا بايانات ئېلان قىلىمىزكى، دۆلىتىمىز ئامېرىكىنىڭ روھى ئۇلار بۇزمىلىغان ياۋۇزلۇقتا بويۇن ئەگمەيدۇ. خۇددى پرېزىدېنت بوشنىڭ ۋە ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ باياناتىدا تەكىتلىگەندەك، بۇ كىشلەر ھامان بىر كۈنى ئادالەتنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ. لېكىن بۇگۈن بىز بۇ يەرگە ئالاھىدە توپلاندۇق.ئاللاھ،قا تېخىمۇ ئېھتىياجلىق بولۇپ قالدۇق، بىز يېگى بىر دۈشمەنگە دۇچ كەلدۇق، بىز دەل يېڭىچە بىر ئۇرۇشقا كىرىدىغان بولدۇق. ئىنجىلنىڭ بىزگە ھەمراھ بولىشىغا ھاجەتمەن بولدۇق (بىز ئۈيغۇرلار قۇرئاننىڭ بىزگە ھەمرا بولىشىغا ھاجەتمەن بولدۇق)ئىنجىلدا ئېيتىلغان ئاللاھ، بىزنىڭ پاناھىمىز دېگەن سۆزلەر بىزنىڭ ئۈمىدىمىز، بىزنىڭ كۈچىمىز، بىز مۈشكىلاتقا دۇچ كەلگەندە ئاللاھ، بىزگە ياردەم بېرىدۇ، شۇڭا بىز ھېچ نەرسىدىن قورقمايمىز.

بىز قانداق تەجرىبە- ساۋاقلارغا ئىگە بولدۇق؟

ئاۋۋال بىز، ياۋۇزلۇقنىڭ سىرلىق تەرەپلىرىنى ۋە رېئاللىقنى ئېسىمىزدە ساقلىشىمىز لازىم. مەن، ئاللاھ، نېمىشقا ئېچىنىشلىق ئۇقۇبەتلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە مۈشكۈلات، كۈلپەتلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە يول قويىدۇ، دېگەن سوئالغا دۇچ كەلدىم. ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، بۇنداق سوئالغا بېرىلىدىغان جاۋاب، مەن ئۇچۇن ئۇنداق ئېنىق، ئۇنداق روشەن ئەمەس. بېرىلىدىغان جاۋابتىن ھەتتا ئۆزۈممۇ قانائەتلەنمەيمەن. مەن، ئاللاھ،نىڭ ھەممىدىن ئەلا نۇپۇزىغا تايىنىشىم لازىم. ئۇنىڭ مېھرىبانلىقىنى قوبۇل قىلىشىم لازىم. ئاللاھ، بەندىلەرگە مۈشكۈلات ئىچىدە شەپقەت قىلغۇچى،

مېھرىبانلىقنى ياغدۇرغۇچىدۇر. ئاللاھ، ياۋۇزلۇقنى ياراتمايدۇ، - دېيىلگەن. ئاللاھ، ياۋۇزلۇقنى بىر خىل سىرلىق يوشۇرۇن ھالەت دەپ، قارايدۇ، كۆللىھۇم شەيئىلەرنىڭ ئىچىدە ئادەم بەكمۇ قاقباش كېلىدۇ، بۇزۇقچىلىقتا چېكىگە يەتكەن بولىدۇ. كىم، كىمنى بىلىپ يېتەلەيدۇ ؟ كىمنى، كىم بىلەلەيدۇ؟ بۇ ھەر بىر ھاياتلىقنىڭ ئاللاھ،قا ئېھتىياجى چۈشۈپ تۇرىدىغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر.

بۇ قېتىمقى ۋەقە ياۋۇزلۇقنىڭ سىرلىق ئىكەنلىكىنى تونۇتۇپلا قالماي، ئۆز ئارا بىر -بىرىمىزگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىمىزنىمۇ بىزگە تونۇتۇپ قويدى. ئۆتكەن بىر نەچچە كۈن ئىچىدە نىۋ يورك شەھرى، ۋاشىنگتۇن شەھرى پۈتۈن دۇنياغا ئۆلگە بولدى.ئوت ئۆچۈرگۈچىلەرنىڭ، ساقچىلىرىمىزنىڭ باتۇرلۇقنى، ئىپادىسىنى ھەر قانداق كىشى ئۇنتۇپ كېتەلمەيدۇ. بۇنداق ئېچىنىشلىق ۋەقەگە دۇچ كەلگەندە ئەسلىدە دۆلەت چاك -چېكىدىن بۆسۈلۈپ كېتىشى كېرەك ئىدى، لېكىن بۇ ۋەقە بىزنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ بىر ئائىلىگە ئايلاندۇردى.

بىزنى پارچىلىماقچى بولغان سۇيىقەستچىلەر ئەكسىچە نەتىجىگە ئېرىشتى. بىز ئاۋۋالقىدىنمۇ كۆپرەك ئىتتىپاقلاشتۇق. ھازىر كۆرۈپ يېتەلمىسەكمۇ، ئاخىرى بۇ ۋەقە بىزگە ئۈمىدنىڭ ئۇچۇرىنى- ئالدىمىزدىكى ئۈمىدنىڭ، كەلگۈسىگە باغلانغان ئۈمىدنىڭ ئۇچۇرىنى ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنداق، بۈگۈن بۇ يەر ئۈمىدكە تولۇپ تاشتى. مەن، بىزنىڭ دۆلىتىمىزدە يېڭى بىر روھنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا ئىشىنىمەن.... ئامېرىكا روھنى كۆتۈرۈشى كېرەك.ئىلاھ،نىڭ ساداسى بىزگە داۋاملىق ئۇكۇنۇڭلار ! پۇشايمان قىلىڭلار، -دەپ تەلىم بېرىدۇ. بىر ئاللاھ،قا ئىشىنىشىمىز كېرەك. ئىلاھ، بىزگە يېڭى ئۇسۇل بويىچە بەخت- سائادەت ئاتا قىلىدۇ.

كەلگۈسى ھەم ئۈمىدكە تولۇپ تاشتى. چۈنكى بۇ، ئاللاھ،نىڭ ۋەدىسى ئىدى.مەن......، بۇلۇش سۆيىتىم بىلەن بۇ دۇنياغىلا ئەمەس ھەم كەلگۈسى ئاخىرەتكە ئىشىنىپ ئۈمىدۋارلىق ئىچىدە ياشايمەن. مۇشۇ ھەپتە قازا قىلغان نۇرغۇن كىشىلەر ئاللىقاچان جەننەتكە كىردى. ئۇلار

قايتىپ كېلىشنى خالىمايدۇ.بۇ ئىنتايىن بۈيۈك شان -شەرەپ، ئاجايىپ شان -شەرەپتۇر. بۇ بىزنىڭ ئاللاھقا ئىشىنىدىغان بارلىق كىشىلەرنىڭ شان -شەرىپىدۇر. مەن كىشىلەرنىڭ شۇنداق ئۈمىدلىك ياشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

بۇ ۋەقە بىزگە قىسقا ئۆمۈرنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇش بەردى.قايسى ۋاقىتتا ئەبەدى ھاياتقا قايتىدىغانلىقىمىزنى بەندىلەر بىلەلمەيمىز. ھەپتىنىڭ ئىككىنچى كۈنى ئايروپىلانغا چىققان كىشىلەر، سودا مەركىزىگە خىزمەتكە چىققان كىشىلەر، بۇ كۈننىڭ ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى بىر كۈن بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلگەنمىدى؟ئۇلار بىلىپ يېتەلىگەن ئەمەس. شۇڭا ھەممىمىز قەلبىپ ئېھتىياجىغا يۈزلىنىشىمىز كېرەك. ئۆزىمىزنى ئاللاھ، قا ۋە ئۇنىڭ ئەقلى- ئىرادىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىشىمىز كېرەك. بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپتىمىز، ئاللاھ، بىزنىڭ ئازاپلىرىمىزنى، ياۋۇزلۇقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئاللاھ، بەندىلەرنى سۆيىمەن دەپ، ۋەدە بەرگەن. مۇشكۇلاتقا، ئازاپقا دۇچ كەلدىڭلار، لېكىن مەن يەنىلا سىلەرنى سۆيىمەن، دېگەن.

بىز ھازىر، تالالاشقا دۇچ كەلدۇق. بارلىق مىللى دۆلەتلەر كەيپىيات ۋە روھى جەھەتتە پارچىلىنىپ كېتىشى كېرەكمۇ ياكى ئەسلىدىكى ئاساسلار ئاساسىدا تېخىمۇ قۇدرەتلىك دۆلەت بولۇپ قۇرۇلىشى كېرەكمۇ؟ مەن شۇ ئاساسلارغا تايىنىپ دۆلەتنى قايتا قۇرۇپ چىقىدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىمەن. بۇ ئاساس بىزنىڭ ئاللاھ، قا بولغان ئىشەنچىمىزدۇر. بۇ دېمەك، بىزنىڭ مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇشىمىزنىڭ ئەھمىيىتىدۇر. ئاللاھ، بىزنى مېھرىبانلىقى بىلەن قۇچاغلاپ تۇرۇپتۇ. بىز ئاللاھ،قا ئىشەنسەكلا، ئاللاھ، بىزنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيدۇ. بىز، ئاللاھ، نىڭ پىرىبىزدىبىتىمىزغا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە ئەقىل -پاراسەت ئاتا قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. ئاللاھ، بىزگە بىز بەختلىك بولىدىغان كۈنلەرنى ئاتا قىسۇن !ئامىن!

## " ئادالەت كېڭىيىشى لازىم"

2001-يىلى9 -ئاينىڭ22 -كۈنى

مەن، ماۋزۇ قىلىپ قويغان بۇ بىر جۈملە سۆز، پىرېزىدېنت بۇشنىڭ 20-كۈنى كەچتە ۋاشىنگىتۇندا سۆزلىگەن نۇتقىنىڭ ماۋزۇسى ئىدى. بۇ نۇتۇق 9-ئاينىڭ11 -كۈندىن كېيىن، تاقتى -تاق بولغان ئامېرىكا خەلقىگە زور ئىلھام بەرگەن نۇتۇق ئىدى. بۇ قېتىم سۆزلەنگەن نۇتۇق، پىرېزىدېنت بۇش ئاقسارايغا كىرگەن 8 ئايدىن بېرى، تۇنجى قېتىم ئەڭ چىرايلىق سۆزلەنگەن نۇتۇق بولۇپ قالدى. نۇرغۇن كىشىلەر، " دەبدەبىلىككە تەكەللۇپ ئارىلاشقان، ئەتىراپلىق تەپەككۇر قىلىش بىلەن سۆزلەنگەن بۇ نۇتۇق1941 -يىلى12 -ئاينىڭ7 -كۈنى فىرىلىخارىبېر پورتى ياپونىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغاندا، ياپونىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىش مۇراسىمدا مەرھۇم پىرېزىدېنت روزۋېلىتنىڭ سۆزلىگەن نۇتقى بىلەن ئوخشاش نۇتۇق بولدى"، دېيىشتى.

ئامېرىكا سەۋەبسىز ھۇجۇمغا ئۇچرىغان، گۇناھسىز پۇقرالار دىشەتلىك پارتلاشقا دۇچ كەلگەن، ئەركىنلىك ۋە ئامېرىكا دۆلىتىنىڭ بىخەتەرلىكى ئېغىر تەھدىتكە دۇچ كەلگەندە، ئامېرىكىنىڭ نۆۋەتتىكى دائىسى بولغان پىرېزىدېنت بۇش كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئامېرىكا پۇقرالىرىنى نەھەرىكەتلەندۈرۈپ، دۇنيا بويىچە تېرورىستلارنى تازىلاش، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، تراگېدىيىنىڭ قايتا تەكرارلانماسلىقىغا كاپالەت قىلىش جەھەتتە بۇ نۇتۇقنىڭ كەسكىن ئىبارىلىرى ئارقىلىق مەقسىتىگە يەتتى. بۇ نۇتۇق، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ۋە كېڭەش پالاتاسى ئەزالىرىنىڭ بىردەك قوللىشىغا ئېرىشتى. كۆپچىلىك ئامېرىكىلىقلار، بولۇپمۇ نيۇ يورك ۋە ۋاشىنگىتۇندا قازا قىلغان كىشىلەرنىڭ ئۇرۇغ -تۇغقانلىرى ھۆكۈمەتنىڭ مەيدانىغا قوشۇلدى.ئەسكىرى سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، قاتىللارنى باستۇرمىغىچە توختىمايمىز، دېيىشتى.

پىرېزىدېنت بۇش تېخى ئۇرۇش ئېلان قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن

ئۇنىڭ تەلەپلىرى، پىلانلىرى كونكرېت بولدى. پىرېزىدېنت بوش ئافغانىستان ھۆكۈمىتىنىڭ تېرورىست ئوساما بىن لادىننى ۋە ئۇنىڭ مۇرىدلىرىنى دەرھال تاپشۇرۇپ بېرىشنى ۋە ئەلقائىدە تەشكىلاتىنىڭ ئافغانىستاندىكى بازىلىرىنى تاقاشنى تەلەپ قىلدى. ئافغانىستان ھۆكۈمىتى ئوساما بىن لادىننىڭ چېگرادىن چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن، ئامېرىكا تەرەپكە يەنە ۋاقىت كېرەك دەپ،باھانە كۆرسەتتى. بىراق، پىرېزىدېنت بوش، ئۇلارنىڭ ئارقىغا تارتىش ھېلىسىنى كەسكىن رەت قىلدى :قاتىللار جازاغا ئۇچرىشى كېرەك، تېرورىستلارنىڭ قارا ئۇۋىسى پاچاقلىنىشى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى.

بىر نەچچە كۈندىن بېرى، ۋاشىنگتوندا گېنېراللار جىددىيلىشىپ، ئەسكىرى قىسىملار سەپكە تېزلىپ، ۋەزىيەت جىددىيلىشىپ كەتتى.گېنېراللار ئامېرىكىنىڭ قارارىنى ئافغانىستان خاتا چۈشەنمەسلىكى كېرەك، دېيىشتى.

9-ئاينىڭ11 -كۈنى، بۇ كۈن ئامېرىكىدا ھەقىقەتەن ئېچىنىشلىق بىر كۈن بولدى.پۈتۈن ئامېرىكا ماتەم تۇتتى، پۈتۈن دۇنيا ماتەم تۇتتى. خۇددى پىرېزىدېنت بوش ئېيتقاندەك :" مەدەنىيەتلىك دۇنيا ئامېرىكىنىڭ ئەتراپىغا ئىتتىپاقلاشمايدىكەن،شۇنى چۈشىنىشى كېرەككى، تېرورىستلار جازالانمايدىكەن،

ئۇلارنىڭ شەھەرلىرى، خەلقى تېرورىستلارنىڭ كېلەر قېتىملىق نىشانىغا ئايلىنىدۇ... دۇنيا شۇنداق دەپ، ھېس قىلدى، ئوساما بىن لادىن مەدەنىيەتلىك دۇنيانى ئۆزىگە دۈشمەن تۇتتى. ئەركىنلىك، ئادىمگەرچىلىكنى ئۆزىگە دۈشمەن تۇتتى. ھەر قانداق ھۆكۈمەت ۋە تەشكىلات ئوساما بىن لادىنغا ياردەم بېرىدىكەن ياكى ئۇنى قانات ئاستىغا ئالىدىكەن،ئوخشاشلا ئەيىپلەشكە، جازالاشقا ئۇچرايدۇ"،دەپ كۆرسەتتى پىرېزىدېنت بوش نۇتقىدا.

21-ئەسىردە باشلانغان بىر مەيدان ئۇرۇش، چاشقاننىڭ ئۆلگىسى كەلسە مۈشۈكنىڭ قۇيرىقىغا ئېسىلىپتۇ، دېگەندەك، ھېچ قانداق كۈچ،

تەسرى يوق، تېرورستلار ئامېرىكىدە ك قۇدرەتلىك بىر دۆلەتكە ھۇجۇم قىلىش بىلەن باشلانغان ئۇرۇش بولدى. بۇ ئەلۋەتتە تېرورىستلارنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى ئىدى. تېرورىستلارنىڭ رەزىل ۋاستىلىرى ۋە ئاساسلانغان نەزەرىيىلىرى،ئەرەپ تېرورىستلىرىنىڭ ياۋۇز تەبىئەتلىك مەخلۇقلار ئىكەنلىكىنى دۇنيا ئالدىدا ئىسپاتلاپ بەردى. تېرورىستلار ھەر قانداق مۇقەددەس سۆز -ئىبارىلەرگە تايانمىسۇن، سەۋەپسىز، نىشانسىز، گۇناھسىز پۇقرالارنى ئۆلتۈرۈشتىن ئىبارەت قارا نىيەت ياۋۇزلۇقنى ھەر قانداق ئىنسانىنىڭ تەبىئىتى قۇبۇل قىلالمايتى.

9-ئاينىڭ11 -كۈنىدىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىچىدە بەزى بىر بەختىسسىزلىكلەر يۈز بەردى. ئايرىم كىشىلەر ئۆچمەنلىكىنىڭ تىغ ئۇچىنى ئەرەپلەرگە، ئىسلام مۇرىتلىرىغا قاراتقاندەك بولدى. ئۇلار تېرورىست ئوساما بىن لادىننىڭ كاساپىتىدىن ئوخشىمىغان دەرىجىدە بەختىسىزلىككە دۇ چار بولدى.دەل شۇنداق پەيتتە پىرېزىدېنت بوش ئەپەندى، :" ئاز ساندىكى خوردارلارنىڭ كاساپىتىدىن گۇناھسىزلارنى خورلىماڭلار، ئۇلارنى رەنجىتمەڭلار، دەپ كۆرسەتتى. پىرېزىدېنت بوش يەنە، چاقىرىق قىلىپ:" ئەرەپلەر بىزنىڭ دوستىمىز، ھەقىقى مۇسۇلمانلار تىنچلىقنى سۆيىدۇ. ئامېرىكا كۆپ مەنبەئەلىك جەمئىيەتنى ساقلاپ قېلىشى، كەڭ قورساق بولۇشى لازىم، شۇنداق بولغاندىلا بۇلار ئامېرىكىنىڭ ھەقىقى كۈچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ "دەپ، كۆرسەتتى.

دېمۇكراتىك جەمئىيەتتە ھەر قانداق بىر زور ۋەقە يۈز بەرگەن ھامان، ئوخشاش بولمىغان.ئىنكاس، ئوخشاش بولمىغان پىكىر قوزغايدۇ. دەل پىرېزىدېنت بوش نۇتۇق سۆزلەۋاتقان بىر پەيتتە ئامېرىكىنىڭ پۈتۈن ئالى مەكتەپلىرىنىڭ سەينالىرىدا تىنچلىق يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ، ھۆكۈمەتنى قورال ئىشلەتمەي بۇ ۋەقەنى ئادالەت بىلەن بىر تەرەپ قىلىشقا چاقىرىق قىلدى. ئەسكەر چىقىرىشتىن ساقلىنىشنى تەلەپ قىلدى. ( نېمە دېگەن ئۇلۇغ خەلق،-ھە، ئامېرىكا خەلقى) لېكىن ھازىرقى مەسىلە،دۈشمەن ئۇرۇش بىلەن دۆلەت بوسۇغىسىغا كېلىپ بولدىغۇ، دېگەن مەسىلە ئىدى.

20-ئەسىرنىڭ90 -يىللىرىدىن تاكى ھازىرغىچە، دۇنيادا تېرورىزىملىق ھەرىكەتلەر، بېرىنىڭ كەينىدىن بىرى چىقىپ ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كەلدى. ئەمدى بۈگۈن نىۋ يورك شەھرى ۋە ۋاشىنگىتۇن شەھرى شۇنداق تېرورىستلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. ئەگەر ئامېرىكا ۋاختىدا ئۇرۇش بىلەن جاۋاب قايتۇرمايدىغان بولسا،ئوخشاش تېرورىستلىق ھەرىكەتلەرنىڭ ئاخىرى ھەر گىز ئۈزۈلمەيدۇ. تىنچلىق دۈشمەنگە يول قويۇش بىلەن قولغا كەلمەيدۇ. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا پرېزىدېنت بوش،:" ئەركىنلىك بىلەن تېرورىزىم، ئادالەت بىلەن زوراۋانلىق توقۇنۇش ئىچىدە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بىز ئىشىنىمىزكى ئاللاھ، ياۋۇزلۇق بىلەن ئاقىلانىلىق ئوتتۇرىسىدا بىتەرەپ تۇرالمايدۇ، ئۆزىنى ۋەقەلەرنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇپ، بىتەرەپ تۇرىدىغان ئادەممۇ بولمايدۇ "دەپ، كۆرسەتتى.

**بېيجىڭ**

2001-يىلى9 -ئاينىڭ 29-كۈنى

"ئافغانىستان نۆۋەتتە دۇچ كەلگەن ئۇرۇش بېسىمىغا بېيجىڭ ئىنتايىن جىددى دىققەت قىلىۋاتىدۇ"، دەپ كۆرسەتتى گېزىتلەر.

"تەيۋەن ئاگېنتلىقى : "چۈنكى ئافغانىستان بىلەن جۇڭگۇنىڭ مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرىستاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چېگرانىڭ ئۇزۇنلىقى 70 كىلومېتىر بولۇپ، فا مېر ئىگىزلىكىگە تۇتىشاتتى. فرانسىيىنىڭ" ئازادلىق گېزىتى "، بۈگۈن، :' بېيجىڭ ئىنچىكىلىك بىلەن ھېسابلاپ كۆردى،ئىچ - ئىچىدىن خوش بولۇپ كەتتى، چۈنكى ئامېرىكا تەشەببۇس قىلغان تېرورىزىمغا قارشى تۇرغۇچى دۆلەتلەر ئىتتىپاقىدا، بېيجىڭ يېڭى ۋەزىيەتتە يېڭى مەنپەئەتكە ئېرىشتى دەپ كۆرسەتتى. دېمەككەندىمۇ ئامېرىكىنىڭ،روسىيە بىلەن خىتاينىڭ ئارقا ھويلىسىنى10 يىلدىن ئارتۇق قوغداپ بېرىشى بەلكى خىتاينىڭ ئۇخلاپمۇ چۈشىگە كىرمىگەن بىر ئىش بولغىيدى.

خىتاي تىلدا نەشر قىلىنىدىغان" دۇنيا گېزىتى"،11 :" -سىنتەبىر

ۋەقەسىدىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ يېڭى دۈشمىنى ئوتتۇرىغا چىقتى، شۇنداق ۋاقىتتا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ۋە بەش بۇرجەكلىك بىنانىڭ ئۇمۇمى ستىراتېگىيىسىدە، بېيجىڭ تەھدىتى، ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى، ھەتتا بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇلدى، دەپ يازدى.

ئوخشاشلا بېيجىڭ ئامېرىكىنىڭ تېرورىزىمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنى قوللاشنى ئويلىغاندا ئۆز مەنپەئەتىنىڭمۇ شۇنىڭ ئىچىدە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. پرېزىدېنت بوش ئاقسارايغا كىرگەندىن كېيىن، بېيجىڭ بىلەن ۋاشىنگتۇننىڭ مۇناسىۋىتى ئوڭۇشلۇق بولمىغان بولسىمۇ، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بېيجىڭ ئامېرىكا بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلىماقچى بولدى. بىراق، شەرت شۇكى، بېيجىڭ، جۇڭگونىڭ قۇدرەتلىك دۆلەتلىك ئورنىنى ۋاشىنگتۇننىڭ ئېتىراپ قىلىشىنى، كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە ئامېرىكىنىڭ ئۇيغۇرىستان، تىبەت مەسىلىسى بويىچە بىر قەدەر چۈشىنىش پوزىتسىيىسى قوللىنىپ، ئىپادە بىلدۈرۈشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

يېڭى ۋەزىيەتتە بېيجىڭ، تېرورىزىمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ ھامان چېكى بولۇشى لازىم دەپ، ھېسابلىدى. چۈنكى، بېيجىڭ تېرورىستلارغا زەربە بېرىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا سىڭىپ كىرىشىدىن ئەڭلىدەك قورقاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگو،" ئامېرىكا ئافغانىستانغا ئەسكەر چىقارغاندا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قوشۇلىشىدىن ئۆتىشى كېرەك، ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ نورمال سىزىقتىن ئالقىپ كېتىشىنى چەكلەش كېرەك"، دەيدىغان ئۆزىنى ئەنسىرىتىپ تۇرغان سۆز ئىبارىللىرىدە چىڭ تۇرۇۋالدى.

ختاي تىلىدا نەشىر قىلىنىدىغان" دۇنيا گېزىتى"نىڭ باھا بېرىشىگە قارىغاندا، " جۇڭگو چوڭقۇر ئويلاپ بىر قارارغا كەلگەن ئىمىش، ئىنتايىن مول نېفىت، تەبئى گاز بايلىقىنى باغرىغا بېسىپ ياتقان ئوتتۇرا ئاسىيا جۇڭگونى ئۆزىگە قىزىقتۇرۇپ، جۇڭگو رەھبەرلىرىدە غەرەز پەيدا بولغان ئىمىش، شۇڭا جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىيانى ئالىقاچان جۇڭگونىڭ

ستراتېگىيىلىك مەنپەئەت دائىرىسىگە كىرگۈزگەن ئىمىش، ئېنېرگىيە مەسىلىسىنى ئويلىنىشتىن باشقا، جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىيا بىزنىڭ كېڭىيىش پاسىلىمىز، دەپ قارىغۇدەكمىش" ، ئوهوي !ختاي هۆكۈمىتى مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرىستاننى پەللەمپەي قىلىپ، ئۇزۇنغا سەكرەش تاختىسى قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا سەكرەيدىغان ئوخشىمامدۇ؟!

1996-يىلى3 -ئايدا بېيجىڭ، تەيۋەن بوغىزىغا پوپۇزا خاراكتېرلىك راكېتا قويۇپ بېرىپ، تەيۋەن بوغىزى كىرزىسىنى پەيدا قىلغاندا، ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ7" - ئىسكادرونى "تەيۋەن بوغىزىغا كىرىپ بۇ ئىشقا ئارىلاشقاندا، جۇڭگو سۆڭگەكچىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا تېرىۋېلىپ، روسلار، قازاقلار، قىرغىزلار، تاجىكلارنىڭ، ئۆزبېكلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، كېلىشىم ئىمزالاپ " شاڭخەي هەمكارلىق تەشكىلاتى "دەيدىغان بىر نېمىنى قۇرۇپ چىقىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانى هەم ئارقا سەپ بازىسىغا ئايلاندۇرغان هەم تەيۋەن بوغىزىدا كۆڭۈلسىزلىكلەر يۈز بېرىپ قالسا، ئارقا سەپ ئۇيغۇرىستاندا ئىنقىلاب يالقۇنى تۇتۇشۇپ كېتىدۇ، دەپ ئەنسىرەپ، ئورۇس، قىرغىز، ئۆزبېكلەردىن ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى تەشكىللىگەن ئىدى.

خەلقئارا تېرورىستلىق هەرىكەتلەرنى تەتقىق قىلغۇچى بادوۋسكى، :"بېيجىڭ پاكىستانلىق جاسۇسلارنى ئوتتۇرا ئاسىياغا ئەۋەتىپ ئىشقا سېلىپ، جۇڭگو ئۈچۈن ( جۇڭگوغا دوست بولىدىغان جاسۇسلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرمەكتە)، بۇ ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى ئاجىز مۇناسىۋەتلەرنى كۈچەيتىپ، ئارقا سەپتىن كۈچلەندۈرۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيانى ئامېرىكىغا قارشى تۇرىدىغان تۆۋرۈككە ئايلاندۇرۇپ زۇرۇر تېپىلغاندا روسىيە بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا قارشىلىشىپ مۇستەقىللىق تەلەپ قىلغۇچى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق هەرىكىتىنى تۇنجۇقتۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ"، دەپ كۆرسەتتى.

**جۇڭنەنخەينىڭ خىتاي بەگلىرى نېمە قىلىۋاتىدۇ**

2001-يىلى9 -ئاينىڭ30 -كۈنى

تاشقى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغاندا جۇڭنەنخەينىڭ بەگلىرى ئەزەلدىن سىياسى ۋە ئىقتىسادى مەنپەئەتنى ئۆلچەم قىلىپ كەلگەن. بۇ ئارقىلىق قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇشنى ۋە ئامېرىكىدىن ئالقىپ كېتىشنىلا ئويلىغان. ئىنسانلارنىڭ يەر شارىدا بىر كەنت ئىچىدىلا ياشايدىغانلىقىنى شۇڭا ئىناقلىق، بىر -بىرىگە ئامراقلىق، خوشنىدارچىلىقنىڭ مۇھىملىقىنى، ئۆز ئارا مېھرىبانلىق ۋە بىر -بىرىگە ياردەم بىرىشنىڭ مۇھىملىقىنى قىلچىمۇ ئويلاپ قويمىغان.

جۇڭنەنخەينىڭ بەگلىرى بىر تەرەپتىن ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇش، ئامېرىكىغا ئىچ -ئىچىدىن ئۆچمەنلىك قىلىش تەشۋىقاتى ئارقىلىق جۇڭگۇ پۇقرالىرىنى ئالداپ، مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ كەلگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئامېرىكىغا خوشامەت قىلىپ، ئامېرىكىنىڭ كاپىتالىنى، تېخنىكىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، تېخنىكىغا ۋە بازارغا ئىگە بولۇپ، مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىدى. خىتاينىڭ بۇ خىل ئاشكارە ھېلىگەرلىكى جەمئىيەتتە ناھايىتى ئېغىر زىددىيەت پەيدا قىلدى. خىتاينىڭ بۇ قېتىم"11 - سىنتەبىر ۋەقەسى"گە تۇتقان مۇئامىلىسى بۇ زىددىيەتنى خىتاي بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى تولۇق ئەكس ئەتتۇرۇپ بەردى.

"11- سىنتەبىر ۋەقەسى" يۈز بەرگەن كۈنى گېزىتلەردە ئاشكارىلىنىشىچە جىياڭ زېمىن پىرېزىدېنت بوش ئەپەندىگە تېلېفون بىرىپ،:" قۇربان بولغان گۇناھسىز بەندىلەرگە ماتەم تۇتىمەن" ، دېدى. گويا ئارتۇقچە ھېسداشلىق قىلىشنى خالىمىدى ياكى ئارتۇقچە ھېسداشلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. خىتاينىڭ تەشۋىقات ئورگانلىرى يۈزەكى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، "ئامېرىكا ئۆچمەنلىكى"نى تەشۋىق -تەرغىب قىلىشقا چەك قويغان بولسىمۇ، ئەمما" خەلق گېزىتى"تور بېتىدە ئەمېرىكىغا قارشى تەھرىر ماقالىسى ئېلان قىلدى. بۇ خىل زىددىيەتلىك ھادىسىلار

جۇڭنەنخەي بەگلىرىنىڭ سىياسى كەيپىياتىنى تولۇق ئەكس ئەتتۇرۇپ بەردى.

تېرورىستلارنى ئۈزۈل-كېسىل تارمار قىلىش ئۈچۈن ئامېرىكا، دۆلەتلەر ئارا ئىتتىپاقلىشىشنى تەكىتلەۋاتقاندا، روسىيە تېرورىزىمغا قارشى ئۇرۇشنى شەرتسىز قوللاۋاتقاندا،، ئەينى چاغدا كىرىملى ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ قۇرۇغلۇق ۋە ھاۋا تەۋەلىرىنى ئامېرىكىنىڭ قۇدرەتلىك ئارمىيىسىگە ئېچىپ بەرگەندە، ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ھەربى بازا قۇرۇشنى قارشى ئالغان بىرلا روسىيە بولدى، ئېران بىتەرەپ تۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

بۇئىشلار ئۈچۈن سەپراسى ئۆرلىگەن جۇڭنەنخەينىڭ بەگلىرى، جۇڭگۇنىڭ غەربى تەرەپ مۇستەملىكىسى ئۇيغۇرىستان چېگراسىدا ئامېرىكا باشچىلىقىدا غەرپ دۆلەتلىرى ئارمىيىسىنىڭ پەيدا بولىشىدىن، بۇ يەردە ئامېرىكا باشچىلىقىدا غەرپ دۆلەتلىرىنىڭ تەشكىللىنىشىدىن ئەنسىرىدى، ئەندىشە قىلدى، تېپىچەكلىدى."ھەيىيا ۋادى مايا"، دېدى. ئاقمايدىغان پىكىر، ئامېرىكا ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىش ئۈچۈن "بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ رۇخستىنى ئېلىش كېرەك "دەيدىغان ئاقمايدىغان پىكىرنى كۆتۈرۈپ چىقتى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تېرورىستلارغا ئۇرۇش ئېلان قىلالامتى، ھازىر ئەمدى بۇ ئۇرۇشقا ئامېرىكا رەھبەرلىك قىلىدۇ. ناتوغا ئەزا دۆلەتلەر، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى، جەنۇبى ئاسىيا دۆلەتلىرى پەقەتلام ئامېرىكىنى قوللايدۇ، خالاس.

مۇشۇ كۈنلەردە، ئامېرىكىنىڭ داڭلىق گېزىتلىرىدىن بىرى،" ۋول كوچىسى گېزىتى"،" جۇڭگۇنىڭ توسقۇنلۇقى " ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىپ، :"جۇڭگۇ، ئامېرىكىنىڭ تېرورىزىمغا قارشى ئۇرۇشىغا توسقۇنلۇق قىلماقچى بولىۋاتىدۇ، ئەگەر جۇڭگۇ تېرورىزىمغا قارشى ئۇرۇشقا ئاكتىپ قاتناشمايدىكەن، ئەڭ ئېغىر زىيان تارتىدىغان دۆلەت ئاخىرىدا جۇڭگۇ بولۇپ قالىدۇ. پەرەز قىلىشقا ھەقلىقمىزكى، تېرورىزىمغا قارشى ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، خەلقئارا دائىرىدە گېئوپولېتىكىلىق تەسىر دائىر

ئايرش قايتىدىن ئايرىلىدۇ. خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ يېڭى تەرتىپى قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ " دەپ كۆرسەتتى. رابىيە قادىرنى قوللاش،2001-يىلى 10-ئاينىڭ3 -كۈنى

مېنىڭ ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە قادىرنى غەرپ ئەللىرىدە قوللاش، مەتبۇئات ساھەسىدە قوللاش پەقەت 18 كۈنلام توختاپ قالدى.

10-ئاينىڭ3 -كۈنى "كۈزەتكۈچى" خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى مېيكى خانىمنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئارقىلىق، ب ب س رادىئو تېلېۋىزىيە ئىستەنزىسىنىڭ خىتاي تىللىق بىر نەپەر مۇخبىرى مېنى، سىدىقھاجى روزىنى زىيارەت قىلدى:

-ھازىرقى دۇنياۋى سىياسى ۋەقەلەر، رابىيە قادىرنىڭ بۈگۈنلەردە خىتاينىڭ تۈرمىسىدىن ئازاد بولىشىغا، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق تەلەپلىرىگە تەسىر قىلىشى مۇمكىنمۇ؟

-ياق مۇخبىر ئەپەندىم، مەن، ئامېرىكا خەلقىگە، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئەزالىرىغا ئىشىنىمەن، ئۇلار رابىيە قادىرنى، ئۇيغۇرلارنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيدۇ.

**"ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى "**

2001-يىلى10 -ئاينىڭ5 - كۈنى

"نىۋ يورك ۋاقىت گېزىتى"،2001 -يىلى 10-ئاينىڭ5 -كۈنى :" ئىسلامى گورۇپپىلارنىڭ جەمئىيەت تەرتىپىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار ياشايدىغان "شىنجاڭ " ئۇيغۇرىستاننىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىدە جۇڭگو دائىرلىرى باستۇرۇشنى يولغا قويدى. ئەگەر جۇڭگو 10 يىل بۇرۇنقى سابىق سوۋېتلەر پارچىلىنىشىنىڭ كاتاڭىغا چۈشۈپ قالىدىغان ئىش بولسا،، ئۇيغۇرىستان بىرىنچى بولۇپ پارچىلىنىپ چىقىپ كېتىدىغان ئۆلكە بولۇپ قالىدۇ"، ( مۇستەملىكە ئۇيغۇرىستاننىڭ كۈندۈلۈك خاتىرلىرى،ماۋزۇلۇق كىتابىنىڭ 123-بېتىگە قارالسۇن)

دەيدىغان مەزمۇندا ماقالە ئېلان قىلغاندىن كېيىن "ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى"نىڭ بېيجىڭدە تۇرۇشلۇق مۇخبىرى، جون فامپېرىت ئەپەندى، تېلېفون ئارقىلىق مېنى زىيارەت قىلدى:

-- مۇخبىر بىلەن ئىككىمىز، مېنىڭ ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە قادىرنىڭ تۇرمە ھاياتى، رابىيە قادىرنى قولغا ئېلىشنىڭ سەۋەبلىرى، رابىيە قادىر قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭ سودا -سارايلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىلىرى، نۆۋەتتە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش سىياستى، سىدىقھاجى روزىنىڭ ۋەتەندە نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقى، سىياسى پاناھلىق ئېلىش ئۈچۈن نېمىشقا ئامېرىكىنى تاللاپ ئالغانلىقى، يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى قېتىم دۆلەت قۇرغانلىقى ۋە ئۇ دۆلەتلەرنىڭ تارىختىن قانداق غايىپ بولغانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەر بويىچە خىتاي تىلى ئارقىلىق ئىككى سائەت سۆزلەشتۇق.

مەن، بۇ يەردە پەقەت، ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئىككى قېتىم دۆلەت قۇرغانلىقى توغرىسىدا مۇخبىر بىلەن سۆھبەتلەشكەن سۆھبەتىمنىڭ مەزمۇنلىرىنى قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتەي :

-مۇخبىر ئەپەندىم، ئۇيغۇرلار قوراللىق قوزغىلاڭ ئارقىلىق1933 -يىلى11 -ئاينىڭ12 -كۈنى ئۇيغۇرىستاننىڭ قەشقەر ئۆلكىسىدە "شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى"نى قۇرۇپ چىقتى.1937 -يىلى ستالىن، قۇرۇغلۇق ۋە ھاۋا قىسىملىرىنى ئەۋەتىپ بۇ دۆلەتنى قوراللىق باستۇردى. ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمان ئوغلى ئابدۇ نىياز كامال، قوراللىق ئۇيغۇرلارغا رەھبەرلىك قىلىپ، قەشقەردە قۇرۇلغان دۆلەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قەھرىمانلەرچە ھەم ستالىننىڭ تاجاۋۇزچى ئارمىيىسگە ھەم مىللىتارىست خىتاي شىڭ شىسەينىڭ ئارمىيىسگە قارشى قانلىق جەڭ قىلدى.لېكىن ئاخىرى كۈچى يەتمەي مەغلۇپ بولدى، ستالىن قەشقەردە قۇرۇلغان ئۇيغۇر دۆلتىنى ئەنە شۇنداق يوللار بىلەن يوقاتتى.

ئۇيغۇرلار 1944-يىلى قوراللىق قوزغىلاڭ ئارقىلىق ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىلى ئۆلكىسىدە "شەرقى تۈركىستان خەلق جۇمھۇرىيىتى"نى قۇرۇپ

چىقتى.ئاۋۇلىدە ستالىن بۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم قىلدى، كېيىن ستالىن1945 -يىلى 2-ئاينىڭ15 -كۈنى چاقىرىلغان" يالتا "يىغىنىدا،1945 -يىلى8 -ئاينىڭ14 -كۈنى موسكۋادا چاقىرىلغان "جۇڭگو، سوۋېت شەرتنامىسى"ئىمزالاش يىغىنىدا، ئۇيغۇرلار قۇرغان ئىككىنچى جۇمھۇرىيەتنى خىتايغا سېتىۋەتتى ياكى چىرايلىق سۆز بىلەن ئېيتقاندا خىتايغا قوشۇپ بەردى.

خىتايغا مۇستەملىكە بولۇپ قالغان ئۇيغۇرلار قوراللىق ۋە قورالسىز كۆرەشلەرنى تاكى ھازىرغىچە بىر كۈنمۇ توختاتقىنى يوق.

سۆھبەتنىڭ ئاخىرىدا "ۋاشىنگتۇن پوچتىسى گېزىتى"نىڭ مۇخبىرى جۇن فا مىپېرىت ئەپەندى :

-11:"-سىنتەبىر ۋەقەسى" ئايالىڭ رابىيە قادىرنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشى توغرىسىدا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگوغا بېسىم ئىشلىتىشىگە تەسىر كۆرسىتەمدۇ ؟

-ياق ! مەن، ئامېرىكا خەلقىگە ئىشىنىمەن، بۇ قۇدرەتلىك دۆلەت ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ يەر شارى سىياسىتىگە ئىشىنىمەن. غەرپ دۇنياسىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتىگە ئىشىنىمەن. قۇدرەتلىك ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە ئىشىنىمەن. ئامېرىكا خەلقى مېنىڭ ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە قادىرنى ۋە ئۇيغۇر ئەلقىنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيدۇ.

"ۋاشىنگتۇن پوچتىسى گېزىتى"نىڭ بېيجىڭدە تۇرۇشلۇق مۇخبىرى جۇن فامىپېرىت ئەپەندى تەييارلىغان رابىيە قادىر ۋە ئۇيغۇرلار توغرىسىدا يېزىلغان بۇ چوڭ ھەجىملىك ماقالە 10-ئاينىڭ13 -كۈنى "ۋاشىنگتۇن پوچتىسى گېزىتى"نىڭ21 - بېتىدە ئېلان قىلىندى. ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن يەنى10 -ئاينىڭ16 -كۈنى پىرېزىدېنت بوش ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىساد يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن شاڭخەيگە يولۇپ كەتتى.

**"نۋ يورك ۋاقت گېزىتى "**

2001-يىلى10 - ئاينىڭ13 -كۈنى

بۇ گېزىت10 -ئاينىڭ11 -كۈنى مۇنداق كۆرسەتتى11 :"- سىنتەبىر ۋەقەسى"دىن كېيىن، بېيجىڭ دائىرلىرى "شىنجىياڭ "ئۇيغۇرستاندا، مىللى بۆلگۈنچىلەرگە تاقابىل تۇرۇشنى كۈچەيتىش يولىدا ئۇرۇنۇپ كەلگەن. 11-كۈنى سۆز- ئىبارىلىرى ھازىرغىچە ئەڭ قاتتىق ھېسابلانغان بايانات ئېلان قىلىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ بۇگۈنكى كۈندە جۇڭگۈنىڭ شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تېرىشچانلىقىنى قوللىشى توغرىسىدا مۇراجىئەت ئېلان قىلدى.ئەيمەنمەي، ئۇيغۇرستان مۇستەقىلچىلىرىنىڭ دۆلەت سىرتىدىكى تېرورىست تەشكىلاتلار بىلەن

ئالاقىسى بارلىقى توغرىسىدا پاكىتىمىز بار دەپ، جار سالدى. ئۇيغۇرستاندا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كاپكاز مەدەنىيەت تىپىغا ئىگە مىللەت بولۇپ، بۇ مىللەتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى كېيىنكى جۇڭگۇ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن ئالقىپ كېتىدۇ.

40"-يىللاردا ئۇيغۇرستاندا جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلىقى جاكارلانغان"، دەپ قەيت قىلغان" نىۋيورك ۋاقت گېزىتى".،" چەتئەلگە چىقىپ كەتكەن ئۇيغۇرلار ۋە يەرلىك ئۇيغۇرلار ھازىرغىچە بۇ نىشاندىن ۋاز كەچكىنى يوق"، دەپ كۆرسەتتى.

كۆپچىلىك ئۇيغۇرنىڭ زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىگە قاتناشقانلىقى توغرىسىدا ھېچ قانداق پاكىت يوق. بىراق، كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار خىتايلارنىڭ.ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئۈستۈنلىكىدىن ئاغرىنىپ كەلمەكتە. غەرپنىڭ سىياسىئونلىرى ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى، جۇڭگۇ بۆلگۈنچىلىكنى چەكلەش ئۈچۈن، كىشىلىك ھوقۇقنى خالىغانچە دەپسەندە قىلىپ، ھەتتا تىنچ يول بىلەن ئۆزىنى ئىپادىلىگۈچى ئۇيغۇرلارغىمۇ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغىمۇ بېسىم ئىشلەتتى دەپ، كۆرسەتتى.

غەرپ سياسى مۇتەخەسسلىرىنىڭ سۆزلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، "نىۋ يورك ۋاقىت گېزىتى"، ئازساندىكى ئۇيغۇرلار ئافغانىستاندا تالىبانلارنىڭ ھەربى تەلىم-تەربىسىگە ئېرىشكەندىن كېيىن شۇلار بىلەن بىرلىكتە مۆرىنى -مۆرىگە تىرەپ ئۇرۇش قىلغانتى. ئوتتۇرا ئاسىيادىن قورال يۆتكەپ ئۇيغۇرستانغا كىرگەنلىرىمۇ بار ئىدى. لېكىن تالىبانلارنىڭ ياكى ئوساما بىن لادىننىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدا ئاغدۇرمىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقى توغرىسىدا پاكىت يوق دەپ، يازدى،" نىۋ يورك ۋاقىت گېزىتى"

**بىراق، شۇ نەرسە چۈشىنىشلىككى....**

2001-يىلى10 -ئاينىڭ17 -كۈنى

تونۇشلۇق بىر ئەپەندى ماڭا، ئوكلوخوما شتاتى، شانى شەھرىدىكى ئۆيۈمگە نىۋ يوركتىن تېلېفون بەردى.

-پىرېزىدېنت بوش شاڭخەيگە زىيارەتكە مېڭىشتىن بۇرۇن، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى كېڭەش پالاتاسىنىڭ رەھبىرى رابىيە قادىر توغرىسىدا ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەجلىسى تەييارلىغان بىر پارچە ھۆججەتنى پىرېزىدېنت بوشنىڭ قولىغا تۇتقازغان. بۇ خەۋەرنى بۇ كىشى.....گە، ئەپەندىمگە كىم يەتكۈزگەن؟ تونۇشلۇق ئەپەندىم ماڭا بۇ كىشىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەرمىدى.

بىراق، شۇ نەرسە چۈشىنىشلىككى، رابىيە قادىرنىڭ سياسى مەسىلىسى بۈگۈن ئۇيغۇرنىڭ سياسى مەسىلىسىگە ئايلىنىپ ئاقسارايغا كىردى. ئىككى مەسىلە بىر مەسىلە بولۇپ ماتېرىيال سۈپىتىدە پىرېزىدېنت بوشقا تاپشۇرۇلدى. بۇ توغرىدا خىتاي رەھبەرلىرى نېمە ئويلايدۇ، قانداق جاۋاب قايتۇرىدۇ، مەن بىلمەيمەن. ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتى رابىيە قادىرنىڭ تۈرمىدىن چىقىشىنى ۋە رابىيە قادىر نىڭ سياسى مەسىلىسىنى قانداق پىلانغا قويىدى بۇ تەرىپىنى ھەم بىلمەيمەن. ئەمما، يېقىندىن بېرى ئۇيغۇلار توغرىسىدا گېرمانىيە، فرانسىيە، ئەنگلىيە،

ئامېرىكا گېزىتلىرىدە بۇ توغرىدىكى خەۋەرلەر ئارقا -ئارقىدىن ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى. قىسقىسى غەرب دۆلەتلىرى ئۈيغۇرغا ئىگە بولدى.ئەمدى قالغىنىنى ئامېرىكىنىڭ دۇنياۋى سىياسىتىنىڭ ۋەزىيەتلىك تەرەققىياتى بەلگىلەيدۇ. ئالاھىدە، پەۋقۇلئاددە ئۆزگىرىش بولمىسىلا.

**سابىق پرېزىدېنت كىلىنتون**

2001-يىلى10 -ئاينىڭ18 -كۈنى

جۇڭگونەخەيىنىڭ ياساۋۇل بېگى جياڭ زېمىن دەم ئېلىش ئۈچۈن بېيجىڭدىن تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى. يېقىندا شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلىدىغان خەلقئارا ئاسىيا -تىنىچ ئوكيان ئىقتىسادى ھەمكارلىق يىغىندا سايىپخان بولىدىغان جياڭ زېمىن، بولۇپمۇ شۇ يىغىندا ئامېرىكىنىڭ پېرزىدېنتى بوش ئەپەندى بىلەن يۈزمۇيۈز دەرىجىلىكلەر سۆھبىتى ئۆتكۈزىدىغان جياڭ زېمىن ئەپەندى، ئۆزىنىڭ تاييارلىقىنى، چاچ -قاپاقلىرىنى ژۈيۈپ تارايدىغان تەييارلىقىنى پۈتتۈرمەي، تۇيۇقسىزلا بېيجىڭدىن تاشقىرىغا چىقىپ كەتكىنى نېمىسى؟

خىتاي تىلىدا نەشىر قىلىنىدىغان" دۇنيا گېزىتى"نىڭ خەۋەر قىلىشىغا ئا ساسلانغاندا جياڭ زېمىن گۇۋاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شىنجېن شەھرىگە كەتكەنمىش. يىغىن شاڭخەيگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۇرسا، خەلقئارا يىغىنلارغا قاتنىششتىن 10 كۈن بۇرۇن يىغىن مەيدانىغا يىتىپ بارىدىغان جياڭ زېمىن، ھېچ بولمىغاندا شاڭخەي شەھرىنىڭ يېنىدىكى سۇجۇ شەھرىگە ياكى ۋۇشى شەھرىگە ۋە ياكى ئەژدادىنىڭ سۆڭىكى كۆمۈلگەن ياڭجۇ قاتارلىق جايلارغا دەم ئېلىشقا چىقماي، نېمىشقا شىنجېن شەھرىگە دەم ئېلىشقا كەتكەندۇ ؟ كىشىنى گۇمانغا سالىدۇ، گۇمان قىلغانسېرى كىشى ھەيران قالىدۇ.

يەنە باشقا خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا جياڭ زېمىنىنىڭ شىنجېن شەھرىگە دەم ئېلىشقا بېرىشى بۇ " مۆتىۋەر"نىڭ دەم ئېلىشىدىن باشقا...باشقا ئورۇنلاشتۇرۇشمۇ بار ئىكەن. بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش

ئىختىيارى ۋە ئىختىيارنىڭ سىرتىدا بىر پائالىيەتكە قاتنىشىش.... مۇنداق ئېيتقاندا جىياڭ زېمىن شىنجىن شەھرىدە ئالاھىدە بىر كىشى بىلەن ئالاھىدە مەخپىي ئۇچرىشىدىكەن.

پائالىيەتكە ئىختىيارى قاتنىشىشتىن ئېيتقاندا يېقىندا ۋۇجۇتقا چىقىدىغان بېر مۇمكىنلىكنى ئويلىشىشقا توغرى كېلىدۇ. گۇۋاڭجۇدا 90- نۆۋەتلىك كۈزلۈك سودا -يەرمەنكىسى ئۆتكۈزۈلمەكچى ئىدى. يەرمەنكە داغدۇغۇلۇق ئۆتكۈزۈلەمدۇ،-يا !چوڭ تەييارلىق پۈتۈپ قالغان بولسا، جىياڭ زېمىن بېرىپ شۇ يەرمەنكىگە رىياسەتچىلىك قىلامدۇ،-يا ! جۇڭگونىڭ بوگۇنكى سىياسى تۇرمۇشىدىن ئېيتقاندا، رىياسەتچىلىك قىلىش دېگەن سۆزنى جىياڭ زېمىن ئۆزى ئېغىزدىن چىقارغان ئەمەسمىدى؟ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بېر تەرىپى شۇكى، جىياڭ زېمىن شىنجىن شەھرىگە بېرىپ، بۇنىڭدىن سەل بۇرۇن شىنجىن شەھرىگە مەخپىي يېتىپ كەلگەن بېر كىشى بىلەن بەلكى ئەڭ بۈيۈك بېر كىشى بىلەن كۆرۈشىدۇ، دېيىلىدىغان بولسا، بۇنداق مۇمكىنلىكنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ.

بېيجىڭ تەرەپتىن مەتبۇئات ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن يەنە بېر خەۋەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ بۈيۈك كىشى ئامېرىكىنىڭ سابىق پرېزىدېنتى كىلىنتون، گۇۋاڭدۇڭنى زىيارەت قىلار ئىمىش....كىلىنتوننىڭ شىنجىن شەھرىگە زىيارەتكە كېلىشى پرېزىدېنت بوشنىڭ شاڭخەي سەپىرىدىن ئاۋۋال تۈيۈقسىزلا ئورۇنلاشتۇرۇلغان پائالىيەتمىدۇ؟ يۇقىرى دەرىجىلىك مەخپىيەتلىك بۇ خەۋەرنىڭ راست -يالغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا مۇمكىن بولمىسىمۇ، جىياڭ زېمىننىڭ شىنجىن شەھرىگە بېرىشىنى، سابىق پرېزىدېنت كىلىنتوننىڭ شىنجىن شەھرىنى زىيارەت قىلىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا ئىككى رەھبەرنىڭ شىنجىن شەھرىنى زىيارەت قىلىشى سىياسەت ساھەسىدىكى كىشىلەر تارقاتقان ئۆسەك خەۋەر بولماستىن، ئاخىرى پاكىتقا ئايلىنىپ، ئىككى رەھبەرنىڭ شىنجىن شەھرىدە ئۇچرىشىشى، سابىق پرېزىدېنت كىلىنتون بىلەن جىياڭ زېمىننىڭ غەيرى يۇقىرى دەرىجىلىكلەر ئۇچرىشىش بولۇپ قالامدۇ، -قانداق؟

نۆۋەتتىكى پرېزىدېنت بوش ئەپەندى شۇ كۈنلەردە شاڭخەيىنى زىيارەت قىلىدىغان تۇرسا، سابىق پرېزىدېنت كىلىنتون بىلەن جياڭ زېمىننىڭ شىنجىن شەھرىدە ئۇچرىشىشى نېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغاندۇ........؟ئەگەر پرېزىدېنت بوش بىلەن جياڭ زېمىن شاڭخەيدە ئۇچرىششتىن ئاۋۋال، سابىق پرېزىدېنت كىلىنتون بىلەن جياڭ زېمىننىڭ شىنجىن شەھرىدە مەخپىي ئۇچرىششى شۇ تەرزدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولسا، ئىشىنىڭلار بۇ يەردە ئاجايىپ بىر سىياسى ئويۇن ۋە سىياسى ئورۇنلاشتۇرۇش بولۇشى مۇمكىن.

## پرېزىدېنت بوشنىڭ شاڭخەي زىيارىتى 3

2001-يىلى10 -ئاينىڭ19 -كۈنى

جۇڭگۇنىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن، ئاسىيا -تىنچ ئوكيان ئىقتىسادى ھەمكارلىق يىغىنى ئېچىلىشتىن ئاۋۋال،19 -كۈنى شاڭخەي شەھرى "غەربى مېھمانخا"سىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا بۇ يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن يىتىپ كەلگەن، ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى دۆلىتىنىڭ پرېزىدېنتى بوش ئەپەندىنى قىزغىن كۈتىۋالدى.

پرېزىدېنت بوش ئەپەندى بىلەن رەئىس جياڭ زېمىن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. دۆلەت باشلىقلىرىدىن باشقا سۆھبەتكە ئامېرىكا تەرەپتىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى كولىن پاۋېل، دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتىنىڭ مىنىستىرى كاندىلىزا رايىس خانىم ھەم ئامېرىكىنىڭ بېيجىڭدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بېرلىكتە قاتناشتى.

جۇڭگو تەرەپتىن رەئىس جياڭ زېمىنگە ھەمراھ بولۇپ چەن چىچىن، تاشقى ئىشلار ۋەزىرى تاڭ جا شۇۋەن، شاڭخەي شەھەر باشلىقى خۇۋاڭجۇ قاتارلىقلار بىللە قاتناشتى.

پرېزىدېنت بوش بىلەن جياڭ زېمىننىڭ سۆھبىتى ئاۋۋال كېلىمات توغرىسىدا ئىختىيارى سۆزلەش بىلەن باشلاندى. جياڭ زېمىننىڭ تەكەللۇپلىرىگە رەھمەت ئېيتىپ پرېزىدېنت بوش :

- شاڭخەينىڭ كىچىلىك مەنزىرىسى گۈزەل ئىكەن، بۈنىڭدىن 26 يىل بۇرۇن شاڭخەيگە كەلگەن ئىدىم. مۇشۇ يىللار ئىچىدە شاڭخەي ناھايىتى تېز تەرەققى قىلىپتۇ، دېدى. يىغىندىن كېيىن پرېزىدېنت بوش بىلەن جياڭ زېمىن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. جياڭ زېمىن :

-مەن ھازىرلا پرېزىدېنت بوش بىلەن ناھايىتى ياخشى سۆھبەت ئۆتكۈزدۇم. بىز تۈنجى قېتىم يۈز كۆرۈشتۇق. ئىككى تەرەپ ئامېرىكا، بىلەن جۇڭگۇنىڭ مۇناسىۋىتى، تېرورىزىمغا قارشى تۇرۇش، دۇنيا تىنچلىقىنى ۋە مۇقىملىقىنى قوغداش قاتارلىق مەسلىلەر بويىچە چۇڭقۇر ۋە ئەتراپلىق پىكىر ئالماشتۇردۇق ۋە بۇمەسلىلەردە ئورتاق تونۇشقا كەلدۇق دەپ، كۆرسەتتى. ئۇ يەنە : ئىككى تەرەپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنىڭ قەيەردىلىكىنى پۇختا ئىگەللەيدىغان بولساق،3 پارچە شاڭخەي ئاخباراتىنىڭ روھى بويىچە ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى ۋە تەيۋەن مەسلىسىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلالايمىز. شۇنداق قىلساقلا ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتى ئۆزلۈكسىز تەرەققى قىلىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. پرېزىدېنت بوش مۇخبىرلارغا:

-مەن تۈنجى قېتىم، رەئىس جياڭ زېمىن بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدۇم. ئامېرىكا،جۇڭگو ئىككى دۆلەت، تېرورىستلارنىڭ مالىيە كېلىش يوللىرىنى ئۈزۈپ تاشلاش، ئاخبارات ئالماشتۇرۇش جەھەتلەردە ھەمكارلىشىدىغان بولدى، دەپ كۆرسەتتى.(دېمەك، ئۇيغۇرلار مەسلىسى ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى سىياسى سۆھبەتكە يەنە بىر قېتىم قىستۇرۇلدى، دېگەن گەپ )

پرېزىدېنت بوش :

-خەلقئارا تېرورىستلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ جىددىلىكى ۋە تېرورىزىمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭمۇ جىددىلىكى توغرىسىدا ئورتاق تونۇشقا كەلدۇق. ئامېرىكا بىلەن جۇڭگۇنىڭ تېرورىستلارغا ئورتاق زەربە بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.يەنە نۇرغۇن نەتىجىلەرگە ئورتاق ئېرىشىدىغانلىقىمىزغىمۇ ئىشىنىمەن.لېكىن دېدى، پرېزىدېنت بوش

ئەپەندى:

-تېرورىزىمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى يارىتىپ بەرگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئازسانلىق مىللەتلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ئۇيغۇرلار مەسلىسى، خىتاي تېرورىستلار دەپ ئاتاۋاتقان ئۇيغۇرلار مەسىلىسى بويىچە خىتايغا، جىياڭ زېمىنگە بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇش ئىدى. چۈنكى جۇڭگۇ، غەرىپتىكى "شىنجاڭ "ئۇيغۇر ئاپتونۇم رايوندا ئۆزلۈكسىز ۋەقە تۇغدۇرغۇچى مۇستەقىل ئۇيغۇرىستانچىلار ھەرىكىتىگە دۇچ كەلگەن ئىدى.

## "تايمىس گېزىتى"

2001-يىلى10 -ئاينىڭ22 -كۈنى

"تەيۋەن مەركىزى ئاگېنتلىقى " مۇخبىرىنىڭ لوندۇندىن تارقاتقان خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، "جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا تەپسىلاتلار بويىچە تەتقىق قىلىپ، تېرورىستلارغا، ئىسلامچى رادىكالىستلارغا مۇناسىۋەتلىك ئاخبارات ئالماشتۇرۇش كېلىشىمى ئىمزالاشقا تەييارلىق قىلدى. بۇ يېڭى كېلىشىم جۇملىدىن جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى جاسۇسلۇق پائالىيتى ۋە تىنىڭ-تىڭلاش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن ئاخبارات پاكىتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ " دەپ كۆرسەتتى.

ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى، :" جىياڭ زېمىن جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكىگە ۋە ئاخبارات توپلاش سىستېمىسىغا مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارغا، تارماقلارغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئامېرىكا مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسىنى، تالىبانلار ۋە تالىبانلارغا مۇناسىۋەتلىك تېرورىست تەشكىلاتلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئالاقىدار ئاخبارات ماتېرىياللىرى بىلەن چەكلىك تەمىنلەشنى ئورۇنلاشتۇردى، دېدى.( ئۇنداختىا، بۇ ئىككى دۆلەت قارىماققا ئىككى دۆلەت..............)

خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا، :" جۇڭگونىڭ جاسۇسلىرى ئۇيغۇرنىڭ سەرگەردان تەشكىلاتلىرىغا سوقۇپ كىرگۈزۈلگەن، بۇ تەشكىلاتلارنىڭ

غوللۇق ئەزالىرى، ئافغانىستاندا ھەربى تەلىم- تەربىيە كۆرگەن. بەلكى بەزى ئۇيغۇرلار ئوساما بىن لادىنىنىڭ تەربىيەلەش لاگىرىدا تەربىيە كۆرگەن ۋە شۇ لاگىردا پەيدا بولغان"

خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا،جۇڭگونىڭ بىخەتەرلىك تارماقلىرى بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنى ئۆزلىرىگە خىزمەت قىلىشقا كۆندۈرۈپ،1000نەپەر ئەتراپىدا ئۇرۇشپەرەست ئىسلامچى ئۇيغۇرنىڭ پائالىيەت ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلەشنى تەلەپ قىلدى.جۇڭگونىڭ بىخەتەرلىك تارماقلىرى بۇ ئۇيغۇرلارنى ئىشقا سالغاندا، مەجبۇرلاش ئۇسۇلى، پۇل بېرىش ئۇسۇلى، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا تەھدىت سېلىش ئۇسۇلى ياكى ئۇلارغا يۇقىرى خىزمەت ئورنى بېرىشنى ۋەدە قىلىپ، بۇ جاسۇسلارنىڭ ھۆكۈمەت تەرەپ بىلەن ھەمكارلىششىنى قولغا كەلتۈردى. نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار غازاتچىلار ياكى جاھاتچىلار ھېسابلانمىسمۇ، لېكىن پاكىتلار كۆرسەتتىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى كىشىلەرنى ئوساما بىن لادىنىنىڭ تارتىپ كەتكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، روسىيىنىڭ ئاخبارات بىخەتەرلىك ئورگانلىرى، ئوساما بىن لادىنىنىڭ لاگىرىدا تەربىيە كۆرگەن ئىككى نەپەر ئۇيغۇرنى چېچىنىيىدە تۇتۇۋېلىپ، ئۇلارنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن.........ھازىر نەدىدۇر، بۇ يىگىتلەر.... ئالللاھ، نىڭ دەرگاھىدىمىدۇ ياكى تۈرمىلەردە ھايات ياشاۋاتامدىغاندۇ؟

"تايمىس گېزىتى"، ئاخىرىدا :"پىرېزىدېنت بوش، جۇڭگو بىلەن بىرلىشىپ تېرورىستلارغا زەربە بېرىشنى قارا رقىلغاندىن كېيىن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئىسلامىك دۈشمەنلىرىگە خىتاي بىلەن ئورتاق، بىردەك قارشى تۇرۇش ئۈچۈن جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرىستاندا ئۇيغۇرلارنى باستۇرغان بەت -بەشىرلىك رېئاللىقىقا پەۋاسىز قارىدى "دەپ. كۆرسەتتى.

**ئاتقان ئوق قايتىپ كەلمەيدۇ**

2001-يىلى12 -ئاينىڭ13 -كۈنى

12-ئاينىڭ11 -كۈنى شۇنچە يىل تىرەجەپ تۇرۇۋېلىپمۇ، خىتاي دۆلىتى جۇڭگو،ئاخىرى دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەت بولۇپ قاتناشتى. خەلقئارا ئورتاق پىرىنسىپلار ئاساسىدا بازار بىرلىكىنى ئىجتىمائى بىرلىك ۋە كار خانىلار بىرلىكىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ئىقتىساد سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

خەلقئارا ئىقتىساد تەرەققىياتىنىڭ، ئىقـساد ساھەسىدە رىقابەتلىشىشنىڭ كەسكىن ئېلىشىشلىرىدا جۇڭگو، تەرەققىيات ۋە ھاياتلىق ماكانىنى قولغا كەلتۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. نىشان ئىنتايىن ئېنىق بولىدىكى، جۇڭگو ئەمدى ماۋزېدۇڭ دەۋرىگە قايتىپ كېتەلمەيدۇ. ئاتقان ئوق ئەمدى قايتىپ كەلمەيدۇ.گەرچە جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدا دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىش، جۇڭگونىڭ يىمىرىلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ، دەپ قارىغۇچىلار بولىسىمۇ ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ئەندىشە، ساراسىمىگە چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن جۇڭنەنخەينىڭ ئا كىيۇلىرى دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا نۇرغۇنلىغان قالاق دۆلەتلەر ئەزا دۆلەت بولۇپ قاتناشقاندىن كېيىن گۇمران بولمىدىغۇ؟ دېيىشمەكتە. جۇڭگو ئىقتىسادى تەرەققى قىلغان 7 دۆلەتنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ، شۇ ئا جۇڭگومۇ ئۆرۈلۈپ كەتمەيدۇ، گۇمران بولمايدۇ، دېيىشمەكتە

خەلقئارا جەمئىيەت ئۈچۈن جۇڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىشىدىن ئېيتقاندا، ئەزا بولۇپ كىرگەن كۈندىن باشلاپ، پۇل - مۇئامىلە ساھەلىرىنى، پارچە سېتىش مۇلازىمەت ساھەلىرىنى، ئۈچۇر-ئالاقە ساھەلىرىنى، مەبلەغ سېلىش ۋە باشقۇرۇش ساھەلىرىنى ئېچىۋېتىش كېرەك بولىدۇ. لېكىن جۇڭگو شۇنداق ۋەدە بېرىپ، بەرگەن ۋەدىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالامدۇ. ۋەدىنى تولا بېرىدىغان لېكىن ئەمەلگە ئاشۇرمايدىغان دۆلەتقۇ، -بۇ؟

تارىختىن قارىغاندا جۇڭگو، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن كېيىنكى

خارابىلىق ئىچىدە جان تالىشىپ، بۈگۈنكىدەك تەرەققىيات دەۋرىگە يېتىپ كەلگەن ئىكەن، دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن كېيىنمۇ، دەۋرنىڭ دەسلەپكى داۋالغۇشلىرىدىن خىتايچە دانالىق ۋە خىتايچە مۇستەبىتلىك بىلەن ھاكىمىيەتنى ساقلاپ قېلىپ، ئامان -ئېسەن، توپا يۇقتۇرماي ئېغىر سىناقلاردىن ۋە ئۆتكەللەردىن ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن.

بىراق، خەلقئارا ستىراتېگىيىلىك مۇھىتتىن ئېيتقاندا، جۇڭگو قۇرۇقلۇقى ھازىر ئىككى تەرەپلىك قورشاۋغا دۇچ كەلدى. ئۇنىڭ بىرى، بۇ دۆلەت ھازىر بازار ئىقتىسادىنىڭ قورشاۋىدا قالدى، يەنە بىرى تاشقىرى تەرەپتىن ھەربى ۋە سىياسى دېموكراتىيىنىڭ قورشاۋىدا قالدى.ئاۋالقىسىدىن ئېيتقاندا، جۇڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىش سۆھبىتىگە قاتناشقانلىقى، دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ ھازىرقى مەۋجۇت نىزامنامىلىرىغا، قانۇن- پەرمانلىرىغا مۇرەسسە مادارا قىلىش بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان سۆھبەتكە قاتناشقانلىقى ئىدى. بۇ قانۇن - نىزامنامىلارنى ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەربى يېرىم شار دۆلەتلىرى تۈزگەن. سۆھبەتكە قاتناشقان جۇڭگو، ئاز زىيان تارتىش ئاساسىدا خەلقئارا بازار تەرەققىياتى ماكانىغا ئېرىششىنى، شۇ ئارقىلىق ئۇنۇېرسال دۆلەت كۈچىنى كۈچەيتىشنى ئويلايتى. لېكىن، ناھايىتى ئېنىقكى، ئۇمۇمى يۈزلۈك بازار ئىقتىسادىغا ئۆتۈش - خىتاينىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا ئىنتايىن ئېغىر بېسىم ئېلىپ كېلەتتى. چۈنكى،ئىقتىسادى دېموكراتىيىگە ئېرىشكەندىن كېيىن باي بولغان خىتاي پۇقرالىرى جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ئىقتىسادى قاتلاملىرى بويىچە ئىقتىسادى مەنپەئەتنى قوغدايدىغان سىياسى دېموكراتىيىگە ۋە ئۆزىنىڭ سىياسى ۋەكىللىرىگە مۇھتاج بولاتتى. بۇنداق ئەھۋالدا جۇڭگودا دېموكراتىك ئىسلاھات زۆرۈر بولۇپ قالامدۇ؟ ئىككىنچى تۈرلۈك قورشاۋدىن ئېيتقاندا، جۇڭگو ئەسلىدە تېرورىزىمغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلى ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ، باش كۆتۈرگەن جۇڭگونى قورشاش سىياسىتىنى يۇمشۇتۇشى مۇمكىن دەپ، ئويلىغاندى. بىراق، ئافغانىستان ئۇرۇشى باشلانغاندىن كېيىن ئامېرىكا،

روسيه بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتىنى يىراقلاشتۇردى. ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ،"شاڭخەي 5 دۆلەت گۇرۇھى "دېگەن تەشكىلاتنىڭ مەۋجۇتلۇق قىممىتىنى يوقلا قىلىۋەتتى. ئامېرىكا، ئىتتىپاقدىشى ياپونىيىنى ئاساسى قانۇننىڭ چەكلىمىسىنى بۆسۈپ تاشلاشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، ئامېرىكا، ياپونىيە كوللېكتىپ قوغدىنىش سىستېمىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەلەشتۈرۈشكە يول تۇتتى.ئامېرىكا سېنكاكو ئارىلى مەسىلىسىدە ياپونىيىنى قوللىدى. تېرورىزىمغا قارشى تۇرۇش زۆرۈرىيىتىدىن پاكىستان بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتىنى ئاجىزلاشتۇردى. ئۇنىڭ ئورنىغا ھىندىستان بىلەن ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى ۋە بۇ مۇناسىۋەتتىنى كۈچەيتتى. كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، ئامېرىكا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە سىياسى، ۋە ھەربى جەھەتتە جۇڭگونى قورشاۋغا ئېلىشنى تولۇق ئىشقا ئاشۇردى. شۇڭا بۈگۈن ئىككى تەرەپتىن قورشاشقا دۇچ كەلگەن جۇڭگو، ئوخشاشلا ئىككى خىل تاللاشقا دۇچ كەلگەن جۇڭگودۇر.

**يىللىق خۇلاسە**

2001-يىلى12 -ئاينىڭ30 -كۈنى

بۇ يىل5 -ئاينىڭ22 -كۈنى دالاي لاما ۋاشىنگتۇننى زىيارەت قىلدى ۋە ئاقسارايدا پرېزىدېنت بوشنىڭ قۇبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. ئوقشاش بىر ۋاقىتتا 5-ئاينىڭ13 -كۈنى تەيۋەننىڭ پرېزىدېنتى چېن شۈي بىيەن نىۋ يورك شەھرىدىن ئۆتكەندە، سەنەتورلارنىڭ دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىنىڭ كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتى.سىدىقھاجى روزى5 -ئاينىڭ8 -كۈنى ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە ياردەمچى مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلار كاتىپى مايك فامپىلى ئەپەندىنىڭ، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ قارمىقىدا قۇرۇلغان كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى سۆزىن خانىمنىڭ قۇبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى.5 -ئاينىڭ9 -كۈنى چۈشتىن كېيىن سىدىقھاجى روزى سەنەتور ۋېلستۇن ئەپەندىنىڭ قۇبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى ۋە بىللە سۈرەتكە چۈشتى.5 -ئاينىڭ10 -كۈنى ئۇرۇمچىدە

ختاي ساقچىلىرى" رابىيە قادىر سودا سارىيى" غا ھۇجۇم قىلىپ، ئاچام ھە جەر قادىرنىڭ قولنى سۇندۇرۇۋەتتى.ئوغلىمىز ئالىم ئابدۇرېھىمنى ئۇرۇپ خورلىدى. رابىيە قادىر سودا سارىيىڭ ئىشىك دېرېزىلىرىنى ئۇرۇپ چاقتى.5 -ئاينىڭ15 -كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە، دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى قاتناشقان گۇۋاھلىق بېرىش ۋە گۇۋاھلىق ئېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەندە،سىدىقھاجى روزى ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى توغرىسىدا، ئۆمۈرلۈكى رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ۋە تۇرمە ھاياتى توغرىسىدا گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرىنىڭ تاشقى سىياستى كونا مەسىلە تەيۋەنگە، كونا مەسىلە تىبەتكە قارىتىلغاندىن باشقا، ئەمدى ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرىنىڭ تاشقى سىياستى يېڭى مەسىلە ئۇيغۇرىستان -ئۇيغۇرلارغا يۈزلەندى. تىبەت مەسىلىسى، تەيۋەن مەسىلىسى بىلەن بېرلىكتە ئۇيغۇرىستان مەسىلىسى ئامېرىكىنىڭ تاشقى سىياستىدە ئوخشاش ئورۇنغا كۆتۈرۈلدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى تەيلېر ئەپەندى،12 -ئاينىڭ7 -كۈنى، :" ئامېرىكا، ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنى تېرورىست تەشكىلاتلار دەپ، قارىمايدۇ. ئۇيغۇرلار دۆلەت قۇرۇش ئۇچۇن، مۇستەقىلللىق ئۇچۇن كۆرەش قىلىۋاتقان خەلق" دەپ كۆرسەتتى. قانداق ئوينايدۇ، ھە ئامېرىكىلىقلار سىياسەت دېگەننى، نېمە دېگەن چىرايلىق جۇمىلەر يۇقىرىقى جۇملىلەر ھە؟!

باشتا كۆرسەتكەندەك،2001 -يىلى7-ئاينىڭ16 -كۈنى جۇڭگۇنىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن بىلەن روسىيىنىڭ پىرېزىدېنتى ۋىلادىمىر پۇتىن موسكۋادا" جۇڭگو، روسىيە دوستلۇق، ئىتتىپاقداشلىق " شەرتنامىسى ئىمزالىدى. شەرتنامە ئىمزالاشتىن بۇرۇن ئىككى تەرەپ، شەرتنامە ئىمزالاشنىڭ ئالدىنقى تەييارلىق باسقۇچىدا كونكرېت مەسىلىلەر بويىچە سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە، جۇڭگو تەرەپ :"تەيۋەن،جۇڭگونىڭ بىر قىسمى، تىبەت جۇڭگونىڭ بىر قىسمى" دەيدىغان بىر مۇتېھەمنىڭ مەنتەقىسگە ئاساسلانغان سىياسى تەلەپلەرنى ماددىلاشتۇرۇپ،" جۇڭگو، روسىيە

دوستلۇق، ئىتتىپاقداشلىق " شەرتنامىسىنىڭ مەزمۇنىغا ياكى بىر ماددىسىغا ئايلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلغاندا،روسىيە تەرەپ، :"تەيۋەن جۇڭگونىڭ بىر قىسمى " دېگەن ئىبارىگە قوشۇلۇپ،"تىبەت جۇڭگونىڭ بىر قىسمى " دېگەن ئىبارىنى" جۇڭگو، روسىيە دوستلۇق، ئىتتىپاقداشلىق"، شەرتنامىسىگە بىر ماددا قىلىپ كىرگۈزۈشنى كەسكىن رەت قىلدى.قالتىس ئىشقۇ،-بۇ. روسىيىنىڭ بۇ خىل سىياسى مەيدانى ھازىرقى كۈندە قالتىس سىياسى مەيدان بولۇپ ھېسابلانمامدۇ؟ چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا دېپلوماتىيە ساھەسىدە، بۇنداق سىياسى ھادىسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى كىشىلەرنى ئەجەپلەندۇرۇشكە يېتەرلىك بولمىسىمۇ، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، ئاجىز، مەھكۇم مىللەتلەرنىڭ مەسىلىسى تارىختىن بېرى چوڭ مىللەت، چوڭ دۆلەتلەرنىڭ قولىدا ئوينۇلۇپ كېلىۋاتقان ناھايىتى يىرىك بىر سىياسى مەسىلە بولۇپ كېلىۋاتقانلىقتىن،ئەجەپلىنىشكە ئەرزىمىسىمۇ ئەمما، روسىيە پىرېزىدېنتىنىڭ شەرتنامىغا" تىبەت جۇڭگونىڭ بىر قىسمى " دېگەن مەسىلىنى كىرگۈزمەكچى بولغان جۇڭگو تەرەپنىڭ پىكرىنى رەت قىلغانلىقى كىشىلەرنى ئەجەپلەندۈردى.مۇشۇنداق پەيتتە ئۇيغۇرىستان مەسىلىسىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغانمىدۇ ياكى بۇ تەرەپ بىزگە مەخپىمىدۇ؟

ۋاقىت9 -ئايغا يېتىپ كەلگەندە، تەيۋەنلىك مۇرتەد خىتايلار، تەيۋەننىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىش ھەرىكىتىنى قوزغاپ، خۇشال بولۇشۇپ كەتتى.ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يىل " سانفىرانسىسكو خىتاپنامىسى " ئىمزالانغانلىقىنىڭ 50 يىللىق كۈنى ئىدى. بۇ خىتاپنامىدا قەيت

قىلىنغان،"تەيۋەننىڭ تەۋەلىك ئورنى بېكىتىلمىدى"، دېگەن بىر ماددا، مۇستەقىل تەيۋەن تەرەپتارلىرىنىڭ مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىشىنىڭ ئاساسى بولۇپ كەلگەن.

1950-يىلى كورىيە ئۇرۇشى پارتلىغاندا،ئامېرىكىنىڭ سابىق پىرېزىدېنتى تېرۇممىن، " تەيۋەننىڭ تەۋەلىك ئورنىنى تىنچ ئوكيان ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ، بىخەتەرلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ياپونىيە،

ئامېرىكا تىنچلىق شەرتنامىسى ئىمزالاپ، ئاندىن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئويلۇشۇپ بېكىتىدۇ "دېگەن.ئامېرىكا بىر قانچە قېتىم، چارە ئويلاپ تەيۋەننى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۇمۇمى خەلق بىلەت تاشلاش رەسمىيىتى ئارقىلىق تەيۋەننىڭ مۇستەقىللىق جاكارلىشىغا يول قويۇپ، جۇڭگۇدىن يىراق تۇرۇشنى ئويلاشقانتى.

لېكىن، جۇڭگۇدا كوممۇنىست خىتايلاردىن يېڭىلگەن خىتاينىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ دائىسى جىياڭجېشى جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىنى تەيۋەنگە يۆتكەپ كەلگەنلىكتىن يۇقۇرىقى پىلان ئىشقا ئاشماي قالغان.

نۆۋەتتە ئامېرىكىنىڭ ھاكىمىيەت سىستېمىسىدا سولچىلار ۋە ئوڭچىلار بېرلىكتە جۇڭگۇنى قورشاشنى تەرغىپ قىلىدىغان كۈچلار ئۇلغىيىشقا باشلىدى.گويا، بۇ بۇيۇك بىر سەپەر،20-ئەسرنىڭ 50-يىللاردا باشلانغان روسيە بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى سوغاق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشنىڭ سەپىرىگە ئوقشايدىغان بىر سەپەر،بىزگە تونۇشلۇق بولغان كونا يولغا قايتا چۇشۇپ قالدى. تەيۋەن ئامېرىكا بىلەن جۇڭگۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى دۆلەتنىڭ ئىرادىسىنى ئۆلچەيدىغان سىناق تېشىغا ئايلىنىپ قالدى. ۋەزىيەت بارغانسېرى ئايدىڭلاشتىكى، بارلىق كۈچنى ئاسىياغا يۆتكەپ جۇڭگۇنى قورشاش پىرىنسىپى بوش ئەپەندىنىڭ تاشقى سىياسىتىنىڭ مەركىزى نوختىسىغا قويۇلدى، دېيىشتى خىتاي مىللەتچىلىرى.

### "11 - سىنتەبىر ۋەقەسى "دىن كېيىن.....

2002-يىلى1 -ئاينىڭ11 -كۈنى

ۋەقەدىن كېيىن پۈتۈن يەر شارىنىڭ دىققىتى (خىتايدىن باشقا ) شىمال ۋە جەنۇپ، شەرق ۋە غەرپ دەپ ئايرىماي، بىر ئورتاق دۈشمەنگە - تېرورىست تەشكىلات ئەلقائىدە تەشكىلاتىنىڭ باشلىقى ئوساما بىن لادىنغا مەركەزلەشتى. لېكىن، ئافغانىستان ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىششى،

تالىبانلار ھاكىمىيىتىنىڭ يىمىرىلىشىگە ئەگىشىپ، ئوساما بىن لادىننىڭ تېرىكلىكى ياكى ئۆلگەنلىكى تېخى مەلۇم بولماي تۇرۇپ، تېرورىزىمدىن ئىبارەت بۇ نىشان يەر شارىدا غۇۋالىشىشقا باشلىدى. تېرورىزىمغا قارشى تۇرغۇچى خەلقئارا ئىتتىپاق پارچىلىنىپ، تېرورىزىمغا قارشى تۇرۇش ئۆزگىرىپ، قارشى تۇرۇش دۇنياۋى دۆلەتلەرنىڭ ئۆز ئارا ستىراتېگىيىلىك ئېلىشىش ۋاستىسىغا ئايلاندى. روسىيە بىلەن جۇڭگونى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ " شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى" يىقىندا تۇنجى قېتىملىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى يىغىنى چاقىرىپ، مىللى بۆلگۈنچىلەرگە، ئاتالمىش تېرورىستلار، رادىكالىستلار قاتارلىق ئاتالمىش ئۈچ خىل كۈچلەرگە قىسقىسى ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىگە قارشى تۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەخسەتلىك قاراتمىلىقتا ئىگە ئېلان قىلغان باياناتىدا، :" تېرورىستلارنىڭ كونكرېت مىللەت، دىنى ئالاھىدىلىكى بولمايدۇ، تېرورىستلارغا قارشى ھەرىكەت قىلغاندا، بىر تەپلىمە قوش ئۆلچەم بولماسلىقى كېرەك " دېيىشتى.

بۇنىڭغا قارىتا، ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ باياناتچىسى رىچارد بېرو چېر، ئامېرىكىنىڭ تېرورىزىمغا قارشى تۇرۇشتا قوش ئۆلچەم قويغانلىقىنى ئىنكار قىلغاندىن كېيىن، ناھايىتى ئېنىق قىلىپ:" سىياسى ئامىللار ئۈچۈن گۇناھسىزلارنى ئۆلتۈرۈش بۇمۇ ھەم، تېرورىزىملىق ھەرىكەتتۇر. ئامېرىكا، بۇنداق قىرغىنچىلىققىمۇ ھەم قارشى تۇرىدۇ " دەپ كۆرسەتتى.(شۈبھىسىزكى باياناتچىنىڭ باياناتى ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا كېتىۋاتاتتى)

ئوتتۇرا ئاسىيادا يايلاق مىللەتلىرى، باغۋاران مىللەتلەر قۇرغان دۆلەتلەر، ۋە روسىيە بىلەن ختاي بېرلىشىپ، مىللى بۆلگۈنچىلەرگە (ئۇيغۇرلارغا) ، دىنى رادىكالىستلارغا ( ئۇيغۇرلارغا)، تېرورىستلارغا (ئۇيغۇرلارغا) قارشى تۇرماقچى، زەربە بەرمەكچى، يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ تۈگەتمەكچى بولۇشتى. قىسقىسى بۇ دۆلەتلەر ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇرنىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا چىش -تىرنىقى بىلەن قارشى تۇرۇشتى.

ئامېرىكا مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان كۆچلىرىنى تېرورىست دېمىگەنلىكى ئۈچۈن، خىتاي ھۆكۈمىتى روسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئاغرىنىپ بېرىپ، "قوش ئۆلچەم ئىشلەتتى "دەپ ئامېرىكىغا دارتىملىدى. بۇنىڭغا قارىتا ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ باياناتچىسى رىچارد بېرو چېر ئەپەندى، "سىياسى ئامىللار ئۈچۈن گۇناھسىزلارنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈش، - بۇمۇ ھەم، تېرورىزىملىق ھەرىكەتتۇر. ئامېرىكا بۇنىڭغىمۇ ھەم قارشى تۇرىدۇ،" دەپ كۆرسەتكەندە، بۇ دېگەنلىك ئۇيغۇر تېرورىست ئەمەس، سىياسى ئامىللار ئۈچۈن گۇناھسىز ئۇيغۇرلارنى ئۆلتۈرگەن جۇڭگو، تېرورىست، دۆلەت تېرورىزىمنى يولغا قويغان جۇڭگو، ھەقىقى تېرورىست دېگەنلىكى ئىدى.

باشقا دۆلەتلەر مەسلەن، ھىندىستان ئۈچۈن ئېيتقاندا كەشمىر، پاكىستاندىكى ئىسلامىك تەشكىلاتلارنىڭ ھەممىسى تېرورىست ھېسابلاندى، روسىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا مۇستەقىللىق تەلەپ قىلغۇچى چېچەنلەر تېرورىست ھېسابلاندى، جۇڭگو ئۈچۈن ئېيتقاندا مۇستەقىللىق تەلەپ قىلغۇچى ئۇيغۇرىستان كۆچلىرى تېرورىست ھېسابلاندى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنى شۇنداق دەپ، قارىلىدى.تارىخنى ئۇنتۇپ قالغان جۇڭگولۇقلار ئەمەلىيەتتە نۇمۇسىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان جۇڭگولۇقلار ئەمەسمىدى؟

ئىرقى، مىللى كەمسىتىشتىن ئىبارەت زىددىيەتلەر ھازىرقى دۇنيادا تېرورىزىم قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىشى كېرەكمۇ ياكى سىياسى يول بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىشى كېرەكمۇ؟ بۇنىڭ ئەكسىچە كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى، زوراۋانلار بىچارىلارنى بوزەك قىلىدىغان بولسا، مىللەتلەر ئارا ئۆچمەنلىكنى ئىزگۈ ۋاستىلار ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن ھەتتا، ئادەتتىكى ئۆچمەنلىكنىمۇ بىر تەرەپ قىلغىلى بولمايدۇ. ئۆچمەنلىك تېخىمۇ كۈچىيدۇ. زوراۋانلىق تېخىمۇ ۋەھشىلىشىدۇ.

## "ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى"

2002-يىلى2 -ئاينىڭ16 -كۈنى

بۈگۈن مېنىڭ ھاياتىمدا بۇرۇلۇش خاراكتېرلىك بىر ئىش- ئەڭ ئۇلۇغ بىر ئىش يۈز بەردى. بۇنىڭدىن سەل بۇرۇن "كۆزەتكۈچى "خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ نيۇ يورك شەھرى باش شتابىدا، شۇ تەشكىلاتىنىڭ ئاسىيا بۆلۈمىگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلەيدىغان مىيكى خانىم ماڭا تېلېفون بېرىپ:

-رابىيە قادىرنىڭ تۈرمە ھاياتى توغرىسىدا، خىتاينىڭ تۈرمىسىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشىغا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ياردەم قىلىشى ۋە پىرېزىدېنت بوشنىڭ ياردەم قىلىشى توغرىسىدا بىر پارچە خەت يازغىن دەپ، ھاۋالە قىلدى. بۇ خەتنى" ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى"دە ئېلان قىلىمىز، ئەمما بۇتوغرىدا ھەر قانداق بىر ئۇيغۇرغا سۆزلەپ قويمىغىن، دەپ قوشۇمچە قىلدى مىيكى خانىم. (بۇ خانىم، ئۇيغۇرنى بىلىدىكەن،-دە )!ياﺋاللاھ، مىيكى خانىم ئۇيغۇرلارنى قانداق بىلىۋالغاندۇ، بۇ ئىشقا ئۇيغۇرلار بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ، دەپ ئويلىغانمىدۇ ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى جەزىم قىلغانمىدۇ؟ ھەيران قالدىم.دېمەك،ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەيدىغان كىشىلەرنىڭ مېنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە چېقىپ تۇرىدىغانلىقى مىيكى خانىمنىڭ سۆزىدىن ئاشكارە بولدى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە ۋە مىيكى خانىمنىڭ بەزى ئۇيغۇر تىللىق ئادەملەرنىڭ قانداق ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرغانلىقىمۇ مىيكى خانىمنىڭ سۆزىدىن ئاشكارە بولدى.ئەگەر مېنىڭ پىرېزىدېنت بوشقا ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە قادىرنىڭ تۈرمە ھاياتى توغرىسىدا بىر پارچە خەت يازغانلىقىمنى، بۇ خەتنىڭ" ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى"دە ئېلان قىلىنىدىغانلىقىنى بىر نەپەر ئۇيغۇر بىلىپ قالىدىغان بولسا، دەرھال بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلىقى تۇرغانلا گەپ ئىدى. ماڭا سىپلىشتۇرغاندا يەنىلا مىيكى خانىم سەزگۈر ئىكەن.

خەتنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە :

ھۆرمەتلىك پىرېزىدېنت بوش ئەپەندى دەپ، باشلىدىم يازغان

خىتمنى. مېنىڭ ۋەتىنىم ئۇيغۇرىستان، خىتايلار بۇ ۋەتەننىڭ ئىسمىنى "شىنجاڭ"دەپ ئاتايدۇ. تۈركلەر بۇ ۋەتەننىڭ ئىسمىنى " شەرقى تۈركىستان" دەپ ئاتايدۇ. مېنىڭ ۋە ئايالىم رابىيە قادىرنىڭ - مىللىتىمىز ئۇيغۇر. ئامېرىكىغا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۇيغۇرىستان ئۆلكىسىدىن كەلدىم. ئامېرىكىدا سىياسى پاناھلىق تىلىدىم. ئامېرىكا خەلقىنىڭ سىياسى پاناھلىق بېرىشىگە ئېرىشتىم. رەھمەت ساڭا،ئامېرىكا خەلقى!

خىتاينىڭ مىللى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ۋە مىللەتلەر سىياسىتىگە قارشى 1968-يىلى ئۈرۈمچىدە نامايىش تەشكىللىگەنلىكىم ئۈچۈن، خىتاي ھۆكۈمىتى مېنى تۈرمىگە9 يىل قاماپ قويغان ئىدى. يەنە يېقىندا ئۈرۈمچىدە بىر قانچە پارچە ماقالە يېزىپ، خىتاينىڭ قانۇنلۇق گېزىتلىرىدە ئېلان قىلىپ خىتاي تارىخشۇناسلىرىنى تەنقىد قىلغان ئىدىم. شۇئان ئىسمىم خىتاينىڭ قارا تىزىملىكىگە چۈشۈپ قالدى، مەن بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، قانۇنلۇق پاسپورت بىلەن قېچىپ ئامېرىكىغا كەلدىم. مېنىڭ ئايالىم رابىيە قادىر،سودا -تىجارەتتە غەلبە قىلغان ئايال ئىدى، كوچىلاردا ئوچۇق -ئاشكارە سېتىلىدىغان، ئۇيغۇر تىلىدا نەشىر قىلىنىدىغان" ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى "ۋە" شىنجاڭ گېزىتى "قاتارلىق گېزىتلەرنى ئوقۇپ پايدىلىنىشىم ئۈچۈن ئايالىم رابىيە قادىر، ماڭا پوچتا ئارقىلىق ئۈرۈمچىدىن ئوكلوخوما شىتاتىنىڭ شانى شەھرىدىكى ئۆيۈمگە يوللاپ بەرگەن. خىتاي ھۆكۈمىتى چەتئەلگە ئاخبارات يوللىدى، دېگەن جىنايەتنى ئارتىپ ئايالىم رابىيە قادىرغا8 يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلدى. ئەنسىرەيمەن.... تۈرمە ھاياتىغا سالامەتلىكىنىڭ يار بەرمەيدىغانلىقىدىن ئەنسىرەيمەن. ياردەم قىلىڭ پىرېزىدېنت بوش ئەپەندى، ئايالىم رابىيە قادىرنى خىتاينىڭ تۈرمىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ بېرىڭ پىرېزىدېنت بوش ئەپەندى.

يازغان خىتمىنىڭ ئەسلى ئۇيغۇرچە ئارگىنالىنى يوقىتىپ قويدۇم. بۇ يەردە ئوقۇرمەنلىرىمدىن ئەپۇ سورايمەن. بۇ خەتنى شۇ كۈنى باللىرىم بىلەن ئۇخلىماي بىر كېچە ئولتۇرۇپ ئەنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىپ

ئەتسى مېيكى خانىمغا ئەۋەتىپ بەردىم.

بۇ خەت،2002 -يىلى2 -ئاينىڭ16 -كۈنى "ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى"نىڭ21 -بېتىدە بېسىلىپ چىقتى. گېزىت ساقلاپ قويۇلدى.

سەكرىشىم، جاقىرىشىم، ۋاقىرىشىم كېرەك ئىدى. چۈنكى، پىرېزىدېنت بوشقا يازغان خېتىم" ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى"دە ئېلان قىلىنغان ئىدى.سىدىقھاجى روزىنىڭ ھەربىر قەدىمى مەزمۇت تاشلانغان سىياسى قەدەم بولۇپ قېلىۋاتاتتى. خۇشال بولدۇم، لېكىن، چەكسىز خۇشال بولالمىدىم. چۈنكى، مەن بىلەن بىرلىكتە خۇشال بولىدىغان ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە قادىر، مېنىڭ يېنىمدا ئەمەس ئۇ ھازىر، خىتاينىڭ تۈرمىسىدە ئىدى.

**ئۇيغۇر ئوغلى رەھمەتلىك ئەكبەر مىجىت**

1999-يىلى8 -ئاينىڭ11 -كۈنى

مېنىڭ ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە قادىر، ئۈرۈمچىدە قۇرۇم مېھمانخانىسىنىڭ ئالدىدا، شۇ مېھماخانىغا چۈشكەن ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى بىلەن شۇلارنىڭ تەكلىپى بويىچە كۆرۈشۈشكە كېتىۋاتقاندا، قۇرۇم مېھمانخانىسىنىڭ ئالدىدا خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى. تەرجىمان يوق باللىرىم ئامېرىكىغا كەلگىلى ئەمدىلا بىر يىل بولغان ئىدى. ئەنگلىزچىنى تېخى ئۆگىنىپ بولالمىغان ئىدى. ئۆزۈممۇ تېخىچە ھەجلەپ ئولتۇراتتىم. تەرجىمان يوق ئوك ۋە سول تەرەپكە قاراپ قالدىم. ئەنگلىز تىلى ئۆگىنىپ ھېچ بولمىغاندا قورساق باققۇدەك سەۋىيىدە بولسىمۇ ئەنگلىز تىلىدىن تىل چىقراي دېگەن نىيەتلىرىممۇ، پىلانلىرىممۇ بىراقلا يوققا چىقتى. مېنىڭ خېنىم رابىيە قادىر تۈرمىگە كىرىپ كەتتى. مەن خاتىرجەم ئەنگلىزچە ئۆگىنەي دەيدىغان مۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ. زېھنىم چېچىلدى. ھەر كۈنى تېلېفون ئارقىلىق باللىرىم بىلەن ئالاقە قىلىپ تۇرىمەن. ئۈرۈمچىدىكى باللىرىم ھەر كۈنى ئانىسى رابىيە قادىر توغرۇلۇق ماڭا خەۋەر يوللايدۇ. مەن بۇ خەۋەرنى دەل مۇشۇنداق پەيتتە ئۆزىنى ئاشكارىلاپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، قورقما ئاكا !يېنىڭدا مەن بار دېگەن،

لوندۇندا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئۆكىمىز ئەكبەر مىجىتقا يوللايمەن. ئۆكىمىز ئەكبەر مىجىت تەرجىمە قىلىپ ئايالى سالى خانىم بىلەن بىرلىكتە رەسمى خەۋەرگە ئايلاندۇرۇپ، ئىككى خەلقئارا لىق تەشكىلات" خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى،" كۆزەتكۈچى" خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى، ئىككى خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىقا يوللايدۇ. بەزىدە تەنقىدكە ئۇچرايمەن. بىر پارچە خەۋەرنى ئىككى ئورۇنغا يوللامسەن دېيىشىدۇ، تەنقىد قىلىدۇ. بۇنداق چاغدا سالى خانىم ئوتتۇرىغا چىقىپ : قانداق قىلىدۇ، بىچارە يېشى50 تىن ئاشقاندا ئايالى تۈرمىگە كىرىپ قېلىپ، ئايالىدىن ئايرىلىپ قالسا، يېنىدىكى باللىرىنىڭ كىچىكى كىچىك، چوڭى چوڭ تۇرسا قانداق قىلىدۇ دەيدۇ، مېنى ئاقلايدۇ.

ئۆكىمىز ئەكبەر مىجىت، ئۈرۈمچىدە سەنئەت مەكتىپىدە ئوقۇغان كەسپى رەسساملىق.ئۇنىڭ ئايالى سالى خانىم لوندۇندىن كېلىپ، ئۈرۈمۇ سەنئەت مەكتىپىدە ئوقۇغان ئىككىسى مۇشۇ مەكتەپتە مۇھەببەتلىشىپ، ئەشۇ مەكتەپتە توي قىلغان.

ئۆكىمىز ئەكبەر مىجىت جاھان كۆرگەن، ئىش كۆرگەن، ئەخلاقلىق مۇھىت كۆرگەن قەشقەر يېڭى شەھەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بىر يىگىت ئىدى. ئۈرۈمچىدە سەنئەت مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا1994 - 1995- يىللىرى تاكى مەن 1996-يىلى ئامېرىكىغا يېنىپ چىققاندىن كېيىنمۇ، رابىيە قادىر سودا -سارىيىنىڭ6 - قەۋىتىدە رابىيە قادىر ھەقسىز ئاچقان مەكتەپ، ئەنگىلىز تىلى، ئەرەپ تىلى، ياپۇن تىللىرىدىن دەرس ئۆتىدىغان مەكتەپتە ئۇيغۇر ياشلىرىغا ئەنگىلىز تىلىدىن دەرس بېرەتتى.

ئەكبەر مىجىت توي قىلىپ ئەنگىلىيىلىك ئايالى بىلەن ئەنگىلىيىگە چىقىپ كېتىدىغان1998 -يىلى خوشلۇشۇش ئۈچۈن رابىيە قادىرنىڭ ئىشخانىسىغا كەلگەندە، -بالام ئەكبەر، سەن بىلسەن سىدىق ئامېرىكىدا يالغۇز قالمىسۇن، ھەر قانداق ئىشى بولسا ياردەم قىل دېگەن ئىكەن. رابىيە قادىر قولغا ئېلىنغان كۈنلا ماڭا لوندۇندىن تېلېفون قىلىپ ئەكبەر مىجىت ئۆزىنىڭ لوندۇندا ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىدى. مەن ھەر قانداق

جايدا ئەكبەر مجىتنىڭ ئىسمىنى چىقارماسلىققا ۋەدە قىلدىم. شۇنداق قىلىپ ئەكبەر مجىت ماڭا4 يىل دېگۈدەك ئەنگلىز تىلى بىلەن ياردەم قىلدى. مەن ئالدى -ئارقامغا قاراپ قالغان جىددى پەيتتە ئوتتۇرىغا چىقتى. ماڭا ئەكبەر مجىتنى شۇ چاغدا خۇدا يەتكۈزدى، بەلكى ئەكبەر مجىتنى شۇ چاغدا ئۇيغۇرغا ئاللاھ، يەتكۈزدى. بۇ كىشىنىڭ رولىنى ۋە بۇ كىشىنىڭ قانداق شارائىتتا مەن بىلەن ھەمكارلاشقانلىقىنىڭ ئەھمىيتىنى مەندىن ئۆزگە يەنە بىر كىشى بىلمىسە كېرەك ۋە ھېس قىلالمىسا كېرەك.

2002-يىلى2 -ئاينىڭ10 - كۈنلىرى ئەتراپىدا ئۇكىمىز ئەكبەر مجىت لوندۇندا دوختۇر خانىغا كىرىپ قالدى.2 -ئاينىڭ 17 -كۈنى ئەكبەر مجىت ماڭا دوختۇر خانىدىن تېلېفون قىلدى:

-ئاكا، پىرىېزىدېنت بوشقا يازغان خېتىڭنى" ۋاشىنگتۇن پوچتىسى " گېزىتىدىن ئوقۇدۇم. داغدام يولغا چىقىۋالدىڭ. رابىيە ئاچامنىڭمۇ تۇرمىدىن قۇتۇلۇپ چىقىدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتتى. مەن بولالمىدىم ئاكا، ساڭا ئاخىرغىچە ياردەم قىلالمىدىم.....2-ئاينىڭ19 -كۈنى بۇ قەيسەر يىگىت، ئۇيغۇرنىڭ ئەخلاقلىق ئوغلى ئەكبەر مجىت راك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ يورۇق ئالەم بىلەن خوشلاشتى. ئايالى سالى خانىم ئۇنىڭ ئەكبەر مجىتنىڭ جەسىتىنى قەشقەر- يېڭى شەھەرگە ئېلىپ بېرىپ يەرلىككە قويدى. ئاللاھ، سەندىن رازى بولسۇن ئۇيغۇرنىڭ ئوغلى.

**" ۋاشىنگتۇن پوچتىسى گېزىتى "**

2002-يىلى2 -ئاينىڭ20 -كۈنى

بۇ گېزىت مۇخبىرىنىڭ20 -كۈنى بېيجىڭدىن بەرگەن خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان جۇڭگونىڭ بىر نەپەر ئەمەلدارى، بېيجىڭدە تۇرۇشلۇق چەتئەللىك دېپلوماتلارغا :" كەلگۈسى بىر نەچچە ھەپتە ئىچىدە بىر تۇركۇم ئاتاقلىق سىياسى مەھبۇسلارنى ھۆكۈمەتنىڭ تۇرمىدىن قويۇپ بېرىدىغانلىقىنى ھەمدە پىرىېزىدېنت بوش، بېيجىڭنى زىيارەت قىلىش مەزگىلىدە، ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا

لۇكۇچەك دۆلەتلەرگە ھەربى قورال-ياراق تېخنىكىسىنى ئېكسپورت قىلىشنى توختىتىش توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالاشنى قولغا كەلتۈرىدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر ئېيتىپ بەرگەن.

چەتئەللىك دىپلوماتلار : سىياسى مەھبۇسلارنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىش ياكى ھەربى قورال-ياراق تېخنىكىسىنى ئېكسپورت قىلىشنى چەكلەش كېلىشىمى ئىمزالاش قاتارلىق ۋەدىلەرگە يۈزدە-يۈز پىرسەنت كاپالەت قىلغىلى بولمايدۇ. لېكىن بېيجىڭ - پرېزىدېنت بۇشنىڭ تۇنجى قېتىملىق رەسمى زىيارىتىنى ئوڭۇشلۇق تاماملىشى ئۈچۈن، ئامېرىكىنىڭ تېرورىستلارغا قارشى قوزغىغان ئۇرۇشىنى قوللىغاندىن كېيىنمۇ يەنىلا ئاجىز ھالەتتە تۇرغان جۇڭگو،ئامېرىكا بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىش نىيىتىگە كەلدى، دېيىشتى.

بېيجىڭ،ئامېرىكىنىڭ" فېدېرال تەكشۈرۈش ئىدارىسى"نىڭ بېيجىڭدە ئىشخانە قۇرۇشىغا ئاللىقاچان قوشۇلدى.ئامېرىكا، 10 ملىيون دوللار ئاجرىتىپ، جۇڭگونىڭ قانۇن قۇرۇلۇشىغا، ئىككى دۆلەت بىرلىشىپ ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا، ئېكولوگىيە بويىچە ياردەملىشىش، ئۆز ئارا ھەمكارلىشىش پىلانىغا قوشۇلدى.

ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرى دۇچ كەلگەن سىناق، ئامېرىكىنىڭ ئىران، ئىراق، شىمالى كورىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە بېسىم ئىشلەتكەن پوزىتسىيىسىگە بېيجىڭنىڭ قانداق پوزىتسىيە قوللىنىشى ئىدى.

بۇ خەۋەردە كىشىنى تەئەججۈپكە ۋە ھەيران قېلىشقا قىستايدىغان بىر تەرەپ شۇكى، " فېدېرال تەكشۈرۈش ئىدارىسى "بېيجىڭدە ئىشخانە قۇردى. بۇ نېمە گەپتۇ ئەمدى؟

جۇڭگو ئەمەلدارلىرى يەنە :" بېيجىڭ يېڭى قانۇن لاھىيىسى تۈزۈپ، مەخپى دىنى تەشكىلاتلارنى ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا تىزىملىتىش، بىر تۈركۈم داڭلىق سىياسى مەھبۇسلارنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشنى پىلانلىدى، دەپ كۆرسەتتى.

ئۇلار دەپ يازدى، "ۋاشىنگتون پوشتىسى گېزىتى"، خىتايدا قولغا

ئېلىنغان كاتولىك دىنى مەخپى تەشكىلاتىنىڭ باش روھانىسى شۇ جى مېن، تىبەتنىڭ لاماسى ساڭ بوجى مې،" جۇڭگو دېموكراتلار پارتىيىسى " تەشكىلاتىنىڭ تەشكىلاتچىسى شۈۋېنلى، ئامېرىكىلىق سودىگەر لىيۇ ياپىڭ،"شىنجاڭ "ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئايال سودىگەر رابىيە قادىر قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

**"ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى"**

2002-يىلى2 -ئاينىڭ22 -كۈنى

بۈگۈن تۆت نەپەر قىزىمنى ئوكلوخوما شتاتى شانى شەھرىدىن ۋاشىنگتون شەھرىگە ئۇزۇتۇپ قويدۇم."ئومۇمى كەچۈرۈم "خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى، ۋاشىنگتون شۆبىسى ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ت.كومار ئەپەندى باللىرىمنى چاقىرىپ ئوكلوخوما شتاتىنىڭ شانى شەھرىدىن ۋاشىنگتونغا ئېلىپ كەلدى. باللىرىم ئايروپىلانغا ئولتۇرسا بولاتتى، بىراق بىر كىشى7 يۈز دوللارغا بىلەت ئېلىشى كېرەك بولغانلىقتىن مېنىڭ ئۇنداق پۇلۇم يوق ئىدى. باللىرىم بىر ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ ماشىنىسىنى ئۆزى ھەيدەپ ۋاشىنگتونغا يىتىپ كەلدى. باللىرىم مىللىتى ئۇيغۇرلا ر نىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ئۈچۈن، ئانىسى رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ئۈچۈن ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈشكە ۋاشىنگتونغا يىتىپ كەلدى. مېنى چاقىرىشىمدى، ئانا - بالا مۇناسىۋىتى كىشىلىك ھوقۇق مەسلىسىگە تازا باپ كېلىدىغان مۇناسىۋەت بولسا كېرەك. ئۇنداقلا ئەمەس ئەر -ئايال، بالا -چاقىلار مۇناسىۋىتىمۇ كىشىلىك ھوقۇق ئۈچۈن تازا باپ كېلىدىغان مۇناسىۋەت ھېسابلىناتتى. بىر ئائىلە بىر جەمئىيەتنىڭ بىر ھۈجەيرىسى، بىر ئائىلىدە ھەر قانداق بىر كىشى جەمئىيەتنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىماسلىقى كېرەك. زەربىگە ئۇچرايدىكەن بۇ ئائىلە كىشىلىك ھوقۇق مەسلىسىگە دۇچ كەلگەن ئائىلە ھېسابلىناتتى. بىراق، مەن ئامېرىكىدا رادىئوغا تولا سۆزلەپ، خىتاينىڭ نەزىرىدە خەتەرلىك ئادەم، ئۆلگىچە ئۆزگەرمەيدىغان ئادەم بولۇپ قالدىم.2001-

يىلى1 -ئاينىڭ7 -كۈنى "كۈزەتكۈچى " خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ رەھبىرى مېيكى خانىم، مېنىڭ رادىئوغا سۆزلىمەي جىم تۇرۇشۇمنى شۇ ئارقىلىق ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى ھۆكۈمىتى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان رابىيە قادىر توغرۇلۇق سۆھبەتكە ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ، سۆھبەتكە كاشىلا پەيدا قىلماسلىقىمنى تەلەپ قىلغان ئىدى.

شۇنداق قىلىپ مەن تەلەپ بويىچە رادىئوغا لېكسىيە سۆزلەشتىن توختاپ قالدىم. رادىئوغا لېكسىيە سۆزلىگەن قىلمىشىم كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتلىرى دائىرىسىدىن ئالقىپ چىقىپ كەتتىمۇ، -قانداق، بىلمىدىم. بۇ قېتىم مېنى ۋاشىنگتونغا، دۆلەت مەجلىسگە بېرىپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈشكە چاقىرماي تۆت بالامنى چاقىرىپ ئېلىپ كەتتى. كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ئارتۇقچە سىياسىۋىلىكنى قوبۇل قىلالمايتى. قىزىغى شۇ يەردىكى شۇنداق ئادەملەرنى تەربىيلەپ سىياسەتچىلەر قاتارىغا قوشىدىغانلارمۇ يەنىلا شۇ كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ئىدى. زادىلا نېمە ئىش بولغانلىقىنى چۈشىنەلمەي قالدىم. ئېھتىمال خىتاي ھۆكۈمەت تەرەپ شۇنداق شەرت قويغان بولۇشى مۇمكىن.

"ئۇمۇمى كەچۈرۈم" خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ مېنى قالدۇرۇپ قويۇپ، باللىرىمنى ۋاشىنگتونغا ئېلىپ كېتىشى يەنە بۇنداق بىر رىئاللىقنى -كېيىنكى ئىككى يىل ئىچىدە مېنىڭ بارلىق پائالىيىتىمگە، مەن سۆزلىگەن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دەردىگە، ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ئىگىلەيدىغان ماتېرىيال، سوئال -جاۋابلارغا، ئائىلىم رابىيە قادىر نىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ۋە تۇرمە ھاياتى توغرىسىدا تەييارلايدىغان ماتېرىياللارغا" كۈزەتكۈچى " خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى مەسئۇل بولغان، بىر رېئاللىقنى كۆزدە تۇتۇپ شۇنداق قىلغان بولۇشى مۇمكىن. بىر كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى قولغا ئېلىپ ئىشلىگەن ئىشنى ئىككىنچى بىر كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى قولغا ئېلىپ ئىشلىمەيتى. بىرى ماڭا مەسئۇل بولسا، ئىككىنچى بىر تەشكىلات ماڭا مەسئۇل بولمايتى. بۇنداق قىلىش بەلكى

ئۇمۇمى قائىدە بولۇشى مۇمكىن. لېكىن" خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىمۇ، "كۈزەتكۈچى "خەلقئارا كىشىلىك هوقۇق تەشكىلاتىمۇ يەنىلا ئوخشاشلا ماڭا مەسئۇل بولاتتى. بۇنىڭ تىپىك مىسالى شۇكى، ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە قادىر تۈرمىگە كىرىشتىن بۇرۇن پوشتا ئارقىلىق ماڭا، ئامرىكىغا چىقىرىپ بەرگەن، مەن لوندۇنغا" ئۇمۇمى كەچۈرۈم" خەلقئارا كىشىلىك هوقۇق تەشكىلاتىغا ئەۋەتىپ بەرگەن، "شىنجاڭ گېزىتى"، " ئۈررۈمچى كەچلىك گېزىتى"،" قانۇنچىلىق گېزىتى "قاتارلىق گېزىتلەردىن ئېلىپ تەييارلانغان پاكىتلىق ماتېرىياللار،" خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى تەييارلاپ ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە ئوقۇپ ئۆتتۈلگەن، ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى يۈز بەتلىك ماتېرىيالنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن ئىدى.

كېيىنكى چاغلاردا" خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى باللىرىمغا مەسئۇل بولۇپ ئانىسى رابىيە قادىر توغرىسىدا سوئال سوراپ ئىش بىجىرگەندە،" كۈزەتكۈچى" خەلقئارا كىشىلىك هوقۇق تەشكىلاتى ماڭا مەسئۇل بولدى.قولۇمغا ماتېرىيال چۈشكەن هامان، كۆپىنچە خىتاي تور بەتلىرىدىن ماتېرىيالغا ئىگە بولاتتىم. يۈزلۈمنى داپتەك قىلىپ بۇ ماتېرىياللارنى هەر ئىككى كىشىلىك هوقۇق تەشكىلاتىغا يوللاپ تۇردۇم.

-ئۇنداق قىلما، دېيىشتى. لېكىن، ئەنگلىيىدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئېغىر كۈنلەردە يۈتۈمغا يۈت، قولۇمغا قول بولغان ئۇيغۇر ئوغلى، مىننەتتىن خالى، پىتنە -پاساتتىن خالى، شۆهرەتپەرەستلىك ۋە نام- ئابروي پەرەستلىكتىن ئۆزىنى يىراق تۇتقان، ۋەتەن، مىللەت ئېتىقادىنىڭ هالقىسىغا مەهكەم ئېسىلغان ئۇيغۇر ئوغلى رەهمەتلىك ئەكبەر مىجىت ئەپەندىنىڭ ئەنگلىيىلىك ئايالى سالى خانىم مېنى ئاقلاپ تۇردى:

-قانداق قىلىدۇ، ئايالى رابىيە قادىرنى خىتاينىڭ تۈرمىسىدىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن، ئۇ ئۆزىنى هەر تەرەپكە ئۇرمامدۇ، دەپ،" خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ۋە" كۈزەتكۈچى "خەلقئارا كىشىلىك هوقۇق تەشكىلاتىغا جاۋاب قايتۇراتتى.

- 19ئاينىڭ- 2يىلى- 2002.كەلدى يىتىپ ۋاشىنگتۇنغا باللىرىم

كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسدە ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە قادىر توغرىسىدا گۇۋاھلىق بېرىش، ۋە گۇۋاھلىق ئېلىش يىغىنغا قاتنىشىپ، باللىرىم ئانىسى رابىيە قادىرنىڭ تۈرمە ھاياتى توغرىسىدا گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى.

باللىرىم ئەقىدەم، رائىلە، خان زۆھرە، قەقنۇسلار 2002-يىلى2 -ئاينىڭ20 -كۈنى ب ب س، رادىئو -تېلېۋىزىيە ئىستەنزىسى مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى.2002 -يىلى2 -ئاينىڭ21 -كۈنى،" ئۇمۇمى كەچۈرۈم "خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ۋاشىنگتون شۆبىسىنىڭ باشلىقى ت كومار ئەپەندىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە "ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى" نىڭ مۇخبىرى نورا بوستانى خانىم ( تېگى ئىئوردانىيىلىك )نىڭ تەكلىپگە بىنائەن باللىرىم" ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى "ئىدارىسى مۇخبىرلار ئىشخانىسىغا بېرىپ ئانىسى رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى توغرىسىدا مۇخبىر نورا بوستانى خانىمنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى.

مۇخبىر نورا بوستانى خانىم مېنىڭ باللىرىمنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن،رەتلەنگەن زىيارەت خاتىرىسى 2002-يىلى2 -ئاينىڭ22 -كۈنى ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى"نىڭ 21-بېتى خەلقئارا بېتىدە چوڭ ھەجىملىك ستوندا بېسىلىپ چىقتى. ستوننىڭ باش تىتونىغا تۆت بالامنىڭ سۈرىتى بېرىلدى. ئوڭ تەرەپ ستونىغا ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ پرېزىدېنتى پرېزىدېنت بوشنىڭ، خىتاينىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن بىلەن بېيجىڭدە مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا 21(-كۈنى ) تارتىلغان سۈرىتى بېسىلدى.

مۇخبىر نورا بوستانى خانىم زىيارەت خاتىرىسگە" ئاۋانگارت باشلامچى ئايال سىياسى مەھبۇس بولۇپ قالدى" دەپ ماۋزۇ قويدى. ئوقۇرمەنلىرىم سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭلار !بۇ نېمە ئىش؟ خىتاي كۆزگە ئىلمىگەن مىللەتنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئامېرىكىلىقلار قەدىرلىدى، بۇلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىغا ئامېرىكىلىقلار كۆڭۈل بۆلدى. بۇ زادى نېمە ئىش؟ گېزىت ساقلاپ قويۇلدى.

باشتا مېنىڭ پرېزىدېنت بوش ئەپەندىگە يازغان خېتىم "ۋاشىنگتون

پوچتىسى گېزىتى"دە بېسىلىپ چىققىنى دېگەن ئىدىم. ئەمدى مۇخبىر نورا بوستانى خانىمنىڭ مېنىڭ باللىرىمنى زىيارەت قىلغانلىقى، زىيارەت خاتىرىسىنىڭ" ۋاشىنگتوْن پوچتىسى گېزىتى"دە بېسىلىپ چىققانلىقىنى سۆزلىدىم. دىققەت قىلىڭلار،ئۇيغۇر ۋەتەنداشلىرىم، بۇ خەۋەر،ئامېرىكا خەلقى ئۇيغۇرلارغا ئېچىپ بەرگەن" ئەركىن ئاسىيا رادىئو ئىستەنزىسى"نىڭ ئۇيغۇر تىلى بۆلۈمى ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىگە ئاڭلىتىلىشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئاڭلىتىلمىدى. رادىئونىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمى بۇ خەۋەرنى كۆرمىگەندەك، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىمىغاندەك، تىم-تاس بولىۋالدى. ئېھتىمال خىتاينىڭ مەخپى ئىشلار ئىدارىسى يۇقىرىقى ئىككى پارچە خەۋەرنى ئۇيغۇر تىلى بۆلۈمى ئارقىلىق رادىئودا ئاڭلىتىشقا قوشۇلمىغان بولسا كېرەك. بۇ رادىئودا ئىشلەۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئىككى نەپەر كىشىنى چىقىرىۋەتكەندە باشقىسىنىڭ ھەممىسى خىتاينىڭ ۋاشىنگتوْندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىشلەۋاتقان بولسا، بۇ تەبىئىدۇر.

**دەينېل پىرول**

2002-يىلى2 -ئاينىڭ24 -كۈنى

مۇخبىرلار چەتئەللەردە ئۆزى تەييارلىغان ئاخبارات خەۋەرلىرىنىڭ ئەمەلى بولىشىغا، پاكىتلىق بولىشىغا سادىق بولىدۇ ۋە ئەمەلى پاكىتلىق مەسىلىلەرنى تولۇق ئاشكارىلاشنى مۇقەددەس ۋەزىپە دەپ، بىلىدۇ. ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئۆلىشكە تىرىلىشكە باقمايدۇ. ۋەزىپە ئادا قىلىش يولىدا ئۆلۈپ كەتكەن مۇخبىرلارنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ىراق، تۇتۇپ كېتىش، گۆرەگە ئېلىش ۋە قىيناشتىن كېيىن ئاخىرىدا پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلگەن مۇخبىرلارنىڭ پاجىئەلىرى تارىختا ئاز كۆرۈلگەن بىر ئىش ئىدى.يېقىندا پاجىئەلىك بىر خەۋەر ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن خەلقئارادا مۇخبىرلار، ئاخباراتچىلار ئازاپلىنىپ، ھېسداشلىق قىلىپلا قالماستىن ھەر قايىسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىمۇ، تەبىئى ياۋۇز تۈرەلگەن بۇ

قارا يۈرەك تېرورىستلارنى ئەيىپلىدى. بۇ ۋەقە تېرورىستلار بىلەن ئادالەت ۋە ھەققانىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىككىنچى بىر خىل ئېلىشىشقا ئايلىنىپ قالدى.

38ياشلىق مۇخبىر دەينىېل پىرول،"ۋول كوچىسى گېزىتى"، جەنۇبى ئاسىيا مۇخبىرلار پونكىتىنىڭ مۇدىرى ئىدى.داۋاملىق ھىندىستاننىڭ بومباي شەھرىدە مۇخبىرلىق قىلاتتى.11"-سىنتەبىر ۋەقەسى "يۈز بەرگەندىن كېيىن پاكىستانغا مۇخبىرلىق قىلىشقا ئەۋەتىلگەن. تېرورىست ئوساما بىن لادىن گۇرۇھىنىڭ تېرورىستلىق پائالىيەتلىرىنى خەۋەر قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئالغان. ئۆتكەن يىلى2001 -يىلى12 -ئايدا ئەنگلىيە دۆلەت تەۋەلىكىدىكى بىر نەپەر گۇمانلىق تېرورىست فىرانسىيە ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ مەي ئامى شەھرىگە كەلگەچە پۇتىدىكى ئاياقنىڭ ئىچىدىن پارتلاتقۇچ بومبا بايقىلىپ، ئايروپىلاننى پارتلاتقىچە بولغان ئارىلىقتا ئايروپىلان خىزمەتچىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىندى. بۇ دېلونىڭ كەيندە چوقۇم قارا قول بارلىقىدىن خەۋەر تاپقان دەينىېل پىرول، مەلۇمات بەرمەكچى بولغان كىشى بىلەن پاكىستاننىڭ كاراچى شەھرىدە بىر مېھمانخاندا ئۇچراشماقچى بولۇپ يىتىپ كەلگەندە،1 -ئاينىڭ20 -كۈنى تېرورىستلار تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلىپ، ئىزدېرەكسىز غايىپ بولدى.2 -ئاينىڭ21 -كۈنى ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەھكىمىسى، ئامېرىكىنىڭ پاكىستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى تاپشۇرۇپ ئالغان كاستىنىڭ مەزمۇنىنى ئاشكارىلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن دەينىېل پىرولنىڭ بەختسىزلىككە ئۇچراپ ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرۈلگەنلىكى مەلۇم بولدى. شۇ كۈنلەردە بېيجىڭدە زىيارەتتە بولۇۋاتقان پرېزىدېنت بوش ئەپەندى بۇ ۋەقەدىن چۇچۇپ كەتتى ۋە تېرورىستلارنى قاتتىق سۆز- ئىبارىلار بىلەن ئەيىپلىدى.

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى دەرھال گۇمانلىق جىنايەتچىلەرنى تۇتۇپ ئامېرىكىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدا پاكىستان ھۆكۈمىتىگە تەلەپ قويدى. شۇ كۈنى ۋاشىنگتون، بۇنىڭدىن كېيىن ئەگەر بىر نەپەر

ئامېرىكىلىق چەتئەللەردە تۇتۇپ كېتىلىپ گۆرەگە ئېلىنىدىكەن، ھۆكۈمەتنىڭ ئىنتايىن قاتتىق ۋاستىلارنى قوللىنىدىغانلىقى، ھەتتا ھەربى ھەرىكەت قوللىنىش ئارقىلىق تۇتۇپ كېتىلگەنلەرنى، گۆرەگە ئېلىنغانلارنى قۇتقۇزۇپ چىقىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

دەينېل پىرولنى زادى كىم ئۆلتۈردى؟نېمە سەۋەپتىن ئۆلتۈردى؟ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ تەكشۈرۈشىگە توغرا كېلىدۇ. دەينېل پىرول قاچان، قەيەردە ئۆلتۈرۈلدى، كاستىتا ھەم ئېنىق جاۋاب بېرىلمىدى.لېكىن، "پاكىستاننىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش"، تەشكىلاتى دەپ، ئاتىلىدىغان بىر تەشكىلات، دەينېل پىرول ئەپەندىنى تۇتۇپ كەتكەنلىكىنى ۋە ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئىقرار قىلدى. بۇ تەشكىلات ئاۋۋال دەينېل پىرول ئىسلام دىنغا قارشى يەھۇدى، دەپ كۆرسەتتى. كېيىن، بۇ تەشكىلات دەينېل پىرول ئامېرىكا مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ جاسۇسى، ئىسرائىلىيە ئاخبارات ئورگىنى مۇساد تەشكىلاتىنىڭ جاسۇسى، دېدى.ئەمما، بۇ بەدناملارنى" ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى"، بىردەك ئىنكار قىلدى.

ئامېرىكا ئاخبارات ساھەسىدىكىلەر : پاكىستان ئارمىيىسىنىڭ ئىچىدە، ئاخبارات تارماقلىرىدا تالىبانلار ھاكىمىيىتىنى قوللايدىغان بىر قىسىم كىشىلەر بار. بۇ كىشىلەر پىرېزىدېنت مۇشەرەپ ئامېرىكا پەرەست بولغاندىن كېيىن نارازى بولۇپ بۇ پاجىئەنى پەيدا قىلىش ئارقىلىق پىرېزىدېنت مۇشەرەپنىڭ ئىناۋىتىنى توكمەكچى، ئامېرىكىغا ۋە خەلقئارا ئاخباراتچىلارغا تەھدىت سالماقچى بولدى، دېيىشتى.

دەينېل پىرولنىڭ ئاتا -ئاناسى ئىسرايىللار بولۇپ، خېلى بۇرۇنلا ئامېرىكىغا كۆچۈپ كەلگەن. دادىسى لوس ئانجىلىس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى ئىدى.دەينېل پىرول ئامېرىكىدا تۇغۇلغان. ستانفورت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاخباراتچىلىق كەسپىنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئاخبارات ساھەسىدە خىزمەت ئىشلىگەن.ئۇنىڭ ئايالى7 ئايلىق بالىغا ئېغىر ئاياق ئىكەندۇق. بۇ ئايال دەينېل پىرولنى تۇتۇپ كەتكەنلەرگە قارىتىپ : ئۆزىنىڭ

ھاياتنى ئېرى دەينېل پىرولنىڭ ھاياتىغا تىگىشىدىغانلىقنى جاكارلىدى... لېكىن تېرورىستلار تەرىپىدىن ھېچ قانداق بىر ماقۇل دەيدىغان جاۋاب چىقمىدى.

يۇقىرىقى ۋەقەنى يېزىق شەكلىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇرمەنلىرىم، يۇقىرىقى ۋەقەنى تۆۋەندىكى ۋەقەگە سېلىشتۇرۇپ تەپەككۇر قىلىپ بېقىڭلارچۇ؟ ئىسلامچى تېرورىستلار،2 -ئاينىڭ21 -كۈنى پاكىستاننىڭ كاراچى شەھرىدە مۇخبىر دەينېل پىرولنى ۋەھشىلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ، "يەھۇدىيلار ئىسلام دىنىغا قارشى"،" ئامېرىكا ئىسلامنىڭ دۈشمىنى" ، دېيىشتى.دەل شۇ كۈنى مېنىڭ تۆت بالامنى" ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى "ئىدارىسىدا مۇخبىرلار زىيارەت قىلدى. مېنىڭ ئۆمۈرلۈكۈم رابىيە قادىر باللىرىمنىڭ ئانىسى مۇسۇلمان ئايال ئىدىغۇ؟ رابىيە قادىرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى، خىتاينىڭ تۈرمىسىدە تارتقان دەرت -ئەلەملىرىنى ئامېرىكا خەلقى مەتبۇئات ئارقىلىق خەلقى ئالەمگە ئېلان قىلدى.گېزىت ئەنگىلىز تىلىدا چىقاتتى.گېزىت ئامېرىكا خەلقىنىڭ گېزىتى، يەر شارىنىڭ سىياستىنى تەڭشەپ تۇرىدىغان" ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى"ئىدى. بۇ ئامېرىكا ئىدى.........

شۇنداق ئەمەسمۇ ئوقۇرمەنلىرىم، مېنىڭ باللىرىم ئىسلامىك ئىدى، مېنىڭ ئاياللىم رابىيە قادىر مۇسۇلمان، ئىسلامىك ئىدى. مېنىڭ ئائىلەم مەنسۇپ بولغان ئۇيغۇر مىللىتى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەت ئىدى.

ئەگەر ئامېرىكىلىقلار ئىسلامغا قارشى، ئامېرىكا ئىسلامنىڭ دۈشمىنى دېيىلىدىغان بولسا،ئامېرىكا، ئۆز دۆلىتىنىڭ بىر نەپەر پۇقراسى، ئاخبارات خىزمەتچىسى دەينېل پىرول، ئىسلامچى تېرورىستلارنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلگەن كۈنى، ئامېرىكا يەنە باشقا بىر ئىسلامچى - ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىگە كۆڭۈل بۆلگەن بولارمىدى؟!



ئۇيغۇر باھارى
Uyghur Bahari

*www.uyghurbahari.org*